دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# كەپسىز ئېمىل

ئاسترىد لىندگرېن (شۋېتسىيە)




شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئاسترىد لىندگرېن (شۋېتسىيە)
كەپسىز ئېمىل
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



كەپسىز ئېمىل

ISBN 978-7-228-19173-4
定价：32.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاسترىد لىندگرېن ( شۋېتسىيە )

# كەپسىز ئېمىل

تەرجىمە قىلغۇچىلار: گۈلنار غوجەش، قەلبىنۇر ئابلىز



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

淘气包埃米尔：维吾尔文 / （瑞典）林格伦著；古丽娜尔·胡吉西，卡力比努尔·阿不力孜译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2015.12
ISBN 978-7-228-19173-4

Ⅰ. ①淘… Ⅱ. ①林… ②古… ③卡… Ⅲ. ①儿童文学 — 长篇小说 — 瑞典 — 现代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I532.84

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第014416号

涉外合同登记新权图字 29 — 2015 — 24

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔·依布拉音 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 11.375 |
| 版　　次 | 2016年3月第1版 |
| 印　　次 | 2016年3月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 32.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى تارقىتىشى



# مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم لۆننابىيەلىك ئېمىل ........................ 1

22 ـ ماي، سەيشەنبە ئېمىل بېشىنى شورپا قاچىسىغا تىقىۋالدى ........................ 10

10 ـ ئىيۇن، يەكشەنبە ئېمىل كىچىك ئىدانى دۆلەت بايرىقى قىلىپ خادىغا چىقاردى ........................ 29

8 ـ ئىيۇل، يەكشەنبە ئېمىلنىڭ خېرتفرېد يەكشەنبە بازىرىغا بېرىشى ........................ 52

ئىككىنچى قىسىم لۆننابىيەلىك ئېمىل يەنە بالا تېرىدى ........................ 79

28 ـ ئىيۇل، شەنبە ئېمىل چوشقىنىڭ قېنىنى دادىسىنىڭ بېشىغا تۆكۈۋېتىپ، يۈزىنچى ياغاچ بوۋاينى ئويۇشقا مەجبۇر بولدى ........................ 88

31 ـ ئۆكتەبىر، چارشەنبە ئېمىل ئۇتۇۋالغان ياغاچ ئات بىلەن
دېرىزىدىن بۆسۈپ كىرىپ، پېتىر خانىم ۋە پوتون
ۋىموربىنى قورقۇتۇۋەتتى ........................ 114
26 ـ دېكابىر، دۈشەنبە ئېمىل كارتخولدتا ھەممىنى يەپ
تۈگىتىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى، بۆرىگە قۇرغان قاپقاندا
ئايال باشلىقنى تىرىك تۇتۇۋالدى ........................ 151

ئۈچىنچى قىسىم ئېمىل يەنىلا لۆننابىيەدە ياشىماقتا ................ 197

12 ـ ئىيۇن، شەنبە ئېمىل باكخۇۋا كىمئارتۇق سودىسىدا
ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويدى ........................ 204
13 ـ ئىيۇن، يەكشەنبە ئېمىل لىنانىڭ ئېزىق چىشىنى
تارتىۋېتىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم دادىللىق بىلەن سىناپ
كۆردى، ئىدانىڭ يۈزىنى توق كۆك رەڭدە بوياپ قويدى ... 235
10 ـ ئاۋغۇست، سەيشەنبە ئېمىل پاقىنى قەھۋە سېۋىتىگە
سېلىپ قويۇپ، ئارقىدىن ئېغىزغا ئالغۇسىز بالا
تېرىدى ........................................ 258
ئادەتتىكى كۈنلەردە ئېمىلنىڭ كەپسىزلىكلىرىمۇ ئادەتتىكىچە
بولدى، ئارىدا ياخشىلىقلىرىمۇ بار ........................ 296

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



14 ـ نويابىر، يەكشەنبە  كارتخۇلد قورۇقىدا ئائىلە دىنىي
ئەقىدىسىدىن ئىمتىھان ئېلىنىۋاتقاندا، ئېمىل دادىسىنى
ھاجەتخانىغا سولاپ قويىدى ........................ 309
18 ـ دېكابىر، شەنبە  ئېمىل ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ھەرىكىتى
ئارقىلىق پۈتكۈل لۆننابىيەلىكلەرنىڭ ماختىشىغا
ئېرىشتى، ئۇنىڭ بارلىق كەپسىزلىكلىرىنى كىشىلەر
كەچۈردى ھەم ئۇنتۇدى ........................ 326

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

## لۆننابىيەلىك ئېمىل





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېمىل لۆننابېيەلىك بىر كىچىك ئوغۇل بالا. ئۇ بىر ياۋايى، جاھىل شۇمتەك، سىز دەك گەپ ئاڭلايدىغانلاردىن ئەمەس. غەلىۋە قىلمىسىغۇ خېلى ئومaق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىر جۈپ يۇمىلاق كۆك كۆزى، ئاناردەك قىپقىزىل مەڭزى، سۇس بۇدۇر چاچلىرى كىشىگە گەپ ئاڭلايدىغاندەك تەسىر بېرەتتى، كىشىلەر ئۇنى ھەقىقەتەن ئوماق پەرىشتە ئىكەن، دەپ ئويلايتتى. ئېمىل بەش ياشقا كىرگەندە خېلى كۆچكە تولدى، ئۇ شىۋېتسىيەنىڭ سمالاند ئۆلكىسىگە تەۋە لۆننابېيە كەنتىدىكى كارتخۇلد قورۇقىدا تۇراتتى. ئۇ شۇ يەرنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە سۆزلەيتتى، ئامال يوق، سمالاندتا تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. ئېمىل شەپكىسىنى كىيمەكچى بولسا، سىز دەك: «شەپكەمنى ئېلىپ بەر» دېمەي، بەلكى يەرلىك شېۋىدە: «تەپكەمنى ئېلىپ بەر» دەيدۇ. ئۇنىڭ «تەپكىسى» مودىدىن قالغان، جىيەكى قارا، ئۈستى كۆك شەپكە، بۇ شەپكىنى دادىسى بىر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە ئالغاچ كەلگەنىدى. ئېمىل بۇ شەپكىسىنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرەتتىكى، كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن:

— ئاپا، تەپكەمنى كىيىپ ئۇخلايمەن، — دەيتتى. ئاپىسى ئۇخلىغاندا شەپكە كىيىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۇنى دالان ئۆيدىكى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويماقچى بولسا، ئېمىل شۇ ھامان پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا:

— تەپكەمنى ئەكەل ! — دەپ ۋارقىرايتتى.

ئېمىل ئۇدا ئۈچ ھەپتە شەپكىسىنى كىيىپ ياتتى. ئاپىسى ئامالسىز: «بوپتۇ، كىيسە كىيسۇن» دەپ ئويلاپ كارى بولمىدى. ھالبۇكى، ئەڭ ئەڭ يامان يېرى، ئۇنىڭ قىلغىنى قىلغان، ئەتكىنى ئەتكەندى، بولۇپمۇ ئاپىسىنىڭ گېپىنى پەقەت ئاڭلىمايتتى. بىر قېتىم مىلاد بايرىمىدا ئاپىسى ئۇنىڭغا: «يېسىمۇق يېگىن» دەپ شۇنچە زورلاپمۇ يېگۈزەلمىدى. كۆكتات دېگەن سالامەتلىككە پايدىلىققۇ.

— بالام، ئويلاپ باق، كۆكتات بەدەنگە شۇنداق پايدىلىق تۇرسا، نېمىشقا كۆكتات يېمەيسەن؟ — دەپ سورىدى ئاپىسى ئۇنىڭدىن.

— نەدە ئۇنداق، — دېدى ئېمىل، — مەن دائىم كۆكتات يەيمەنغۇ.





ئۇ مىلاد دەرىخىنىڭ كەينىدە جىمىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ شەمشاد دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى چايناشقا باشلىدى. لېكىن، بىردەمدىلا زېرىكتى، چۈنكى دەرەخ يوپۇرمىقىنىڭ تىكەنلىرى ئېغىزىغا سانجىلىپ كەتكەندى.

ئېمىل مۇشۇنداق جاھىل. ئۇ ئاتا - ئانىسى، كارتخۇلد قورۇقى، ھەتتا پۈتۈن لۆننابىيە كەنتىدىكىلەرنىڭ ھەممىنى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسىكەن، دەيدۇ، ئەمما بۇنداق ئىش نەدە بار.

— ھەي ئىست، — دەيتتى مەھەللىدىكىلەر، — كارتخۇلد قورۇقىدىكى سۆيىنسون ئائىلىسىدىن بىر قۇلاق كەستى چىقىپ قالدى، ئۇ چوڭ بولسىمۇ بىر يارامسىز ئادەم بولغۇدەك.

لۆننابىيەلىكلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن مۇشۇنداق قاراشتا ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئېمىلنىڭ كېيىن قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇنداق گەپنى ھەرگىز ئېغىزىدىن چىقارمىغان بولاتتى! ئۇلار ئېمىلنىڭ چوڭ بولغاندا مەھەللە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن! بەلكىم سىز مەھەللە كومىتېت رەئىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز. جەزم قىلالايمەنكى، رەئىس بولۇش ياخشى ئىش، ئېمىل كەلگۈسىدە شۇ خىزمەتنى قىلىدۇ.

ئەمما، بىزنىڭ ھازىر كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز، ئېمىلنىڭ

شۋېتسىيەنىڭ سمالاند ئۆلكىسىگە تەۋە لۆننابېيە كەنتىدىكى كاتتخۇلت قورۇقىدا تۇرغان چاغلىرىدىكى بالىلىق مەزگىللىرىدىكى ئىشلار. ئېمىل دادىسى ئانتون سۋېنسون، ئاپىسى ئارما سۋېنسون، سىڭلىسى ئىدا بىلەن بىللە ياشايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يەنە ئارفىلد ئىسىملىك بىر يىللىقچى، لىنا ئىسىملىك بىر مالايمۇ بار ئىدى. ئېمىل كىچىك چاغلاردا لۆننابېيە ۋە باشقا نۇرغۇن جايلاردا مالاي ۋە يىللىقچىلار بولاتتى. يىللىقچىلار تېرىقچىلىق، ئات ـ كالا بېقىش، ئوت ـ چۆپ ئورۇش، بەرەڭگە تېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا، مالايلار كالا سېغىش، قاچا يۇيۇش، ئۆي تازىلاش، بالىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىز ھازىر كارتخۇلد قورۇقىدا كىملەر تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىڭىز: دادىسى ئانتون، ئاپىسى ئارما، سىڭلىسى ئىدا، ئارفىلد ۋە لىنا تۇرىدۇ. قورۇقتا يەنە ئىككى ئات، بىرنەچچە بۇقا، سەككىز سېغىن كالا، ئۈچ چوشقا، ئون قوي، ئون بەش مېكىيان، بىر خوراز، بىر مۈشۈك ۋە بىر ئىت بار. ئەلۋەتتە، يەنە ئېمىلمۇ بار.

كارتخۇلد ناھايىتى چىرايلىق قورۇق. سېرىنگۈل ۋە ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن قورشالغان قىزىل رەڭلىك ئۆي دۆڭگە جايلاشقان، ئەتراپىدا تىرىلغۇ يەرلەر، ئوتلاق ۋە كۆل. يەنە كەڭ بىر ئورمانمۇ بار ئىدى. ئەگەر ئېمىل بولمىغان بولسا، كارتخۇلد قورۇقى ناھايىتى تىنچ، جىمجىت بولغان بولاتتى.

— نېمىدېگەن كەپسىز بالا بۇ، — دەيتتى لىنا، — ئۇنىڭ كەپسىزلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەزەلدىن بۇنداق بالىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن.



لېكىن ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا دائىم چاپان ياپاتتى.
— ئېمىل ئۇنچىۋالا كەپسىز ئەمەسقۇ، — دەيتتى ئۇ، — ئۇ



بۇگۈن ئىدانى پەقەت بىرلا قېتىم چىمدىدى، قەھۋەگە قوشىدىغان ئاق ماينىمۇ كىچىككىنە تۆكىۋەتتى، خالاس، شۇنچىلىك ئىشقۇ... ھە، يەنە مۈشۈكنى قوغلىغانلىقتىن، مۈشۈك كاتەكنى ئايلىنىپ جېنىنىڭ بارىچە قاچتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى راست! شۇنداقتىمۇ، مېنىڭچە ئۇ خېلى گەپ ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدى.

ئېمىل ئادەمنى بىزار قىلمايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن بىزار بولدۇم دېيەلمەيتتى. مەيلى ئىدا بولسۇن ياكى مۈشۈك بولسۇن،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى





ئېمىل ئىككىلىسىنى ياخشى كۆرەتتى. ئىدا ھەسەل سۈركەلگەن بولكىسىدىن ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ بەرمىگەنلىكتىن، ئۇ ئىدانى چىمداپ قويغان؛ ئۇ مۈشۈكنىمۇ يامان نىيەتتە قوغلىغىنى يوق، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ مۈشۈك بىلەن تەڭ يۈگۈرەلەيدىغان ـ يۈگۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچىدى، ئەمما مۈشۈك بۇنى چۈشەنمىدى.

7 ـ مارت كۈنى ئېمىل خېلى گەپ ئاڭلىدى، ئۇ ئىدانى پەقەت بىرلا قېتىم چىمداپ قويدى، قەھۋەگە قوشىدىغان ئاق مايدىن كىچىككىنە تۆكۈۋەتتى، مۈشۈكنى قوغلاپ قويدى. ئەمدى سىز ئېمىلنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى قىلغان باشقا ئىشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. لىنا دېگەندەك، يا ئېمىل ئۆزى كەپسىزلىك قىلىدۇ، يا ئۆزى بىۋاسىتە كەپسىزلىك قىلمىسىمۇ، ئىشلار ئاخىر ئۇنىڭغا دۆڭگىلىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ ئىشلار ھەمىشە ئېمىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەمدى بىز شۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ باقايلى.

# 22 ـ ماي، سەيشەنبە

## ئېمىل بېشىنى شورپا قاچىسىغا تىقىۋالدى

بۈگۈن كارتخۇلد قورۇقىدا كەچلىك تاماققا شورپا تەييارلانغانىدى. لىنا شورپىنى بىر گۈللۈك قاچىغا ئۇسقانىدى، كۆپچىلىك شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ شورپا ئىچىۋاتاتتى، بولۇپمۇ ئېمىل ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن ئىچىۋاتاتتى. ئۇ شورپىغا ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ شورپا ئىچكەن ئاۋازىدىنلا بۇنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— ئاۋاز چىقىرىپ ئىچمىسەڭ كۆڭلۈڭ ئۇنىمامدۇ؟ — دېدى ئاپىسى.

— ئاۋاز چىقىرىپ ئىچمىسە قانداقمۇ شورپا ئىچىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولسۇن، — دېدى ئېمىل سىمالاند شېۋىسى بىلەن جاۋاب بېرىپ.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى شورپىنى ئىشتىھا بىلەن ئىچكەچكە، شورپا تۈگەپ قالدى، پەقەت قاچىنىڭ تېگىدە ئازراقلا قېلىپ قالغانىدى. ئېمىل شۇنىمۇ ئىچىۋەتمەكچى بولدى، بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى بېشىنى قاچىغا تىقىپ سۈمۈرۈپ ئىچىش ئىدى. ئېمىل دەل شۇنداق قىلدى. باشقىلار ئۇنىڭ شالاپشىتىپ ئىچىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. شورپىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ بېشىنى قاچىدىن چىقىرىۋېلىشى كېرەك ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





لېكىن بېشىنى چىقىرالمىدى، ئۇنىڭ بېشى قاچىغا كەپلىشىپ قالغانىدى. ئېمىل قاتتىق قورقتى. ئۇ شىرەنىڭ يېنىدىن سەكرەپ قوپۇپ كەتتى، بېشىغا كەپلىشىپ قالغان قاچا ئۇنى خۇددى پولات قالپاق كىيىۋالغان جەڭچىدەك كۆرسىتىپ قويغانىدى. قاچىنى پەسكە تارتقاندا ئۇنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرى قاچىغا قاپلىشىپ قالدى. ئۇ قاچىنى كۈچەپ تارتقىنىچە ۋارقىرايتتى. لىنامۇ ئەنسىرەپ كەتتى.

— بىزنىڭ بىر ئوبدان شورپا قاچىمىز ئىدى، — دېدى ئۇ، — ئەمدى شورپىنى نېمىگە ئالىمىز؟

لىنا ئانچە ئىش ئۇققۇچ كەتمەيتتى، ئۇ پەقەت ئېمىلنىڭ بېشى قاچىغا كەپلىشىپ قالغاندىكىن، ئەمدى شورپا ئۇسىدىغانغا قاچا يوقلۇقىنى ئويلىغانىدى. ئەمما، ئاپىسى ئېمىلنى ئويلاپ يۈرىكى سەدپارە بولدى.

— ۋاي ئىست، بالىنىڭ بېشىنى قانداقمۇ چىقىرىۋالارمىز؟

ئوت چۇخچىلىغۇچ بىلەن قاچىنى چاقايلى !

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى دادىسى، — بۇ قاچا تۆت كروناغا يارايدىغان تۇرسا.

— مەن سىناپ باقاي — دېدى ئارفىلد. ئۇ قاۋۇل، ئىشچان يىللىقچى ئىدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن قاچىنى چىڭ تۇتۇپ ئۈستىگە كۆچەپ تارتتى. دەپ بېقىڭە، قانداق بولغاندۇ؟ ئېمىل قاچا بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ بېشى شۇنداق چىڭ كەپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئېسىلىپ قېلىپ، پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، يەرگە چۈشمەكچى بولۇپ تىپىرلىدى.

— بولدى... مېنى قويۇۋەت... بولدى... — دەپ ۋارقىرىدى ئېمىل. ئارفىلد ئامالسىز بولدى قىلدى.

كۆپچىلىكنى غەم باستى. ئۇلار ئاشخانىدا ئېمىلنى چۆرىدەپ تۇرۇپ، ياخشىراق ئامال - چارە ئىزدىدى. ئېمىلنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئىدا، ئارفىلد ۋە لىنالار چارىسىز قالدى، ھېچكىم قاچىنى ئېمىلنىڭ بېشىدىن چىقىرالايدىغان بىرەر ياخشى ئامال تاپالمىدى.



— قاراڭلا، ئېمىل يىغلاۋاتىدۇ، — دېدى ئىدا شورپا قاچىسىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان بىرنەچچە تامچە ياشنى كۆرسىتىپ، ئۇ ئېمىلنىڭ مەڭزىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.

— ئۇ مېنىڭ يېشىم ئەمەس، — دېدى ئېمىل، — ئۇ دېگەن شورپا.

ئۇ يەنىلا ئادەتتىكىدەك ئاغزى قاتتىقلىق قىلدى - يۇ، ئەمما بېشىغا قاچا كەپلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالغانلىقىدىن جىله بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ بۇ قاچىنى بىشىمدىن مەڭگۈ ئالغىلى بولمىسا قانداق قىلارمەن، دەپ ئويلىدى ! بىچارە ئېمىل، «تەپكىسىنى» كىيگۈسى كەلسە ئەمدى قانداقمۇ قىلار؟

ئاپىسىنىڭ ئېمىلغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى. ئۇ يەنە ئوت چۆخچىلىغۇچنى ئېلىپ قاچىنى چاقماقچى بولدى.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ ! — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى، — ئۇ قاچا تۆت كروناغا يارايدۇ جۇمۇ. بىز ئەڭ ياخشىسى مارىئاننالوند دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقايلى. ئۇ بۇ قاچىنى ئېلىۋېتەلىشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ بولغاندا ئۈچ كرونا ئالار، شۇنداق بولغاندا بىز بىر كرونا تېجەپ قالالايمىز.

ئېمىلنىڭ ئاپىسىمۇ بۇنى خوپ كۆردى. چۈنكى، بىر كرونا پايدا ئالغىلى بولىدىغان ئىش كۈندە ئۇچراپ تۇرمايدۇ - دە. ئېمىلنى دوختۇرغا ئېلىپ بارغاندا، تېجىلىپ قالغان پۇلغا ئۆيدە قېلىپ قالغان ئىداغا بىرنەرسە ئالغاچ كەلسە ياخشى ئەمەسمۇ.

كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەر ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئېمىلنى



يۇيۇندۇرۇپ، ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، چىرايلىق ياساندۇرۇش كېرەك ئىدى. ئامال يوق، ئۇنىڭ چېچىنى تارىغىلى، قۇلاقلىرىنى يۇغىلى بولمايتتى. ئەمما، ئاپىسى بىر ئامال قىلىپ، بىر تال بىگىز بارمىقىنى كىرگۈزۈپ، ئېمىلنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىدىكى كىرنى تازىلىۋەتمەكچى بولدى. ئاقىۋەتتە، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئۇنىڭ بارمىقىمۇ قىسىلىپ قالدى.

— ئاپلا، يامان بولدى! — دېدى ئىدا. ئېمىلنىڭ دادىسى ئانتون ئادەتتە مىجەزى بەك ئېسىل ئادەم بولسىمۇ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى.

— يەنە قاچىغا قىسىلىپ قالغۇدەك نەرسە بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بولسا ئەكېلىڭلار، ئوت - چۆپ توشۇيدىغان ھارۋا بىلەن كارتخۇلدتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى مارىئانالۇندتىكى دوختۇرنىڭ يېنىغا ئاپىراي.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى شۇنداق چۆچۈپ كەتتىكى، بارمىقى قاچىدىن چىقىپ كەتتى.

— ئېمىل، قۇلىقىڭنى تازىلىمايلا قويايلى، — دېگەچ قىسىلىپ قالغان بارمىقىنى پۇۋلىدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

— بۇ بېشىمغا قاچا كەپلىشىپ قالغىنىنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى بولدى - دە، — دېدى ئېمىل بۇ چاغدا رازى بولغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ ۋاقىتتا ئارفىلد ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ پەشتاقنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى، ئېمىل ھارۋىغا يامىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا چاقماق يوللۇق مۇراسىم كىيىمى، پۇتىدا قارا بەتىنكە، بىشىدا شورپا قاچىسى، بېشىدىكى شورپا قاچىسى بىر ئاز غەلىتە بولسىمۇ، ئەمما قاچا ناھايىتى چىرايلىق ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





گۆللۈك بولغاچقا، يېڭىدىن مودا بولۇۋاتقان كەڭ كوزىرىكلىك قالپاقا ئوخشاپ قالغانىدى. بىرلا يېتەرسىزلىكى، قاچىنىڭ چۆرىسى كەڭ بولغاچقا ئېمىلنىڭ كۆزىنى توسۇۋالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مارىئاننالوندقا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدى.

— بىز يوق چاغدا ئىداغا ئوبدان قاراڭلار، — دەپ ئۇنلۇك تاپىلىدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى. ئېمىلنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى هارۋىنىڭ ئالدىدا، بېشىغا قاچا كىيىلىپ قالغان ئېمىل كەينىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ «تەپكىسى» يېنىدىكى ئورۇنغا قويۇپ قويۇلغانىدى. ئۇ دوختۇرنىڭ يېنىدىن قايتقاندا بېشىغا بىرنەرسە

كىيمىسە بولمايدۇ ـ دە. توۋا، ئۇ نېمىدېگەن ئەتراپلىق ئويلىغان ـ ھە !

— كەچتە نېمە تاماق قىلىمەن؟ — سورىدى لىنا ھارۋا ماڭاي دېگەندە.

— نېمە بولسا مەيلى، ھازىر بۇنى ئويلايدىغانغا رايىم يوق، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

— ئۇنداقتا، يەنىلا شورپا قىلاي، — دېدى لىنا. ئۇ گېپى تۈگىشىگىلا، بىر گۈللۈك نەرسىنىڭ دوقمۇشتىن قايرىلىپ غايىب بولغانلىقىنى كۆردى، شۇ ئان ھېلىقى شورپا قاچىسى ئېسىگە كەلدى. ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئارقىلىد بىلەن ئىداغا قاراپ:

— شورپا ئىچەلمەيدىغان بولدۇق، قارا بولكا بىلەن گۆش يېمەي ئامال يوق، — دېدى.

ئېمىل مارىئانالوندقا كۆپ قېتىم بارغان. ئۇ تۆت چاقلىق ئات ھارۋىسىدا ئېگىز ئولتۇرۇپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان چىغىر يوللارنى، خەقلەرنىڭ قورۇقلىرىنى، قورۇقلاردىكى باللارنى، رېشاتكىلارنىڭ تېشىدا قاۋاپ تۇرغان ئىتلارنى، ئوتلاقتا ئوتلاۋاتقان ئات ـ كاللارنى تاماشا قىلىپ مېڭىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەمما، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم، شورپا قاچىسى ئۇنىڭ كۆزىنى توسۇۋالغاچقا، ئۇ پەقەت قاچىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى يوچۇقتىن ئۆزىنىڭ ئايىغىنىلا كۆرەلەيتتى. شۇڭا ئۇ توختىماي دادىسىدىن:

— ھازىر نەگە كەلدۇق؟ پىرەنىك يايمىسىدىن ئۆتتۇقمۇ؟ چوشقا فېرمىسىغا كېلەي دەپ قالدۇقمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

يول بويىدىكى قورۇقلارنىڭ ھەممىسىگە ئېمىل ئۆزى ئىسىم

قويۇۋالغانىدى. ئاۋۇ قورۇقنى پىرەنىك يايمىسى دېيىشىدىكى سەۋەب، ئېمىل بىر قېتىم ئۇ يەردىن ئۆتكەندە ئىككى بودەك بالا رېشاتكىلىق ئىشىك ئالدىدا پىرەنىك يەۋاتقانىكەن؛ چوشقا فېرمىسى دېگەن ئىسىمنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر چوشقا كۈچۈكىنىڭ نامى بويىچە قويۇۋالغانىدى، ئېمىل بەزىدە ئۇنىڭ قېچىشقان يەرلىرىنى قاشلاپ قوياتتى.

بىراق، هازىر ئېمىلنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم، چۈنكى ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنىلا كۆرەلەيتتى، پىرەنىك، چوشقا كۈچۈكى دېگەنلەرنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ يولدا توختىماي:

— نەگە كەلدۇق؟ مارىئاننالىندقا كېلەي دېدۇقمۇ؟ — دەپ سوراۋەردى.

ئېمىل بىشىغا شورپا قاچىسىنى كىيىپ دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىنى كۈتۈش ئۆيىگە كىرگىنىدە، ئۇ يەر ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى. ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىقى



قوزغالدى، ئۇلار بىر كىلىشمەسلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەندى. بىراق، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بىر قىرى خۇددى ئېمىلنىڭ بېشىنىڭ شورپا قاچىسىغا كەپلىشىپ قېلىشى بىر قىزىقارلىق ئىشتەك توختىماي كۈلۈشەردى.

— ها ـ ها ـ ها ... شاكىچىك، قۇلىقىڭ توڭلاپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى بوۋاي.

— توڭلىمىدى، — دېدى ئېمىل.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا، نېمىشقا ئۇ نەرسىنى بېشىڭغا كىيىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— كىيمىسەم قۇلىقىم توڭلاپ قالىدىكەن، — دېدى ئېمىل. ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما گەپلىرى كىشىلەرگە قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى.

ئارقىدىن ئېمىل دوختۇرنىڭ يېنىغا كىردى، دوختۇر ئۇنى زاڭلىق قىلمىدى. ئۇ پەقەت:

— ياخشىمۇسەن ! ياخشىمۇسەن؟ ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى.

ئېمىل دوختۇرنى كۆرەلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ دوختۇرغا سالام قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. دەل شۇ چاغدا «تاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئېمىلنىڭ بېشىدىكى شورپا قاچىسى گوتتۇرىدىن يېرىلىپ كەتتى. ئەسلىدە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېمىل دوختۇرغا تەزىم قىلغاندا بېشىدىكى قاچا دوختۇرنىڭ ئۈستىلىگە قاتتىق تېگىپ كەتكەنىدى.

— ئىسىت، تۆت كرونا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى پەس ئاۋازدا ئۇنىڭ ئاپىسىغا.

— توغرا، — دېدى دوختۇر بۇنى ئاڭلاپ، — لېكىن سىلەر يەنە بىر كرونا تېجەپ قالدىڭلار، ئوغلۇڭلارنىڭ بېشىدىن قاچىنى ئېلىۋېتىشكە بەش كرونا ئالاتتىم. ئۇ ئىشنى ئۆزى پۈتكۈزدى.

بۇ چاغدا ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇنىڭ قاچىنى ئۆزى چېقىۋېتىپ بىر كرونا تېجەپ بەرگىنىدىن خۇش بولدى. ئۇ سۇنغان قاچىنى ئېلىپ، ئېمىل بىلەن ئېمىلنىڭ ئاپىسىنى باشلاپ



دوختۇرخانىدىن دەرھال يېنىپ چىقتى. ئەمما، ئۇلار كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئېمىلنىڭ ئاپىسى:

— بەك ياخشى بولدى، بىز بىر كرونا تېجەپ قالدۇق! بۇنىڭغا نېمە ئالساق بولار؟ — دېدى.

— بۇ يەردە سېتىۋالغۇدەك نەرسە يوق ئىكەن، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى، — ساقلاپ قويايلى. ئەمما، ئېمىل ئۆزىنىڭ پۇل ساقلايدىغان ساندۇقىغا بەش ئېرل سېلىپ قويۇشى كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندا ئادىل بولىدۇ.

ئۇ ھەمىنىدىن بەش ئېرل ئېلىپ ئېمىلغا بەردى. ئېمىلنىڭ بۇنىڭدىن قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى!

ئۇلار لۇننابىيەدىكى ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقتى. ئېمىل ھارۋىنىڭ كەينىدە ئولتۇردى، ئۇ ئىنتايىن خۇشال ئىدى، قولىدا ھېلىقى بەش ئېرللىق تەڭگە، بېشىدا «تەپكە»، يول بويى باللارنى، ئىت، ئات، كالا ۋە قويلارنى تاماشا قىلىپ ماڭدى. ئەگەر ئېمىل ئادەتتىكى باللاردىن بولغان بولسا، بۈگۈن ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى، ئەمما ئېمىل ئادەتتىكى باللاردىن ئەمەس ئىدى، دەپ بېقىڭە، ئۇ يەنە نېمە ئىش قىلدى؟ ئۇ ھېلىقى بەش ئېرللىق تەڭگىنى ئاغزىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇلار چوشقا قىرمىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا «غۇرت»قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئېمىل تەڭگىنى يۇتۇۋالغانىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ۋوي، ئەجەب تېزلا چۈشۈپ كەتتىغۇ! — دېدى ئېمىل.

بۇنى ئاڭلاپ ئاپىسىنىڭ بېشىغا يەنە غەم چۈشتى.

— ئەستا، ئەمدى بۇ تەڭگىنى بالىنىڭ قورسىقىدىن قانداق چىقىرىۋالىمىز؟ دوختۇرنىڭ يېنىغا يەنە بىر بارساق بولىدىغان بولدى، — دېدى ئاپىسى.

— ھەي، سەن ھېساب - كىتابقا نېمىدېگەن ئۇستا، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى، — بەش ئېرلنى دەپ دوختۇرغا يەنە بەش كرونا تۆلەمدۇق؟ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ماتېماتىكا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ باققانمۇ؟

ئېمىل بۇ ئىشقا ناھايىتى سالماق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— مەن قورسىقىمنى پۇل ساقلاش ساندۇقى قىلسام تامامەن بولىدۇ، — دېدى ئۇ قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بەش ئېرل ئۆيدىكى پۇل ساقلاش قاچىسىدا تۇرسىمۇ، قورسىقىمدا تۇرسىمۇ ئوخشاشقۇ. ھېچكىم پۇلنى ئۇ يەردىن ئېلىۋالالمايدۇ. قىڭراق بىلەن سىناپ باققانىدىم، شۇڭا بىلىمەن.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئۇنىمىدى، ئۇ ئېمىلنى دوختۇرنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇردى.



— ئالدىنقى قېتىم ئۇ ئىشتىنىنىڭ ھەممە توگمىلىرىنى يۇتۇۋەتكەندە مەن ھېچنېمە دېمىگەنىدىم، — دېدى ئۇ ئېمىلنىڭ دادىسىغا، — لېكىن تەڭگە ئاسان ھەزىم بولمايدۇ، بىرەر ئىش چىقىپ قالارمۇ، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم!



بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېمىلنىڭ دادىسى قورقتى، ئۇ دەرھال ھارۋىنىڭ بېشىنى بۇراپ مارىئانالوندقا قاراپ ماڭدى، ئۇمۇ ئوغلىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ئۇلار دوختۇرنىڭ يېنىغا ئالدىراپ - تېنەپ كىرىپ باردى، جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن يۈرىكى ئېغىزىغا قاپلىشىپ قالغانىدى.

— بىرەر نەرسەڭلارنى ئۇنتۇپ قاپسىلەرمۇ؟ — سورىدى دوختۇر.

— ياق، ياق، ئوغلىمىز بەش ئېرللىق تەڭگىدىن بىرنى يۇتۇۋاپتۇ، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى، — تۆت كرونا ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك پۇل كەتسىمۇ مەيلى... ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكەن بولسىڭىز، ئۇ بەش ئېرللىق تەڭگىنى ئېلىپ قالسىڭىزمۇ مەيلى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئېمىل دادىسىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا:

— تولا خۇشامەت قىلما، ئۇ دېگەن مېنىڭ پۇلۇم، — دېدى.

دوختۇرغا ئېمىلنىڭ بەش ئېرل پۇلى كېرەك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ ئېمىلنى ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ تەڭگىنىڭ ئېمىلنىڭ تەرىتى بىلەن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئەمما، سەن بەش پارچە تورت يېيىشىڭ كېرەك، — دېدى دوختۇر، — شۇنداق قىلساڭ، ئۇ تەڭگە ئاشقازىنىڭنى ئاغرىتمايدۇ.

ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل دوختۇر ئىدى، بۇ قېتىممۇ ھەق ئالمىدى. ئېمىلنىڭ دادىسى ئېمىل ۋە ئۇنىڭ ئاپىسىنى باشلاپ دوختۇرخانىدىن چىققاندا دوختۇردىن تولىمۇ رازى بولدى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى دەرھاللا «سۋېنسون خېنىم ئائىلە تورتخانىسى» غا بېرىپ، ئېمىلغا دوختۇرنىڭ دېگىنى بويىچە بەش پارچە تورت ئېلىپ بەرمەكچى بولدى.

— ھاجىتى يوق، ئۆيدە تورت بارغۇ، — دېدى دادىسى.

ئېمىل ئويلىنىپ قالدى. ئېمىلنىڭ ئۇنداق - مۇنداق ھىيلە - نەيرەڭلىرىمۇ تولا ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقانىدى. شۇڭا ئۇ:

— قورسىقىمدىكى بەش ئېرل پۇلۇمنى ئېلىشقا قولۇم يەتكەن بولسا، ئۇ پۇلغا تورت ئېلىپ يەيتتىم، — دېدى.

ئۇ يەنە بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى:

— دادا، ماڭا بىرنەچچە كۈنلۈك بەش ئېرل ئۆتنە بېرىپ تۇرالامسىز؟ سىزگە چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن.

دادىسى قوشۇلدى، ئۇلار «سۋېنسون خېنىم ئائىلە



تورتخانىسى» غا كىلىپ، ئېمىلغا بەش پارچە تورت ئېلىپ بەردى، يۇپيۇمىلاق، سايسېرىق، ئۈستىگە شېكەر چېچىلغان تورتلار ئاجايىپ تەملىك ئىدى. ئېمىل ئاچ قالغان بۆرىدەك ھەممىسىنى يەۋەتتى.

— بۇ ئۆمرۈمدە يېگەن ئەڭ ياخشى دورا بولدى، — دېدى ئۇ.

ئېمىلنىڭ دادىسى سەل پۇلپەرەس ئادەم ئىدى، بۇ ۋاقىتتا

ئۇنىڭ بېشى سەل گاراڭ بولۇپ قالدىمۇ، قانداق، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى.

— بۈگۈن بىز خېلى پايدا تاپتۇق، — دېدى ئۇ ۋە ئۆيدە قالغان ئىداغا بەش ئېرلىلىق چوكىلىق كەمپۈت ئېلىۋالدى.

ئەمدى سىز دىققەت قىلىڭ: بۇ ئىش يۈز بەرگەن زامانلاردا باللار چىشىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى بىلەن كارى بولمايتتى، ئۇلار بىلمىسىز، نادان ئىدى. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە لۈننابېيەدىكى باللار كەمپۈتنى ناھايىتى ئاز يەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ چىشلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى.

كارتخۇلد ئائىلىسىدىكىلەر ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئېمىلنىڭ دادىسى ئۆيگە كىرىپلا پەلتوسى بىلەن شلەپىسىنى سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، شورپا قاچىسىنى يەملەشكە تۇتۇش قىلدى. قاچا ئوتتۇرىدىنلا ئىككى بولۇپ كەتكەچكە ئۇنى يەملەشكە ئۇنچە يۇقىرى تېخنىكا كەتمەيتتى. بۇ لىنانىڭ كۆڭلىگە تازا ياقتى. ئۇ ئاتنى ھارۋىدىن چىقىرىۋاتقان ئارفىلدقا قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا:



— بىز يەنە شورپا ئىچەلەيدىغان بولدۇق، — دېدى.

لىنا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى! بىراق، ئۇ ئېمىلنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك.

شۇ كۈنى كەچتە ئېمىل ئىدا بىلەن خېلى



ئۇزاق ئويىندى. ئۇ ئوتلاقتىكى يوغان قورام تاشنىڭ ئارىسىغا ئىداغا ئۆي ياساپ بەردى. بۇنىڭدىن ئىدا بەك خۇش بولدى. ئېمىل ھەر قېتىم چوكىكەمپۇت يېگۈسى كەلگەندە سىڭلىسىنى بوشقىنا چىمداپ قوياتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، ئېمىل بىلەن ئىدانىڭ ئۇيقۇسى كەلدى. ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ ئاپىسىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ باقماقچى بولدى. ئاشخانىدا ئۈستەل ئۈستىدىكى ھېلىقى قاداق قاچىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ قاچا قاداق سالغاندىن كېيىن ئۈستەلدە قويۇپ قويۇلغانىدى. ئېمىل بىلەن ئىدا پۇتۇن بىر كۈن سىرتنى ساياھەت قىلىپ كەلگەن قاچىغا بىردەم قاراپ تۇردى.



— نېمىدېگەن ياخشى، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇنچە يىراق مارىئاننالوندقا بارالاپتۇ، — دېدى - دە، ئاكىسىدىن سورىدى، — سەن قانداق قىلىپ شورپا قاچىسىنى بېشىڭغا كىيىۋالدىڭ؟

— بۇ تەس ئىش ئەمەس، — دېدى ئېمىل، — مۇشۇنداقلا قىلغاندىم...

دەل مۇشۇ پەيتتە ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئاشخانىغا كىرىپ قالدى. ئۇ كىرىپلا ئېمىلنىڭ بېشىنىڭ يەنە قاچىغا كەپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئېمىل بېشىدىكى قاچىنى ئېلىشقا جېنىنىڭ بارىچە ھەپىلىشىۋاتاتتى. ئىدا چىرقىراۋاتاتتى، ئېمىلمۇ چىرقىراۋاتاتتى. چۈنكى، ھازىر ئۇنىڭ بېشى يەنە كۇندۇزدىكىدەكلا قاچىغا چىڭ كەپلىشىپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئىككىلەنمەيلا ئوت چۇخچىلىغۇچنى ئېلىپ قاچىغا كۈچەپ بىرنى ئۇردى، «جاراڭ» قىلغان ئاۋاز لۆننابېيەلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاڭلاندى. قاچا سۇنۇپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى، سۇنۇق پارچىلىرى ئېمىلنىڭ ئۈستىبېشىغا خۇددى يامغۇردەك چۈشتى.



ئېغىلدا ئىشلەۋاتقان ئېمىلنىڭ دادىسى «جاراڭ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال يۈگۈرۈپ كەلدى.

ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ بىردە ئېمىلغا، بىردە يەردە چېچىلىپ ياتقان قاچا پارچىلىرىغا قارىدى، ئاندىن ئېمىلنىڭ ئاپىسىنىڭ قولىدىكى ئوت

چوخچىلىغوچنى كۆرۈپ، گەپ قىلمايلا ئېغىل تەرەپكە كەتتى. ئەمما، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ ئېمىلدىن بەش ئېرلىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئاز - تولا بولسىمۇ تەسەللى تاپتى.

بولدى، سىز ئەمدى ئېمىلنىڭ قانداق بالا ئىكەنلىكىنى ئومۇمەن بىلىپ قالدىڭىز. مانا بۇ 22 - ماي، سەيشەنبە كۈنى يۈز بەرگەن شورپا قاچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئېھتىمال، سىزنىڭ يەنە باشقا ھېكايىلەرنىمۇ ئاڭلىغۇڭىز باردۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 10 - ئىيۇن، يەكشەنبە

# ئېمىل كىچىك ئىدانى دۆلەت بايرىقى قىلىپ خادىغا چىقاردى

10 - ئىيۇن، يەكشەنبە، كارتخۇلد قورۇقىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈلمەكچى بولدى. زىياپەتكە لۈننابېيە ۋە باشقا جايلاردىن نۇرغۇن مېھمانلار كېلەتتى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى زىياپەتكە تەييارلىق قىلىۋاتقىلى بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالدى.

— بۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن پۇل كېتىدىغان بولدى، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى، — بىراق زىياپەت بەرگەندىن كېيىن پۇل خەجلەيدىغان گەپ، بېخىللىق قىلغىلى بولمايدۇ - دە! شۇنداقتىمۇ قىيمىلىق كۈمىلاچنى كىچىكرەك قىلساق بولىدۇ.

— ناھايىتى مۇۋاپىق قىلدىم، چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، يۇپپيۇمىلاق، قىزارتىپ پىشۇردۇم، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

ئۇ قىيمىلىق كۈمىلاچنى ھەقىقەتەن ئۆزى دېگەندەك قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە قوۋۇرغا كاۋىپى، كالا گۆشى قورۇمىسى، سېلد بېلىقى، چىلىغان سېلد بېلىقى، ئالما شىرنىلىك گۆشنان، بېلىق شورپىسى، كۆكتات قورۇمىسى، باقالى ۋە ناھايىتى چوڭ ئىككى قايماقلىق ھورنان، مەززىلىك قېزا تەييارلىدى. مەززىلىك تائاملارنىڭ لەززىتىدىن ھوزۇرلىنىش

ئۇچۇن، يول جاپاسىغا قارىماي، ۋىموربى بىلەن خېرتفرېددىن نۇرغۇن مېھمانلار كېلىدىغان بولدى. ئېمىلمۇ ئاپىسى قىلغان قېزىغا ئامراق ئىدى.

زىياپەت ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. كۈن ئىللىق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا، قەلەمپۇر ۋە ئالما چېچەكلىرى پورەكلەپ ئېچىلغانىدى، قۇشلار كۆكتە زوق - شوق بىلەن سايرىماقتا ئىدى. دۆڭگە جايلاشقان كاترتخۇلد قورۇقى خىيالى جەننەتتەك گۈزەل ئىدى، ھويلا - ئارانلار رەتلىك، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە پاكىز تازىلانغان، تاماقلار تەييارلانغان، ھەممە تەييارلىق پۈتكەنىدى. ھە، يەنە بىر ئىش قېلىپ قاپتۇ!

— ئاپلا، دۆلەت بايرىقى چىقىرىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېمىلنىڭ دادىسى ئالدىراپ - تېنەپ بايراق خادىسى تەرەپكە يۈگۈردى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېمىل بىلەن ئىدا يۈگۈردى. ئۇلار دۆلەت بايرىقىنى قانداق چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرمەكچىدى.

— بۇ قېتىمقى زىياپەتنىڭ داغدۇغىلىق ۋە كۆڭۈللۈك بولۇشىغا ئىشىنىمەن، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى لىناغا، ئاشخانىدا ئىككىسىلا قالغانىدى.

— شۇنداق بولىدۇ، لېكىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئېمىلنى بىر ئۆيگە سولاپ قويساق قانداق بولار؟ — دەپ سورىدى لىنا.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قويۇپ، ھېچنېمە دېمىدى. بۇ چاغدا لىنا بويىنىنى تولغاپ، تۆۋەن ئاۋازدا:

— بولدى، بولدى. دېمىگەن بولاي. قېنى كۆرەرمىز، — دەپ غۇدۇردىدى.

— ئېمىل ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ياخشى بالا، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

ئۇ ئاشخانىنىڭ دېرىزىسىدىن كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان ئوغلىنىڭ سىڭلىسى بىلەن قوغلىشىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بالىلىرى ناھايىتى ئوماق پەرىشتىلەر ئىدى. ئېمىل ئۇچىسىغا بايرامدا كىيىدىغان چاقماق كاستۇم كىيگەنىدى، چاچلىرى بۈدۈر، بېشىغا ھېلىقى شەپكىسىنى كىيىۋالغانىدى؛ ئىدا ئۇچىسىغا يېڭىدىن تىكىلگەن قىزىل رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، يۇمىلاق قورسىقى ئۈستىدىن ئاق رەڭلىك بويىز باغلانغانىدى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى تولىمۇ روھلىنىپ كەتكەنىدى. ئەمما، ئۇ سەل ئەنسىرىگەندەك پەستىكى يولغا قاراپ قويۇپ:

— ئانتون بايراقنى تېزرەك چىقىرىۋەتسە بولاتتى، مېھمانلار كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، — دېدى.



ئەمەلىيەتتە، بايراق چىقىرىش تەس ئىش ئەمەس ئىدى. ئېيتىڭچۇ، ئادەمنىڭ ئاچچىقى كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، ئېمىلنىڭ دادىسى ئەمدىلا بايراقنى چىقىراي دەپ تۇرۇشىغا، ئارقىلىد قوتان تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ،



ساپ سمالاند شېۋىسىدە:

— كالا موزايلىدى! كالا موزايلىدى! — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ ئەلۋەتتە چوڭ ئىش ئىدى. ئەستا، بۇ كالىنىڭ ھەممە ئادەم بايراق چىقىرىش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرگەندە موزايلىغىنىنى قارىمامدىغان!

ئېمىلنىڭ دادىسى قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ قوتانغا ماڭدى. ئېمىل بىلەن كىچىك ئىدا بولسا يەنىلا خادىنىڭ يېنىدا قالدى.

— نېمىدېگەن ئېگىز، — دېدى ئىدا خادىنىڭ ئۇچىدىكى ھال رەڭ شارەكچىگە قاراپ، — ئۇنىڭ ئۈستىدىن چوقۇم يىراقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، ھەتتا مارىئانىالوندىنمۇ كۆرگىلى بولۇشى مۇمكىن.



ئېمىل بىردەم ئويلىنىپ:

— بىز ھازىرلا سىناپ باقساق بولىدۇ، سېنى بايراقنى چىقارغاندەك خادىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇشۇمنى خالامسەن؟ — دېدى.

ئىدا كۈلدى، ھەي، ئېمىل نېمىدېگەن ياخشى، ئۇ ھەمىشە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





قىزىقارلىق ئىشلارنى ئويلاپ تاپالايدۇ.
— ماقۇل، مىنىڭ مارد-ئاننالونىدنى كۆرگۈم بار، — دېدى ئىدا.
— ئۇنداقتا تەييارلان، — دېدى ئېمىل دوستانىلىك بىلەن. ئۇ دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىدىغان ئىلمەككە ئىدانىڭ پويىزىنى چىڭ ئىلىپ، بايراق چىقىرىدىغان تانىنى مەھكەم تۇتتى.
— ئەمىسە باشلىدىم، — دېدى ئېمىل.
— ئايهاي... — ئىدا كۈلۈپ كەتتى.
ئىدا خۇددى بايراقتەك ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ خادىنىڭ ئۇچىغا چىقتى. ئاندىن ئېمىل ئىدانى سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ، دادىسىغا ئوخشاش ئارغامچىنى خادىغا مەھكەم باغلىدى. ئىدا خادىنىڭ چوققىسىدا تەخپۇك، مەزمۇت تۇردى.
— مارئىئاننالونىدنى كۆرەلىدىڭمۇ؟ — ئۇنلۇك سورىدى ئېمىل.
— ياق، پەقەت لۆننابىيەنىلا كۆرەلىدىم.
— هەي، پەقەت لۆننابىيەنىلا ... ئۇنداقتا، چۈشۈپ كېتەمسەن؟
— ياق، هازىر چۈشكۈم يوق، — دېدى ئىدا يۇقىرى ئاۋازدا، — لۆننابىيەنى كۆرسىمۇ قىزىقارلىق بولىدىكەن... ئەمما، ئەستا،

مېھمانلار كەلدى !

مېھمانلار راستلا كېلىشكە باشلىغانىدى. قوتاننىڭ ئالدىدىكى هويلا ئات ۋە پەيتونلار بىلەن لىق تولدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار دەرۋازىدىن ئۆتۈپ زالغا ماڭدى. ئەڭ ئالدىدا ماڭغىنى يوقىرى مەرتىۋىلىك پېتىر خانىم ئىدى، ئۇ ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئارما قىلغان مەززىلىك قېزىنى تېتىپ بېقىش ئۈچۈن، پەيتونغا ئولتۇرۇپ ۋىموربىدىن ئاتايىن كەلگەنىدى. ئۇ ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر، شلەپىسىگە پەيلەر قادالغان، تولغان، چىرايلىق خانىم ئىدى.

پېتىر خانىم ئەتراپقا رازىمەنلىك بىلەن قارىدى. كارتخۇلد قورۇقى ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ئىدى، قورۇق ئىللىق كۈن نۇرىغا چۆمۈلگەن، ئەتىراپىنى ئالما ۋە قەلەمپۇر دەرەخلىرى ئورىغان، ھەقىقەتەن بىر بايرام كەيپىياتىغا تولغانىدى. دۆلەت بايرىقىنىمۇ چىقىرىپ بوپتۇغۇ... ۋوي ! چىقىرىپ بوپتۇ. ئۇ بىراقنى تازا ياخشى كۆرەلمىسىمۇ، يەنىلا ئىلغا قىلالىدى.

دۆلەت بايرىقى ! پېتىر خانىم تۇيۇقسىز ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ۋاي خۇدايىم، كارتخۇلد قورۇقىدىكى سۆيىنسون ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. دەل شۇ چاغدا ئېمىلنىڭ دادىسى قوتان تەرەپتىن كەلدى. پېتىر خانىم ئۈنىڭدىن:



— ھۆرمەتلىك ئانتون، بۇ نېمە ئىش؟ نېمىشقا ئاۋۇ «دانىبروگ» نى چىقىرىپ قويدىڭلار؟ — دەپ

سورىدى.


ئېمىل ئۇ خانىمنىڭ يېنىدا تۇراتتى، ئۇ «دانئېبروگ» نىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ قىزىل ـ ئاق رەڭلەردىن ياسالغان دانىيەنىڭ دۆلەت بايرىقىنىڭ «دانئېبروگ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن. ئەمما، بايراق خادىسىنىڭ ئۇچىدىكى قىزىل ـ ئاق رەڭلىك نەرسىنىڭ «دانئېبروگ» ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

— ها ـ ها ـ ها ... ئۇ ئىدا، — دەپ كۈلدى ئېمىل. ئىدا ئاسماندا ئېسىلىپ تۇراتتى، ئۇمۇ كۈلدى.

— ها ـ ها ـ ها ... بۇ مەن، — دېدى ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا، — مەن پۈتۈن لۆننابىيەنى كۆرەلىدىم.

ئېمىلنىڭ دادىسى كۈلمىدى، ئۇ دەرھال ئىدانى پەسكە چۈشۈردى. بۇ چاغدا ئىدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھېلىقى قېتىم ئېمىل مېنى مۇرابىبا ئىدىشىغا سېلىپ قويغاندىن بۇيان بۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانىدىم، — دېدى.



بىر قېتىم ئېمىل ئۇنىڭ بىلەن ئىندىيانلارنىڭ ئويۇنىنى ئوينىغاندا، ئۇ ئىدانىڭ چىرايى ئىندىيانلارنىڭكىگە ئوخشىسۇن، دەپ، ئۇنى چوڭ بىر مۇرابىبا ئىدىشىغا چىلاپ قويغانىدى.

ئېمىل ھەقىقەتەنمۇ ئىدانىڭ كۆڭلىنى ئېچىشنى ئىستەيتتى، لېكىن ئەكسىـ



چە، ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. بۇ چاغدا دادىسى ئېمىلنى بىلىكىدىن تارتىپ سىلكىشلەپ سۆرەپ ماڭدى.

— مەن دېمىدىمۇ، — دېدى لىنا دادىسى ئېمىلنى ياغاچچىلىق ئۆيىگە سۆرەپ كىرىپ كېتىۋاتقاندا. ياغاچچىلىق ئۆيى ئېمىل ھەر قېتىملىق كەپسىزلىك قىلغاندىن كېيىن تۇرىدىغان يەر ئىدى. ئېمىل يىغلىغاچ ۋارقىرىدى:

— ئۇ ئۆزى ... مارىئانىنالوندىنى ... كۆرگۈم بار دېگەن تۇرسا... — دېدى ئۇ ئېسەدەپ.

ئېمىل دادىسىنى ناھايىتى ئادالەتسىز دەپ ئويلىدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىداغا مارىئانىنالوندنى كۆرسەتسەڭ بولمايدۇ، دېمىگەن تۇرسا. ئۇنىڭ پەقەت لۇنىنابىيەنىلا كۆرەلىدى، ئەجەبا بۇ ئېمىلنىڭ خاتالىقىمۇ !

ئېمىل يىغلاۋەردى، لېكىن دادىسى ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كېتىشىگىلا دەرھال يىغىسىنى توختاتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ياغاچچىلىق ئۆيىمۇ خېلى كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇ يەردە تۆت چاسا، ئۇزۇنچاق ياغاچ پارچىلىرى تولا گەپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياسىغىلى بولاتتى. ئېمىل ھەر قېتىم كەپسىزلىك قىلىپ بۇ ئۆيگە سولانغىنىدا بىردىن ياغاچ بوۋاي ياسايتتى. ئۇ ھازىرغىچە ئەللىك تۆت ياغاچ بوۋاي ياساپ بولغانىدى، قارىغاندا ئۇنىڭ سانى ئۇزۇكسىز ئاۋۇيدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





— مەن ئۇلارنىڭ زېرىكىشلىك زىياپىتىگە خۇشتار ئەمەسقۇ! — دېدى ئېمىل، — دادام دۆلەت بايرىقى چىقارسا ئۆزى چىقىرىۋەرسۇن. مەن بۇگۇن غەزەپلەنگەن، ئەلپازى يامان ياغاچ بوۋايدىن بىرنى ياساي.

ئېمىل ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئۆتمەي چىقىرىۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ياغاچچىلىق ئۆيىدە ئارتۇق تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

— نېمىشقا دائىم كەپسىزلىك قىلىدىغانلىقىڭنى ئوبدان ئويلاپ باققىن، — دەيتتى دادىسى دائىم ئۇنىڭغا، — سېنى بۇنىڭدىن كېيىن كەپسىزلىك قىلمىسىكەن دەيمەن.

ئېمىل بۇ جەھەتتە ناھايىتى سەممىي ئىدى، بىر قېتىم قىلغان كەپسىزلىكىنى قايتا تەكرارلىمايتتى، ھەمىشە يېڭى كەپسىزلىكلەرنى ئويلاپ چىقالايتتى. ئۇ ياغاچ بوۋاي ياساۋېتىپمۇ، ئىدا بىلەن كەپسىزلىك قىلىشنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ ياغاچ بوۋاينى بىردەمدىلا ياساپ بولدى، چۈنكى ئۇ بۇ ئىشقا ئۇستا بولۇپ كەتكەنىدى.

ياغاچ بوۋاينى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئېمىلنىڭ چىقىپ كەتكۈسى كەلدى، ئەمما چوڭلار زىياپەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ساقلا - ساقلا، ھېچكىم كەلمىدى. بۇ ۋاقىتتا ئېمىل قانداق چىقىپ كېتىشنىڭ چارىسىنى ئويلاشقا باشلىدى. «دېرىزىدىن چىقىپ كەتكىلى بولىدۇغۇ! بۇ ئانچە تەس ئەمەس» دەپ ئويلىدى ئېمىل. دېرىزە ناھايىتى ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن تامغا يۆلەپ دۆۋىلەپ قويغان ياغاچ پارچىلىرىغا دەسسەپ دېرىزىگە چىققىلى بولاتتى.

ئېمىل دېرىزىنى ئېچىپ سىرتقا قارىدى، دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى يەرنى ئادەمنى بىزار قىلىدىغان چاققاق قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەكرىسە چاققاق چېقىۋالاتتى. ئېمىل بۇنى بۇرۇن سىناپ باققاچقا، بۇ قېتىم سەكرىمىدى.

— يەنە سەكرەيدىغانغا ساراڭ ئەمەس مەن، چوقۇم باشقا ياخشىراق ئامال تاپالايمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئەگەر سىز كارتخۇلدقا ئوخشاش قورۇقلارغا بېرىپ باققان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولسىڭىز، ئۇ يەرلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىڭىز. رەتسىز سېلىنغان ئۆيلەر تولىمۇ قىزىقارلىق، ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۆكىمۆكىلەك ئوينىغۇسى كېلەتتى. كارتخۇلد قورۇقىدا ئات، كالا، قوي قوتانلىرى، توخۇ كاتىكى، يەنە نۇرغۇن كىچىك ئۆيلەر ۋە چەللىلەر بار ئىدى. قېزا پىشۇرىدىغان ئۆيمۇ مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى، لىنا كىر يۇيىدىغان ئۆيمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر - بىرىگە يېقىن سېلىنغان ئىككى ئېغىز ئۆي بار، بىرى ياغاچچىلىق ئۆيى ھەم ئوتۇنخانا، يەنە بىرى يېمەكلىكلەرنى ساقلايدىغان ئۆي ئىدى.

ئېمىل دائىم ئىدا بىلەن ئاشۇ ئۆيلەردە ئارىسىدا، ئەلۋەتتە، چاققاق يوق يەرلەردە مۆكىمۆكىلەك ئوينايتتى.

بىراق، ھازىر ئېمىل ھېچنېمە ئوينىيالمايتتى. چۈنكى، ياغاچچىلىق ئۆيى بىلەن يېمەكلىك ساقلاش ئۆيى ئوتتۇرىسىدىكى يەردە نۇرغۇن چاققاق بار بولغاچقا، ئۇ ئاشۇ يەرگە سولىنىپ قالغانىدى.

ئېمىل كاللا قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۇدۇلدىكى يېمەكلىك ساقلاش ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئوچۇقلۇقىنى كۆرۈپ، دەرھال بىر چارە ئېسىگە كەلدى.



ئىككى ئۆينىڭ دېرىزىسى ئارىسىغا بىر تال تاختاي قويۇپ ئۆمىلەپ ئۆتۈش تەس ئىش ئەمەسقۇ؟ ئۇ شۇ تاپتا ياغاچچىلىق ئۆيىدىن شۇنداق بىزار بولغان، يەنە كېلىپ قورسىقىمۇ كورۇكىراپ كەتكەنىدى.

ئېمىل ئەزەلدىن كاللىسىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلاتتى، ھەرگىزمۇ يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ تېزلا تاختاينى قويۇپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، چۈنكى ئۇ تاختاي بەك تار، ئېمىل بەك ئېغىر ئىدى.



ــ ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتەلىسەم، بايا ياسىغان ياغاچ بوۋاينى ئىداغا بېرىمەن، ــ دېدى ئۇ ئۆمىلىگەچ. ياغاچ تاختاي غىچىرلاپ، لىڭشىپ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى، ئاستىدىكى چاققاقلارنى كۆرگەندە ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

ــ قۇتقۇزۇڭلار ! ــ ئېمىل شۇنداق دەپ ۋارقىرىشىغا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى. ئاپلا، ئەمدى ئۇ چاقىقالىقلا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى ـ دە. لېكىن، ئەڭ ئاخىرقى بىر دەقىقىدە ئۇ تاختاينى چاققانلىق بىلەن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى ـ دە، يامىشىپ چىقىۋالدى. ئۇ يېمەكلىك ساقلاش ئۆيىگە ئاخىر ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com





— ئاسانلا ئىش ئىكەنغۇ بۇ، — دېدى ئېمىل، — لېكىن ئىداغا ياغاچ بوۋاينى يەنىلا بېرىۋېتەي... بولدىلا، باشقا بىر كۈنى بېرەي... ھە، ئويلاپ باقاي...

ئۇ ھېلىقى تاختاينى كۆچەپ ئىتتىرىپ ياغاچچىلىق ئۆيىگە كىرگۈزۈۋەتتى، چۈنكى ئېمىل رەتلىك ئىش قىلاتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىتتىرىپ باقتى، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى.

— ئويلىغىنىمدەك چىقتى، — دېدى ئېمىل، — لېكىن ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي قېزىغا كىرىدۇ، شۇ چاغدا غىپپىدىلا چىقىپ كېتىمەن.

ئېمىل ئەتراپنى پۇرىدى، يېمەكلىك ساقلاش ئۆيى مەززىلىك پۇرايتتى، چۈنكى ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان تەملىك نەرسىلەر بار ئىدى. ئېمىل تۆت تامغا قارىدى. ھە، بۇ يەردە تەملىك يېمەكلىكلەر ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن، تورۇسقا ئىسلانغان قېزا ئېسىپ قويۇلۇپتۇ، تېخى يۇمىلاق بولكىلارمۇ بار ئىكەن، چۈنكى ئېمىلنىڭ دادىسى قاتتىق بولكىنى شورپىغا چىلاپ يېيىشكە ئامراق ئىدى. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى بولكا ساقلايدىغان ئىشكاپتا ھەر خىل ئۇزۇن بولكىلار بار ئىدى، يېنىدىكى قاتلىنىدىغان ئۈستەلگە خىلمۇخىل سېرىق پىشلاقلار قويۇلغانىدى، كوزىلار يېغى ياسىغان سېرىق مايلار بىلەن تولغانىدى. ئۈستەلنىڭ كەينىدىكى بىر ياغاچ تۇڭدا سۇرلەنگەن گۆش بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى چوڭ ئىشكاپقا ئېمىلنىڭ ئاپىسى بۆلجۈرگەن شەربىتى، چىلىغان تەرخەمەك، زەنجىۋىل سۈيىدە قايناتقان نەشپۈت، بۆلجۈرگەن مۇراببالىرىنى قويۇپتتى، مەززىلىك قېزا ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئىدى.



ئېمىل قېزىغا بەك ئامراق ئىدى.

كارتخۇلد قورۇقىدىكى زىياپەت قىزغىن داۋاملىشىۋاتاتتى. مېھمانلار قەھۋە ئىچىپ، پىرەنىك يەپ بولدى. سەل تۇرۇپ قورسىقى ئاچقاندا رەسمىي غىزا تارتىلىپ، قوۋۇرغا قورۇمىسى، سالات، قېزا ۋە باشقا تائاملار كەلتۈرۈلەتتى.

ئۇلار ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئېمىلنىڭ ئاپىسى تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاپلا، ئېمىلنى ئۇنتۇپ قاپتۇق ئەمەسمۇ! ئۇ ئۇيدە تۇرغىنىغا بەك ئۇزاق بولۇپ كەتتى، بىچارە بالام!

ئېمىلنىڭ دادىسى دەرھال ياغاچچىلىق ئۆيىگە يۈگۈردى، ئىدا ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— ئېمىل، ئەمدى چىقساڭ بولىدۇ، — دېگەچ ئىشىكنى ئاچتى دادىسى. ئېمىلنىڭ ئۇ يەردە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ نەقەدەر ھەيران بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟

— بۇ كەپسىز يەنە دېرىزىدىن قېچىپتۇ - دە، — دېدى ئۇ.

لېكىن، ئۇ دېرىزىدىن پەسكە قارىغاندا، يەردىكى چاققاقلار بىر ئوبدان تۇرغان، قىلچىمۇ دەسسەلگەن ئىز كۆرۈنمەيتتى. بۇنى كۆرۈپ ئېمىلنىڭ دادىسى سەل ئەنسىرىدى.



— بۇ راستلا غەلىتە ئىش بولدىغۇ، بىرمۇ دەسسەلگەن ئىز يوق، — دېدى ئۇ.

ئېمىلنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن ئىدا يىغلاشقا باشلىدى. ئېمىلغا زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ لىنا دائىم ئاڭلىغان ئادەم مۇڭغا چۈمىدىغان خەلق ناخشىسىنى ئېيتاتتى، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: بىر قىزچاقنى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ياغاچ تۇڭغا سولاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ بىر ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كىم بىلىدۇ، ئېمىلمۇ بىر كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتىمۇ تېخى. بۇلارنى ئويلىغان ئىدا ئەتراپقا قارىدى ـ يۇ، كەپتەر ئەمەس، بەلكى بىر سېمىز ئاق مېكىياننىڭ ياغاچچىلىق ئۆيىنىڭ سىرتىدا قۇرت ـ قوڭغۇز تېرىپ يەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى.

ئىدا يىغلىغىنىچە ھېلىقى ئاق مېكىياننى كۆرسىتىپ:

— ئۇ ئېمىل بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

ئېمىلنىڭ دادىسى بۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى، لېكىن ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن ئېمىلنىڭ ئاپىسىدىن:

— ئېمىل ئۇچالامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئاپىسى ئېمىلنىڭ بۇنداق كارامىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى





بىلمەيتتى. بۇ ئىش كارتخۇلد قورۇقىنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. زىياپەتنى ئارقىغا سۈردى، چۈنكى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چىقىپ ئېمىلنى ئىزدەشكە توغرا كەلگەندى.

— ئۇ چوقۇم ياغاچچىلىق ئۆيىدە، سىز تاپالماپسىز، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئېمىلنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

ئەمما، ئېمىل ئۇ يەردە يوق ئىدى، پەقەت رەتلىك تىزىلغان ئەللىك بەش ياغاچ بوۋايلا بار ئىدى.

پېتىر خانىم ئەزەلدىن بۇنچە كۆپ ياغاچ بوۋاينى كۆرۈپ باقمىغاچقا:

— بۇلارنى كىم ياسىغان؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ ئېمىلدىن باشقا يەنە كىم ياسايتتى، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى يىغلامسىراپ، — ئۇ بەكمۇ ئوماق بالا ئىدى.

— ئوھوش، — دېدى لىنا بېشىنى شىلتىپ سىمالاند شىۋىسىدە، — بىز ئەڭ ياخشىسى يېمەكلىك ساقلاش ئۆيىگە بېرىپ قاراپ باقايلى.

— بۇ بولىدىغان گەپ، — كۆپچىلىك گۈررىدە يېمەكلىك



ساقلاش ئۆيى تەرەپكە يۈگۈردى، لېكىن ئېمىل ئۇ يەردىمۇ يوق بولۇپ چىقتى!

ئىدا مىچىلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماي، مېكىيانىنىڭ يېنىغا بېرىپ، پەس ئاۋازدا:

— سۆيۈملۈك ئېمىل، ئۇچۇپ كەتمە! مەن چوقۇم ساڭا يەم بېرىمەن، سەن كارتخۇلدتىلا قالساڭ، چوڭ چېلەكتە يەم ئەكېلىپ بېرىمەن، — دېدى.

مېكىيان ئىدانىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي، قاقاقلىغىنىچە كېتىپ قالدى.

ۋاي، كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەر تازا پاتىپاراق بولدى! ياغاچچىلىق ئۆيى بىلەن دەزمال سېلىش ئۆيىدە ئېمىل يوق ئىدى. ئات، كالا، قوي قوتانلىرىدىمۇ يوق، كاتەك، گۆش ئىسلايدىغان ئۆي، كىر يۇيۇش ئۆيى، ھېچ يەردىن ئېمىلنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۇلار قۇدۇقنىڭ يېنىغا باردى، ئېمىل ئۇ يەردىمۇ يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ھەممە كىشى يىغلىدى. زىياپەتكە قاتناشقان لۈننابىيەلىكىلەر كۇسۇرلىششقا باشلىدى:

— ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئوماق بالا ئىدى. ئېمىلنى ھەرگىزمۇ جېدەلخور دېگىلى بولمايدۇ... مەن ئەزەلدىن ئۇنداق دەپ باقمىغان.

— ئۇ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتىمۇيا، — دېدى لىنا.

كارتخۇلد ئۆستىڭىنىڭ سۈيى شىددەتلىك ئاقاتتى، كىچىك بالا چۈشۈپ كەتسە تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشى ئېنىق



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكتىپ
www.uyghurkitap.com



ئىدى.

— بىلىسىزغۇ، بىز ئېمىلنىڭ ئۇنداق يەرگە بېرىشىغا يول قويمايمىز، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى كەسكىنلىك بىلەن.

لىنا بويىنىنى تولغاپ قويدى.

— دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇ يەرگە چوقۇم بېرىپ بېقىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئۈستەڭگە قاراپ يۈگۈردى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ يەردىمۇ ئېمىلنى تاپالمىدى، ئەمما بايىقىدىنمۇ قاتتىقراق يىغلاشتى. ئەسلىدە ئېمىلنىڭ ئاپىسىنىڭ بۈگۈنكى زىياپەتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگۈسى بار ئىدى.

ئىزدىمىگەن ھېچقانداق يەر قالمىدى.

— ئاھ، تەڭرىم، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

— ئالدى بىلەن ئازراق بىرنەرسە يەۋالايلى، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى. ئۇنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ئىدى، كۆپچىلىك



ئېمىلنى ئىنزدەيمىز دەپ كۆپ جاپا تارتتى، كۆڭلى پاراكەندە بولدى، قورساقلىرى ئاللىقاچان ئاچقاندى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى تاماق تارتىشقا باشلىدى. ئۇ سىلد بىلىقنى يىغلاپ تۇرۇپ شىرەگە قويدى. سالات بىلەن بىللە كالا گۆشى قورۇمىسى، قوۋۇرغا كاۋىپى، پىشلاق، قازان نېنى، يەنە باشقا قورۇمىلارنى چىقاردى. پېتىر خانىم پات ـ پات لەۋلىرىنى يالاپ قوياتتى، چۈنكى قورۇمىلار ئادەمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. داستىخانغا قىيزا چىقمىدى، بۇ ئۇنى سەل ئەجەبلەندۈردى. بۇ چاغدا ئېمىلنىڭ ئاپىسى:

— لىنا، قىيزىنى ئۇنتۇپ قاپتۇق، تېز بېرىپ ئەكەلگىن، — دېدى.

لىنا يۇگۇرگەن پېتى چىقىپ كەتتى، كۆپچىلىك تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

— توغرا، قىيزا بار ئەمەسمۇ؟ ئادەم كۆڭلى يېرىم چاغلاردا قىيزا يېسە، قالتىس تەملىك بولىدۇ، — دېدى پېتىر خانىم.

لىنا قايتىپ كەلدى، قولىدا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

— مەن بىلەن يۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى ئۇ.

ئۇ سەل غەلىتە كۆرۈنەتتى، لېكىن ئۇنىڭ تۇرقى ھەمىشە شۇنداق بولغاچقا، كۆپچىلىك ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى.

— يەنە قانداق ئەخمىقانە ئىشنى ئويلاپ چىقتىڭ؟ — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى قاتتىق ئاۋازدا.

لىنانىڭ چىرايى تېخىمۇ غەلىتە بولۇپ كەتتى، سارائىلاردەك كۈلۈپ قويدى.

— ئاۋۋال ماڭا ئەگىشىپ ماڭمامسىلەر، — دېدى ئۇ.

زىياپەتكە كەلگەن بارلىق مېھمانلار ئۇنىڭ گېپى بويىچە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.
لىنا ئالدىدا يول باشلىدى، باشقىلار ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە ئەگەشتى، يول بويى ئۇنىڭ سارائىلارچە كۆلكىسىنى ئاڭلاپ يېمەكلىك ساقلاش ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. لىنا ئىشىكنى ئاچتى، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئىگىز بوسۇغىدىن ئاتلاپ، چوڭ ئىشكاپنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ ئىشكاپنىڭ ئاغزىنى جالاقىدە ئېچىپ، ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئادەتتە قېزا قويىدىغان يەرنى كۆرسەتتى. ئۇ يەردە قېزا ئەمەس، بەلكى ئېمىل ياتاتتى.
ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇماق ئېمىل بىر دۆۋە قېزا شۆپۈكىنىڭ ئارىسىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى خۇددى ئىشكاپتىن بىر كاللەك ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئېمىل قېزىنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتسىمۇ نېمە بوپتۇ! ئېمىلنىڭ ئىشكاپتىن تېپىلىشى بىرنەچچە كىلو قېزا تېپىلغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئېمىلنىڭ دادىسىمۇ ئوخشاشلا خۇشال بولدى.



— ھا ـ ھا ـ ھا ... ئېمىل بۇ يەردە ياتىدۇغۇ! — دېدى ئىدا، — ئۇ باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالماپتۇ. ئېشقىلىپ، ئۇنىڭدا چوڭ ئۆزگىرىش بولماپتۇ.

ئويلاپ بېقىڭە، قىزا يەپ قورسىقىنى راسا تويدۇرغان بالىنى تېپىۋېلىش ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىشقۇ! كارتخۇلت قورۇقىدىكى كاتتا زىياپەت ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئاياغلاشتى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئېمىلدىن ئېشىپ قالغان كىچىك بىر پارچە قىزىنى پېتىر خانىمنىڭ ئالدىغا قويدى. پېتىر خانىم ئۇنى زوق ـ شوق بىلەن يەۋەتتى. قىزا يېيەلمىگەنلەرمۇ قۇرۇق كەتمىدى، چۈنكى قوۋۇرغا كاۋىپى، كالا گۆشى قورۇمىسى، كۆكتات قورۇمىسى قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بار ئەمەسمۇ. مېھمانلار «ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلسۇن» دېگەندەك، قورۇمىلارنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. ئۇلار ئاخىرىدا بۆلجۈرگەن مۇراببىاسى بىلەن قايماق ئارىلاشتۇرۇلغان پىشلاق يېدى.

— ۋاھ، ئەجەب ئوخشاپتۇ، — دېدى ئېمىل سىمالاند شېۋىسىدە. ئەگەر سىز كارتخۇلت قورۇقىنىڭ پىشلىقىنى يەپ باققان بولسىڭىز، ئېمىلنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن بولاتتىڭىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، كەچكى شەپەق كارتخۇلد، لۇننابىيە ۋە پۇتۇن سىمالاندنى تېخىمۇ گۈزەل ۋە جەلپكار كۆرسەتمەكتە ئىدى. دادىسى دۆلەت بايرىقىنى چۈشۈرگەندە ئېمىل بىلەن ئىدا ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى.

زىياپەت ئاخىرلاشتى. مېھمانلار ئۆيلىرىگە قايتىشتى. پەيتونلار ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقتى. پېتىر خانىمنىڭ تۆت چاقلىق پەيتونى ئەڭ ئاخىرىدا ماڭدى. ئېمىل بىلەن ئىدا ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى يوقىغۇچە تۇردى.

— ئۇنىڭ كىچىك چاشقىنىمغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئېمىل.

— قايسى كىچىك چاشقاننى دەيسەن؟ — دەپ سورىدى ئىدا.

— مەن ئۇنىڭ قول سومكىسىغا سېلىپ قويغان چاشقاننى دەيمەن، — دېدى ئېمىل.

— سەن نېمىدەپ ئۇنداق قىلدىڭ؟ — دېدى ئىدا.

— ھەي، ئۇ چاشقان بەك بىچارە ئىكەن، — دېدى ئېمىل، — بۇ ئۆمرىدە قېزا قويىدىغان ئاشۇ ئىشكاپتىن باشقا ھېچ يەرنى كۆرۈپ باقماپتۇ، ئۇنى ھېچبولمىغاندا ۋىموربىنى كۆرۈۋالسۇن دېدىم.

— پېتىر خانىم ئۇنىڭغا راستىلا ياخشى مۇئامىلە قىلسا بولاتتى، — دېدى ئىدا.

— ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، — دېدى ئېمىل.

مانا بۇ 10 ـ ئىيۇن يۈز بەرگەن ئىشلار. ئېمىل ئىدانى دۆلەت بايرىقىدەك خادىنىڭ ئۇچىغا چىقىرىپ قويدى، ھەممە قېزنى يەپ كەتتى. بەلكىم، سىزنىڭ يەنە ئۇنىڭ باشقا ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغۇڭىز باردۇر؟

## 8 ـ ئىيۇل، يەكشەنبە

# ئېمىلنىڭ خېرتفرېد يەكشەنبە بازىرىغا بېرىشى

ئارفىلد ــ كارتخۇلد قورۇقىنىڭ يىللىقچىسى كىچىك بالىغا، بولۇپمۇ ئېمىلغا تولىمۇ ئامراق ئىدى. ئېمىل كەپىز، ئۆكتەم بولىسىمۇ، ئارفىلد پەقەت كۆڭلىگە ئالمايتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ ئېمىلنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئېمىلغا ياغاچتا بىر مىلتىق ياساپ بەرگەنىدى، ئۇنىڭدىن ئوق چىقمىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، خۇددى راست مىلتىقتەكلا ئىدى. لېكىن، ئېمىل مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ «پاڭ ـ پۇڭ» دەپ ئوق ئاتقان ئاۋازنى دورىسا، كارتخۇلد قورۇقىنىڭ قۇشقاچلىرى قورقىنىدىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇۋۇسىدىن چىقالمايتتى. ئېمىل مىلتىقنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ھەتتا كەچتە ئۇخلىغاندىمۇ قۇچاقلاپ ئۇخلايتتى. ئۇ سمالاند شېۋىسىدە: «مېنىڭ ‹مىرتىقىمنى› ئەكېلىپ بەر» دېگەندە، ئاپىسى ئېنىق ئۇقالماي ئۇنىڭغا شەپكىسىنى ئەكېلىپ بېرەتتى. بۇنداق چاغدا ئېمىلنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «‹تەپكەمنى› ئەمەس، ‹مىرتىقىمنى›» دەپ ۋارقىرايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئاپىسى دەرھال مىلتىقنى ئەكېلىپ بېرەتتى.

ئېمىل مىلتىقنى ياخشى كۆرەتتى، مىلتىقنى ياساپ بەرگەن ئارفىلدنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئارفىلد ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ئۈچۈن خېرتفرېدتىكى چوڭ مەيدانغا بارماقچى بولغاندا، ئېمىلنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا چىدىماي يىغلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بەلكىم سىز ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز، سىزگە دەپ بېرەي، ئۇ چاغدىكى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ھەربىيلىكنى ئۆگىنىشلا ئىدى، خالاس. لۇننابىيە ۋە مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىكى يىللىقچىلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىشى، ھەربىي بولۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى.

— بىراق، ئويلاپ باقىن، ئالدىمىزدا چۆپ ئورۇيدىغان ئىشلار تۇرىدۇ، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە بارمىساڭ زادى بولمامدۇ؟ — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى.

ئۇ ئارفىلدنىڭ كېتىشىنى خالىمايتتى، چۈنكى بۇ مەزگىلدە كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەر بەك ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. ئەمما، بېرىش - بارماسلىقنى ئېمىلنىڭ دادىسى بەلگىلىيەلمەيتتى، ئۇنى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ گېنېراللىرى بەلگىلەيتتى. لۇننابىيەدىكى يىللىقچىلارنىڭ ھەممىسى خېرتفرېد مەيدانغا بېرىپ ئەسكەرلىكنى ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ ئىشتىن كېيىن

ئارفىلد يەنە ئۆيىنى يوقلاپ كەلمەكچىدى. بۇنىڭغىمۇ ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيدۇ. گەرچە ئېمىلنىڭ يىغلىشى زۇرۇر بولمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا يىغلىدى، لىنامۇ يىغلىدى. چۈنكى، ئارفىلدنى ياخشى كۆرىدىغىنى پەقەت ئېمىللا ئەمەس ـ دە.

ئارفىلد يىغلىمىدى.

— خېرتفرېدتا يەكشەنبە بازىرىغا بارغىلى بولىدۇ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك، — دەيتتى ئۇ. ئۇ ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ماڭغاندا، كۆپچىلىك كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۇنىڭغا قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىق ئۈچۈن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ناخشا توۋلىدى:

رېينېدىكى ئېكسيو شەھىرىنىڭ،
پولكا ئۇسسۇلى يېنىك ھەم كۆركەم.
خېرتفرېدمۇ قېلىشماس ئۇندىن،
ئىلەڭگۈچ ئويناپدۇ قىزچاقلار ھەردەم.
گۇكۇك... گۇك، گۇكۇك... گۇك.
گۇكۇك... گۇك، گۇكۇك... گۇك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېيىن ئۇلار ئارفىلدنىڭ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي قالدى، چۈنكى لىنا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىغانىدى. ئارفىلدنى ئېلىپ ماڭغان ئات ھارۋا بىر دوقمۇشتىن قايرىلغاندىن كېيىن كۆزدىن غايىب بولدى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى لىناغا تەسەللى بەردى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، لىنا، 8 ـ ئىيۇلغىچە چىدا، ئۇ كۈنى خېرتفرېدتا بازار بولىدۇ، شۇ چاغدا بېرىپ ئارفىلدنى يوقلاپ كېلىمىز، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

— مېنىڭمۇ بارغۇم بار، — دېدى ئېمىل.

— مەنمۇ بارىمەن، — دەپ قوپتى ئىدا.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى بېشىنى لىڭشىتىپ:

— كىچىك بالىلار ئۇنداق يەرگە بارسا زېرىكىپ قالىدۇ، ئادەم توپى ئارىسىدا قىسىلىپ يوقاپ كېتىشتىن باشقا ئىش يوق، — دېدى.

— مەن شۇنداق بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئېمىل، لېكىن شۇنچە دېسىمۇ ئاپىسى ئۇنىمىدى.

8 ـ ئىيۇل سەھەردە ئېمىلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، لىنا ھارۋىغا





ئولتۇرۇپ خېرتفرېدقا ماڭدى، ئېمىل بىلەن ئىدانى بولسا كلۇشا مايا‌غا تاپشۇردى. كلۇشا مايا ياشانغان بىر موماي، ئۇ بەزىدە كارتخۇلد قورۇقىغا ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكىلى كېلەتتى.

ئىدا قۇلىقى يۇمشاق، گەپ ئاڭلايتتى. ئۇ كلۇشا مايانىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، ئۇ سۆزلەپ بەرگەن بىرنەچچە قورقۇنچلۇق جىننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ قانائەتلەندى.

ئېمىل بولسا مىلتىقىنى ئېلىپ ئات ئېغىلى بار دۆڭگە چىقتى، ئاچچىقى كەلگىنىدىن پارتلاپ كېتەيلا دەپ قالدى.

— بۇنىڭغا ئۇنىمايمەن، — دېدى ئۇ، — مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش خېرتفرېد بازىرىغا بارىمەن، بۇنىڭ مەسلىھەت قىلىدىغان يېرى يوق، چۈشەندىڭمۇ، جۇران؟

جۇران — ئېغىلنىڭ كەينىدىكى ئوتلاقتا ئوتلاۋاتقان بىر بايتال ئىدى. كارتخۇلد قورۇقىنىڭ ماركوس ئىسىملىك بىر ياش ئېتىمۇ بار ئىدى، بىراق ھازىر ماركوس ئېمىلنىڭ ئاتا - ئانىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





بىلەن لىنانى خىرتفرىدقا ئېلىپ كەتتى. خەپ، ئۇلارلا سىرتقا چىقىپ تاماشا قىلامدىكەن؟

— ئەمما، جوران، ھازىر ئىككىمىز ئوچقاندەك يۈرۈپ ئۇلارغا يېتىشىۋالايمىز، — دېدى ئېمىل.

مۇشۇنداق بېكىتىلدى. ئېمىل ئاتقا يوگەن سېلىپ، ئوتلاقتىن ئۇنى ئېلىپ چىقتى.

— ئەنسىرەيدىغان ھېچ ئىش يوق، مەن بارسام ئارفىلد خوش بولىدۇ، ئەگەر بازار ئايلىنىشقا مادارىڭ يەتمىسە، ئۆزۈڭدەك بىر قېرى بايتالنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرساڭ بولىدۇ، — دېدى ئېمىل جورانغا.

ئۇ ئاتنى دەرۋازىنىڭ يېنىغا يېتىلەپ باردى، چۈنكى ئۇ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چىقمىسا ئاتقا مىنەلمەيتتى. بۇ شۇمتەك نېمىدىگەن ئەقىللىك - ھە!

— ئەمدى ماڭايلى. گوكوك... گوك، گوكوك... گوك، كىلۇشا مايا بىلەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خوشلىشايلى، — دېدى ئېمىل.

جوران ئېمىلنى ئېلىپ تاغ باغرىنى بويلاپ دەل - دۈگۈنۈپ يۈرۈپ كەتتى. ئېمىل بولسا ئات ئۈستىدە مىلتىقنى تۇتۇپ مەردانىلەرچە ئولتۇراتتى. ئۇ مىلتىقنى خىرتفرىد -



قا ئېلىپ بارماقچىدى، چۈنكى ئارفىلد ئۇ يەردە ئەسكەرلىكنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، ئېمىلنىڭمۇ ئەسكەر بولغۇسى بار ئىدى. ئارفىلد-نىڭ راست مىلتىقى بولسا، ئېمىلنىڭ مىلتىقىمۇ ئۇنىڭكىدىن قىلىشمايتتى، ئىككىلىسى ئوخشاش ئەسكەرغۇ، شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدى ئېمىل.

جۇران قېرىپ قالغانىدى، تېز ماڭالمايتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئېمىل سمالاند شېۋىسىدە ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بەردى:

ئېتىمنىڭ مېڭىشى سوك ـ سوك،
تىترەيدۇ پۇتلىرى دىر ـ دىر،
ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟
«مىرتىقىم» بىلەن مېنى كۆتۈرسىلا،
سوكۇلدىسىمۇ ھېچقىسى يوق،
داغدام يولدا ئالغا باسسىلا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



جۇران مەيلى ئاقساپ ماڭسۇن، مەيلى سوكۇلداپ ماڭسۇن ۋە ياكى مۇدۇرۇپ كەتسۇن، ئىشقىلىپ ئاخىر ئېمىلنى خېرتفرېد مەيدانىغا ئېلىپ يەتكۈزۈپ باردى.

— نېمىدېگەن ياخشى، بىز ئەمدى بازار ئويناپدىغان بولدۇق، — دەپ توۋلىدى ئېمىل.

ئېمىل بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا تۇرۇپ قالدى، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى، ئەلۋەتتە، ئەمما خېرتفرېد مەيدانىغا بىراقلا بۇنداق كۆپ ئادەمنىڭ يىغىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق كۆپ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. مەيداننىڭ ئەتراپىدا نەچچە مىڭ ئادەم، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەشىق مەيدانىدا ئەسكەرلەر مىلتىقنى مۈرىسىگە قويۇپ، ئوڭ، سولغا بۇرىلىش مەشقى قىلىۋاتاتتى. قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىغان بىر سېمىز بوۋاي ئات ئۈستىدە ئەسكەرلەرگە كەسكىنلىك بىلەن ھەر خىل بۇيرۇقلارنى بېرەتتى، ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، نېمە دېسە شۇنى قىلاتتى. ئېمىل بۇنىڭدىن تولىمۇ ھەيران قالدى.


— نېمىدەپ ئۇلار ئارفىلدنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ؟ — دەپ سورىدى ئېمىل يېنىدا تۇرغان بىرنەچچە ئوغۇل بالىدىن، لېكىن ئۇلار ئەسكەرلەرگە قاراش بىلەنلا بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

ئېمىل ئەسكەرلەرنىڭ مەشقىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرسىمۇ، بىردەمدىلا زېرىكتى. ئۇ ئارفىلدنى تاپماقچى بولدى، چۈنكى ئۇ بۇ يەرگە ئارفىلد بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن، لېكىن ھەممە ئەسكەرلەر ئوخشاشلا كۆك رەڭلىك فورما كىيگەچكە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئارفىلدنى تېپىش تەس ئىدى.

— ھە توغرا، ئارفىلد مېنى ئىزدىسۇن، ئۇ چاغدا ھېلىقى بەتبەشىرە قېرى باشقىلارنى قانداق مەشىق قىلدۇرسا قىلدۇرىۋەرمەمدۇ، — دېدى ئۇ جۇرانغا.

ئېمىل ئارفىلد مېنى كۆرسۇن دەپ، ئېتىنى مىنىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— ئارفىلد، سەن نەدە؟ تېز بۇياققا چىق، بىز بىللە بازارغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى، مېنى كۆرمىدىڭمۇ؟



ئارفىلد ئەلۋەتتە كۆردى. ئېمىل بېشىدا «تەپكە»، قولىدا «مىرتىق»، قېرى بايتالغا مىنىپ تۇراتتى. لېكىن، ئارفىلد سەپنىڭ ئالدىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، چۈنكى ئۇ توختىماي بۇيرۇق بېرىۋاتقان ھېلىقى يالماۋۇز دوغىلاق بوۋايدىن قورقاتتى.

بۇ چاغدا يالماۋۇز دوغىلاق بوۋاي ئېمىلنىڭ يېنىغا كېلىپ، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:





— نېمە ئىش ئىدى، بالام؟ ئاتا ـ ئاناڭدىن ئايرىلىپ قالدىڭمۇ؟

ئېمىل بۇنداق ئەخمىقانە گەپنى ئاڭلىمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى.

— ياق، مەن ئايرىلىپ قالمىدىم، — دېدى ئۇ، — مانا بۇ يەردە تۇرمامدىمەن! ئەگەر ئايرىلىپ قالغان دېيىلسە، ئۇلار مەندىن ئايرىلىپ قالدى.

ئۇنىڭ دېگىنى تامامەن توغرا. ئاپىسى ئۇنىڭغا كىچىك باللار خىرتفرېدتا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ تېپىشالماي قېلىشى مۇمكىن، دېگەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئاپىسى، دادىسى بىلەن لىنا مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى تېپىشالماي يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ بۇ ئادەملەر توپىدىن قىستىلىپ چىقىشى تەس ئىدى.

ئۇلار ئېمىلنى كۆردى، راست كۆردى! ئۇنىڭ بېشىدا



«تەپكە»، قولىدا «مىرتىق»، قېرى بايتالغا مىنىپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئېمىلنىڭ دادىسى:

— ئېمىلنىڭ كەپسىزلىكلىرى يىغىلىپ ياغاچ بوۋايدىن يەنە بىرنى ياسايدىغان يەرگە كېلىپ قالدى، — دېدى.

— توغرا دەيسىز، ئەمما بىز ئۇنى قانداق تۇتىمىز؟ — دېدى ئاپىسى.

راست، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئىش. ئەگەر سىز خېرتفرېد يەكشەنبە بازىرىغا بېرىپ باققان بولسىڭىز، ئۇ يەرنىڭ نەقەدەر قايناق بازار ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتىڭىز. ئەسكەرلەرنىڭ مەشقى تۈگىشى بىلەن تەڭ، مەيدان ئادەم بىلەن تولۇپ، پۇت ئېلىپ ماڭغۇدەك يەر قالمايتتى. ئېمىلنى تېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆزىڭىزنىمۇ تاپالماي قالغىلى تاس قالىسىز. ئېمىلنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن باشقا، ئارفىلدىمۇ ئېمىلنى تاپماقچىدى. ئۇ ھازىر مەشقتىن چۈشۈپ بىكار بولدى، شۇڭا ئېمىل بىلەن ئايلانغۇسى بار ئىدى. ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئادەم ئىزدەۋاتقاچقا، خېرتفرېد مەيدانىدا بىرەر ئادەمنى ئىزدەپ تاپماق ئاسانغا توختىمايتتى. ئارفىلد ئېمىلنى، لىنا ئارفىلدنى، ئېمىلنىڭ دادىسى خوتۇنىنى ئىزدەۋاتاتتى.



ئېمىلنىڭ دادىسى ئىككى سائەتچە ئىزدەپ ئاخىر خوتۇنىنى تاپتى، ئۇ ۋىموربىدىن كەلگەن بىرنەچچە سىمىز بوۋايلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ ئالاقزەدە بولۇپ يۈرگەنىدى.

ئېمىل باشقىلارنى، باشقىلار ئېمىلنى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇ كەلگەندىن كېيىن بىكار كەتمەي دېسە، ئۆزى يالغۇز بازار ئايلىنىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندى.

ئۇ بازار ئايلىنىشتىن بۇرۇن جۇرانىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشى، ئۆزى بازار ئايلانغىلى كەتكەندە مۇگدىشىدىغان قېرى ھەمراھتىن بىرنى تېپىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئېمىل مۇشۇنداق قىلىشقا ۋەدە قىلغان ئەمەسمۇ.

ئۇ جۇرانغا ھەمراھ تاپالماي يۈرگىنىدە ماركوس ئۇچراپ قالدى. بۇنىڭدىن ياخشى ئىش بولماس. ماركوس ئورمان بويىدىكى بىر تۇپ دەرەخكە باغلانغان، يەردىكى چۆپنى يەۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كارتخۇلد قورۇقىنىڭ كونا ھارۋىسىمۇ تۇراتتى، ئېمىل بىر قاراپلا تونۇۋالدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، جۇران ماركوسنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولغانىدى. ئېمىل جۇرانىنىمۇ شۇ دەرەخكە باغلاپ، ھارۋىدىن بىر باغلام چۆپ ئېلىپ سېلىپ بەردى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر سىرتقا چىققاندا ئاتقا يەم ئېلىۋالاتتى. جۇران چۆپنى دەرھال يېيىشكە باشلىدى، بۇنى كۆرۈپ ئېمىلمۇ قورسىقى ئاچقانلىقىنى سەزدى.

— ئەمما، قورسىقىم ئېچىپ چۆپ يەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم، — دېدى ئۇ.

چۆپ يېيىش كەتمەيتتى، چۈنكى بۇ بازاردا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان يايمىكەشلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى، پۇل بولسىلا، ساندۇۋاچ، قېزا، تورت، پىرەنىك دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالغىلى بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





بازارغا كەلگەنلەر ئۈچۈن ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. سىرك، ئۇسسۇل، بالىلار ئويۇنلىرىدىن ئايلانما ياغاچ ئات ئويۇنى ۋە باشقا ئويۇنلار بار ئىدى... قاراڭ، ئاۋۇ يەردە بىر كىشى شەمشەر يۇتۇۋاتىدۇ، يەنە بىر كىشى ئوتنى سۈمۈرەلەيدىكەن، تېخى قاۋۇل بىر بۇرۇتلۇق ئايالمۇ بار ئىكەن، ئۇ ئايال ھەر سائەتتە بىر قېتىم قەھۋە، تورتتىن باشقا ھېچ نەرسە يۇتالمايدىكەن، بۇنداق قىلسا ئەلۋەتتە باي بولالمايدۇ ـ دە، لېكىن بەختىگە يارىشا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ساقال ئاتا قىلغانىكەن، كىشىلەرگە شۇ ساقىلىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق پۇل تاپىدىكەن، كىرىممۇ يامان ئەمەس ئىكەن.

خېرتفرېد بازىرىدا ھەممە نەرسىگە پۇل كېتىدىكەن، لېكىن ئېمىلدا پۇل يوق ئىدى.

مەن ئېيتقاندەك، ئۇ ناھايىتى ئەقىللىك بالا ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرگۈسى بار ئىدى. ئۇ ئاۋۋال سىرك كۆرمەكچى بولدى، چۈنكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ ئاسانغا توختايتتى، چېدىرنىڭ كەينىدىكى ياغاچ ساندۇققا يامىشىپ چىقسىلا، چېدىرنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن بىر تۆشۈكىدىن كۆرگىلى بولاتتى. چېدىرنىڭ ئىچىدە بىر قىزىقچى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئويۇن

كۆرسىتىۋاتاتتى، بۇنى كۆرگەن ئېمىل قاقاھلاپ كۈلگىنىدىن ساندۇقنىڭ ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بېشى چوڭ بىر تاشقا تېگىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سېرىك ئويۇنى كۆرۈشتىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قورسىقى تېخىمۇ ئېچىپ كەتكەنىدى.

— ئاچ قورساق قانداق بازار ئايلانغىلى بولسۇن، — دېدى ئۇ، — لېكىن پۇل بولمىسا تاماقمۇ بولمايدۇ، چوقۇم بىر چارە تېپىشىم كېرەك.

ئۇ بازاردا پۇل تېپىشنىڭ ھەر خىل يوللىرى بارلىقىنى بايقىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىرەرى چىقىپ قالار. شەمشەر يۇتۇش، ئوت سۈمۈرۈش دېگەنلەر ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ بۇرۇتىمۇ يوق، قانداق قىلسا بولار؟

ئېمىل جايىدا جىم تۇرۇپ ئويلاندى. دەل شۇ چاغدا ساندۇق ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر بىچارە ئەما بوۋايغا كۆزى چۈشتى. ئۇ بوۋاي ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك مۇڭلۇق ئاۋازدا خەلق ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ شلەپىسىنى يەرگە قويۇپ، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن پۇل تاپىدىكەن. باغرى يۇمشاق كىشىلەر ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



شىلەپىسىگە توختىماي پۇل تاشلاۋاتاتتى.

«بۇنداق قىلىشنى مەنمۇ بىلىمەن، — دەپ ئويلىدى ئېمىل، — بۇ ئوقەت ماڭا تازا ماس كېلىدىكەن، ھەرنېمە بولسا ‹تەپكەمنى› كېيىپ كەپتىكەنمەن» دەپ ئويلىدى ئېمىل ۋە شەپكىسىنى يەرگە قويۇپ ناخشا توۋلاشقا باشلىدى:

— ھەي مېنىڭ قېرى بايتىلىم، مېڭىشلىرى سوك - سوك...

ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر دەمدىلا كىشىلەر ئولىشىپ كەتتى.

— ھەي، نېمىدېگەن ئوماق بالا بۇ، — دېيىشتى ئۇلار، — ئۇ چوقۇم كەمبەغەل بولسا كېرەك، بولمىسا بۇ يەردە ناخشا ئېيتماس ئىدى.

ئۇ چاغلاردا نۇرغۇن كەمبەغەل بالىلارنىڭ يەيدىغىنى يوق ئىدى. بۇ چاغدا بىر ئاق كۆڭۈل خانىم ئېمىلنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي، ئوماق بالام، بۈگۈن تاماق يېدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يېدىم، ئاتىنىڭ يېمىدىن يېدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئېمىل.



بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى. ۋېيىنبېردىن كەلگەن بويى پاكار بىر دېھقاننىڭ باغرى تولىمۇ يۇمشاق ئىكەن، ئېمىلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا يىغلاپ كەتتى، ئېمىلنىڭ يەككە - يېگانىلىكى ئۈچۈن يىغلىدى. بۇ بالىنىڭ چېچى نېمىدېگەن چىرايلىق!

كىشىلەر ئېمىلنىڭ شەپكىسىگە پۇل تاشلاشقا باشلىدى، ئىككى ئېرلىق، بەش ئېرلىق، ھەتتا ئون ئېرلىق تەڭگىمۇ بار ئىدى. ھېلىقى باغرى يۇمشاق دېھقانمۇ ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئىككى ئېرلىق تەڭگىنى ئالدى - يۇ، قىيمىغانىدەك يانچۇقىغا قايتۇرۇپ سېلىپ قويۇپ، پەس ئاۋازدا ئېمىلغا:

— مەن بىلەن ئات ھارۋامنىڭ يېنىغا بارساڭ، ساڭا ئات يېمىدىن ئازراق بېرەي، — دېدى.

لېكىن، ئېمىل ھازىر باي بولدى، شەپكىسى پۇل بىلەن تولدى. شۇڭا، ئۇ دېھقاننىڭ كەينىدىن بارماي، ئۆزى ئۈچۈن بىر مۇنچە ساندۇۋاچ، تورت، پىرەنىك ۋە ئىچىملىك سېتىۋالدى.

ئۇ يېمەكلىكنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولغاندىن كېيىن تۆت كرونا يىگىرمە ئېرل خەجلەپ، ئايلانما ياغاچ ئاتقا قىرىق ئىككى قېتىم مىندى. بۇرۇن زادى بۇنداق ئاتقا مىنىپ باقمىغاچقا، جاھاندا بۇنداق قىزىقارلىق ئويۇننىڭ بارلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

— بازارنى پۇخادىن چىققۇچە ئايلاندىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ، ياغاچ ئات ئۈستىدە شامالدا بۇدۇر چاچلىرى يەلپۈنمەكتە ئىدى، — مېنىڭمۇ خۇشال چاغلىرىم بولغان، لېكىن ئەزەلدىن بۇنداق خۇش بولۇپ باقمىغانىدىم.

ئاندىن ئۇ شەمشەرنى، ئوتنى، ساقىللى بار خانىمنى كۆردى. خېلى ئۇزاق ئوينىغاندىن كېيىن يانچۇقىدا ئاران ئىككى ئېرل



ئېشىپ قالدى.

«ئەگەر يېڭى ناخشىدىن يەنە بىرنى تىڭشىسام، 'تەپكەم' يەنە تولۇپ كېتىدۇ، چۈنكى بۇ يەردىكىلەر تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئېمىل.

لېكىن، ئۇ چارچاپ قالغانىدى، يەنە ناخشا ئېيتقۇسى كەلمىدى، كۆپ پۇل تاپقۇسىمۇ كەلمىدى، شۇڭا ئېشىپ قالغان ئىككى ئېرلنى ئەما بوۋايغا بېرىۋېتىپ، بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ ئارقىلىدىن ئىزدىدى.

ئېمىل بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاق كۆڭۈل ئىكەن، دەپ ئويلىسا خاتالاشقان بولاتتى. بۇ يەردىمۇ ئاندا ـ ساندا يامان ئادەملەر بار ئىدى، ئۇلار بوگۇنمۇ خېرتفرېدقا كەلگەنىدى. شۇ چاغلاردا ئۇچىغا چىققان بىر ئەسكى ئوغرى بۇ ئەتراپتا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ يۈرەتتى. ئۇنى كىشىلەر «قۇشقاچ» دەپ ئاتايتتى، ئۇ تىلغا ئېلىنسا، پۈتۈن سمالاندتىكىلەر قورقاتتى، «سمالاند گېزىتى» بىلەن «خېرتفرېد پوچتا گىزىتى» دە ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىپلاسلىقلىرى بېسىلغانىدى. ھەر خىل يىغىلىشلار، بازارلار ۋە باشقا ئورۇنلاردا، ئومۇمەن پۇل بىلەن ئادەملا بار يەردە ئۇ ھامان پەيدا بولاتتى ھەم تەپ تارتماي ئوغرىلىق قىلاتتى، كىشىلەرنىڭ تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر قېتىم ھەر خىل يالغان بۇرۇت چاپلىۋالاتتى. ئۇ بوگۇنمۇ خېرتفرېد مەيدانىغا كەلگەنىدى. بېشىدا قارا شىلەپە، قارا بۇرۇتلۇق بۇ ئادەم كىشىلەر ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، پۇرسەت تېپىپ كىشىلەرنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىدى. «قۇشقاچ» نىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئەگەر بىلگەن بولسا چوقۇم قورقۇپ كېتەتتى.



ھەي، بۇ «قۇشقاچ»نىڭ كاللىسى ئىشلىسە، مىلتىقنى ئېلىپ لۆننابىيەدىن كەلگەن ئېمىل بىلەن بىر كۈندە خېرتفرېد مەيدانىغا كەلمىگەن بولاتتى. نېمە ئىش بولغىنىنى ئويلاپ بېقىڭچۇ!

ئېمىل ئارقىلىدنى ئىزدەپ ساقاللىق خانىمنىڭ چېدىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ پۇل ساناۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ساقىلىنىڭ خېرتفرېد يەكشەنبە بازىرىدا ئۆزىگە قانچىلىك تاپاۋەت ئېلىپ كەلگىنىنى بىلمەكچىدى.

ئۇنىڭ ساقىلىنى رازىمەنلىك بىلەن سىلىشىدىنىلا پۇلنى ئاز تاپمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. شۇ چاغدا ئېمىل ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالدى.

— كىرگىن، شاكىچىك، مېنىڭ ساقىلىمنى ھەقسىز كۆرسەڭ بولىدۇ، چۈنكى سەن بەك ئوماق ئىكەنسەن، — دېدى ئۇ.

ئېمىل ئۇنىڭ ساقىلىنى بايا كۆرۈپ بولغان، لېكىن قارشى تەرەپ تەكلىپ قىلغانىكەن، رەت قىلىسا ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇغۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھەق ئالمايدىكەن. ئۇ شەپكىسىنى كىيىپ، سىلتىقىنى كۆتۈرۈپ ساقاللىق خانىمنىڭ ساقىلىنى كۆرگىلى چېدىرغا كىردى، ئادەتتە بۇنداق كۆرۈش ئۈچۈن يىگىرمە بەش ئېرل كېتەتتى.

— قانداق قىلىسا ساقال مۇشۇنداق چىرايلىق چىقىدۇ؟ — ئەدەپ بىلەن سورىدى ئېمىل.

ساقاللىق خانىم جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— دەرھال پۇلۇڭنى ماڭا بەر، بولمىسا ساقىلىڭنى يۇلۇۋېتىمەن!

بۇ گەپنى قىلغان «قۇشقاچ» ئىدى، ئۇ تۇيدۇرماي چېدىرغا كىرىۋالغانىدى.

ساقاللىق خانىمنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكىنى بىلەن، ساقىلىنىڭ رەڭگى ئۆڭمىدى. بىچارە خانىم ھەممە پۇلىنى بېرەي دەپ تۇرغاندا، ئېمىل بوش ئاۋاز بىلەن:



— مېنىڭ «مىرتىقىمنى» ئېلىڭ! — دېدى.

ساقاللىق خانىم ئېمىل سۇنۇپ بەرگەن مىلتىقنى چاققانلىق بىلەن قولىغا ئالدى. چېدىرنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا، بىرنەرسىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. بۇرۇتلۇق خانىم، «قۇشقاچ» ھەر ئىككىلىسى بۇ مىلتىقنى راست دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

— قولۇڭنى كۆتۈر، بولمىسا ئوق چىقىرىمەن! — دەپ توۋلىدى ئۇزۇن ساقال خانىم. بۇنى ئاڭلىغان «قۇشقاچ» قورققىنىدىن چىرايى تامدەك تاتىرىپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ساقاللىق خانىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ساقچىنى چاقىردى، ئۇنىڭ توۋلىغان ئاۋازى پۈتۈن خېرتفرېدنى بىر ئالدى.

ساقچى يېتىپ كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر خېرتفرېدتا بولسۇن ياكى باشقا يەردە بولسۇن، «قۇشقاچ» نى ئۇچرىتىپ باقمىدى. سىمالاندتىكى بارلىق ئوغرىلىق



ھەرىكەتلەرىگە شۇنىڭدىن تارتىپ خاتىمە بېرىلدى. توغرا، ئالدىراپ بۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ، بەلكىم ئوغرى بار بولۇشى مۇمكىن. بۇرۇتلۇق خانىم «قۇشقاچ» نى تۇتۇۋالغاچقا، «سمالاند گېزىتى» ۋە «خېرتفرېد پوچتا گېزىتى» دە كۆپ ماختاشلارغا سازاۋەر بولدى. لېكىن، ئېمىل بىلەن ئۇنىڭ «مىرتىقى» توغرۇلۇق ھېچنېمە تىلغا ئېلىنمىدى. شۇڭا، مەن سىلەرگە ۋەقەنىڭ ھەقىقى جەريانىنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن.

— بەختكە يارىشا مەن خېرتفرېدقا بارغاندا «تەپكەم»نىمۇ، «مىرتىقىم»نىمۇ ئېلىۋاپتىكەنمەن، — دېدى ئېمىل ساقچىلار «قوشقاچ» نى قولغا ئالغاندىن كېيىن.

— توغرا دېدىڭ، سەن بىر ئىقتىدارلىق شاكىچىك ئىكەنسەن. شۇڭا، سەن مېنىڭ ساقلىمنى خالىغىنىڭچە كۆرسەڭ بولىدۇ، — دېدى ساقاللىق خانىم.

بىراق، ئېمىل ھېرىپ قالغان، خانىمنىڭ ساقلىنىمۇ، بازاردىكى باشقا نەرسىلەرنىمۇ كۆرگۈسى يوق ئىدى. چۈنكى، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاچقا ئۇيقۇسى كەلگەنىدى. ئويلاپ بېقىڭچۇ، پۈتۈن بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما ئۇ تېخىچە ئارفىلدنى تاپالمىغانىدى!

ئېمىلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، يەنە لىنالارنىڭ ھەممىسىگە ھاردۇق يەتتى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېمىلنى ئىزدىمىگەن يېرى قالمىدى، لىنانىڭ ئارفىلدنى ئىزدىمىگەن يېرى قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئەمدى ئىزدەشكە مادارى قالمىدى.

— ۋاي، پۈتۈم! — دېدى ئاپىسى ۋايساپ.

ئېمىلنىڭ دادىسى روھى چۈشكەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بولدى، بازاردا كۆرىدىغاننىمۇ كۆردۇق، — دېدى ئۇ، — ئەمدى ماڭايلى، كارتخۇلد قورۇقىغا كېتەيلى، قىلىدىغان ئىش قالمىدى.

ئۇلار پۈتلىرىنى سۆرىشىپ ئورمانىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاتنى ھارۋىغا قېتىپ ماڭماقچى بولدى ـ دە، جوران بىلەن ماركوسنىڭ بىللە چۆپ يەۋاتقىنىنى كۆردى.

— ۋاي خۇدايىم، مېنىڭ ئېمىلىم نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ — دەپ يىغلاشقا باشلىدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى. بۇنى ئاڭلاپ لىنا بوينىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىقىپ قويدى:

— يەنە بىر يەردە كەپسىزلىك قىلىپ يۈرگەندۇ شۇ، ئۇ بالىكىنىز. ئۇ ئۇچىغا چىققان كەپسىز تۇرسا!

دەل شۇ چاغدا بىر ئادەم ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كەلدى، ئۇ دەل ئارفىلد ئىدى.


— ئېمىل قېنى؟ مەن ئۇنى ساق بىر كۈن ئىزدىدىم، — دېدى ئۇ.

— ئۇنىڭ نەدىلىكى بىلەن نېمە كارىڭ، — دەپلا ھارۋىغا چىقتى لىنا. ئاپلا! ئۇ بىرسىنى دەسسەپ سالدى.

ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئازراق چۆپ قالغان بولۇپ، ئېمىل ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغانىدى. لىنا ئۇنى دەسسەپ ئويغىتىۋەتتى. ئۇ كىمنىڭ كەلگىنىنى، كىمنىڭ كۆك فورما كىيىپ ھاسىراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپلا، ئارفىلدنىڭ بوينىنى قۇچاقلىدى.

— ئارفىلد، سەن ئىكەنسەنغۇ، — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا يەنە ئۇخلاپ قالدى.

كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەر يولغا چىقتى، ماركوس ھارۋىنى سۆرىدى، جۇران كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى، ئۇنى ھارۋىنىڭ



كەينىگە باغلاپ قويغانىدى. ئېمىل پات ـ پات ئويغىنىپ، قاراڭغۇ ئورمان، ياز كېچىسىدىكى سۈزۈك ئاسمانغا قاراپ قوياتتى، ئوت ـ چۆپنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى، ئاتنى، قاراڭغۇلۇقنى ھېس قىلالايتتى، ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ۋە ھارۋا چاقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايتتى. ئۇ قالغان ۋاقتىنى ئۇيقۇ ئىچىدە ئۆتكۈزدى، چۈشىدە ئارفىلدىنىڭ پات ئارىدا ئۆيگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆردى. ئەمەلىيەتتە، ئارفىلدىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىشىگىمۇ ئاز قالغانىدى.

مانا بۇ 8 ـ ئىيۇل، ئېمىل خېرتفرېد بازىرىغا بارغاندا يۈز بەرگەن ئىشلار. تېپىپ بېقىڭچۇ، ئۇ كۈنى يەنە كىمنىڭ ئېمىلنى ئىزدىمىگەن يېرى قالمىدى؟ جاۋابىنى بىلەي دېسىڭىز، كلۇشا مايادىن سوراڭ. ھەي، ئەڭ ياخشىسى سورىمايلا قويۇڭ، چۈنكى كلۇشا مايىغا بىرەر نەرسە ئاسانلا رېئاكسىيە قىلىدۇ، بۇنداق چاغلاردا بىلەكلىرىگە قىزىل قاپارتمىلار چىقىپ كېتىدۇ، قىچىشىشىغا چىدىغىلى بولمايدۇ، يەنە تېخى ئۇزاققىچە يانمايدۇ.

سىز ئېمىلنىڭ 7 ـ مارت، 22 ـ ماي، 10 ـ ئىيۇن، 8 ـ ئىيۇل كۈنلىرىدىكى ھېكايىلىرىنى ئاڭلىدىڭىز، لېكىن ھەممىشە كەپسىزلىك قىلغۇسى كېلىپ تۇرىدىغان ئېمىلغا نىسبەتەن، كەپسىزلىك قىلىشقا يەتكۈدەك ۋاقىت بار. ئۇنى يىل بويى كۈنلىرىنى كەپسىزلىك بىلەن ئۆتكۈزدى، دېگىلى بولاتتى، بولۇپمۇ 19 ـ ئاۋغۇست، 11 ـ ئۆكتەبىر ۋە 3 ـ نويابىر كۈنلىرى شۇنداق بولدى.

ھا ـ ھا ـ ھا ... مەن ئۇنىڭ 3 ـ نويابىردىكى ئىشلىرىنى ئويلىسافلا كۈلگۈم كېلىدۇ، لېكىن بۇ يەردە دېسەم بولمايدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۈنكى ئېمىلنىڭ ئاپىسىغا ۋەدە بەرگەنىدىم. ئەمما، شۇ ئىشتىن كېيىن لۈنابىيەلىكلەر ئىئانە يىغىشقا باشلىدى. ئۇلار كارتخۇلد قورۇقىدىكى سۆيىنسون ئائىلىسىدىن ئېمىلدەك بىر جېدەلخورنىڭ چىقىپ قالغىنىغا تولىمۇ ھېسداشلىق قىلدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئەللىك ئېرلدىن چىقىرىپ، يىغىلغان پۇلنى كىچىك بىر خالتىغا سېلىپ ئېمىلنىڭ ئاپىسىغا بەردى.

— بىز ئېمىلدىن جاق تويدۇق، ئۇنى ئامېرىكىغا ئەۋەتىۋېتىڭلارچۇ، — دېيىشتى ئۇلار.

ۋاھ، بۇ بولىدىغان چارە ئىكەن! ئېمىلنى ئامېرىكىغا ئەۋەتسە... ئۇنداقتا، كىم ئۇلارغا مەھەللە كومىتېت رەئىسى بولىدۇ؟ دېمەكچى بولغىنىم، كەلگۈسىدە كىم رەئىس بولىدۇ؟

بەختكە يارىشا، ئېمىلنىڭ ئاپىسى بۇ ئەخمىقانە تەكلىپنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ـ دە، خالتىدىكى پۇلنى زەربە بىلەن يەرگە ئېتىۋىدى، چېچىلغان تەڭگىلەر لۈنابىيەنى بىر ئالدى.



— ئېمىل ئوماق بالا، بىز ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىقلىرىنى ياقتۇرىمىز، — دېدى ئۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا ئېمىلدىن ئاز - تولا ئەنسىرىدى. باشقىلار ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئەيىبلىگەندە، ئانا بولغان كىشى ئەنسىرىمەي تۇرالمايدۇ - دە. بىر كۈنى كەچتە ئېمىل شەپكىسىنى كىيىپ، مىلتىقىنى قۇچاقلاپ ياتقىنىدا، ئاپىسى كىرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— ئېمىل، سەن كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولىسەن، مەكتەپكە بارىسەن. مۇشۇنداق كەپسىزلىك قىلىۋەرسەڭ قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئاپىسى.

يۇپيۇمىلاق كۆك كۆزلىرى، سۇس بۇدۇر چاچلىرى كارىۋاتتا ياتقان ئېمىلنى خۇددى پەرىشتىدەك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— گۇكۇك... گۇك، گۇكۇك... گۇك، — دېدى ئۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق گەپلەر بىلەن زادى خۇشى يوق ئىدى.

— ئېمىل، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ مەكتەپكە بارالامسەن؟ — دەپ سورىدى ئاپىسى كەسكىنلىك بىلەن.

— بارالايمەن، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن كەپسىزلىك قىلمايمەن، ئىشىنىمەنكى مەن... — دېدى ئېمىل.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئۇھ تارتىپ:

— ماقۇل، ماقۇل، شۇنداق بولسا ياخشى بولاتتى، — دەپ چىقىپ كەتتى. ئېمىل بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەييارلىق بىلەن كۈلدى:

— بىراق، بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالمايمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

## لۇننابىيەلىك ئېمىل يەنە بالا تېرىدى





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



سىز لۇننابېيەدىكى ئېمىلنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭىز؟ ئۇ شىۋېتسىيە سمالاند ئۆلكىسى لۇننابېيە رايونىدىكى كارتخۇلد قورۇقىدا تۇرىدۇ. نېمە، ئاڭلاپ باقمىغان؟ جەزملەشتۈرىمەنكى، لۇننابېيە كەنتىدە كېلىشكەن شاكىچەك ئېمىلنى تونۇمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇنىڭ كەپسىزلىك قىلغان، بالا تېرىغان قېتىم سانى بىر يىلدىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈندىنمۇ كۆپ بولغاچقا، كەنتتىكىلەرنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنى ئامېرىكىغا ئەۋەتىۋەتمەكچى بولغانىدى. بۇ راست، ئۇلار پۇل يىغىش قىلىپ، يىغىلغان پۇلنى ئېمىلنىڭ ئاپىسىغا بەردى ھەمدە:

— بۇ پۇل ئېمىلنى ئامېرىكىغا ئەۋەتىشكە يېتىپ قالار، — دېدى.

ئۇلار ئېمىل كەتسە، لۇننابېيە تىنچلىنىپ قالار، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئويىنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئېمىلنىڭ ئاپىسى خالتىدىكى پۇلنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئېتىۋىدى، چېچىلغان تەڭگىلەر لۇننابېيەنى بىر ئالدى.

— ئېمىل ئوماق بالا، بىز ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىقلىرىنى ياقتۇرىمىز، — دېدى ئۇ.


لېكىن لىنا — كارتخۇلد قورۇقىنىڭ ئايال خىزمەتچىسى:

— ئامېرىكىلىقلارنىمۇ ئويلاپ قويايلى، ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنىغا بىز ئېمىلنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىمىز؟ — دېدى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئاغرىنىش نەزىرى بىلەن لىناغا ئۇزاق قاراپ تۇردى - يۇ، گەپ قىلمىدى. لىنا ئۆزىنىڭ يەنە قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى شۇندىلا ھېس قىلدى - دە، كېكەچلىگىنىچە گەپنى ئوڭشىماقچى بولدى.

— ھە، لېكىن خانىم، «ۋىموربى گېزىتى» دە دېيىشىچە، ئامېرىكىدا ئېغىر يەر تەۋرەپتۇ، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئەگەر ئېمىلنى بۇنداق چاغدا ئەۋەتىپ بەرسەك، «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» قىلغاندەك ئىش بولمىسۇن دەيمەن، — دېدى.

— ئاغزىڭنى يۇم، لىنا، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئاچچىقلاپ، — تېزدىن ئېغىلغا كىرىپ كالىنى ساغقىن، سەن شۇ ئىشقىلا لايىق.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ گەپنى ئاڭلاپ لىنا سۈت ساغىدىغان چېلەكنى ئېلىپ ئېغىلغا كىرىپ ئىنەكنى سېغىشقا باشلىدى، ساغقان سۈتى يەرگە چاچراپ كەتتى. ئۇ خاپا بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئىشنى ئەڭ ياخشى قىلىدۇ، شۇڭا سۈتنى ئادەتتىكىدىن تېزرەك ساغدى، ئۆز - ئۆزىگە توختىماي غۇدۇراپمۇ تۇردى:

— ئىش دېگەننى ئادىل قىلىش كېرەك! يامان ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئامېرىكىلىقلارغا بەرسەك بولمايدۇ - دە، مېنىڭچە بولسا ئىككىسىنى ئالماشتۇرسۇن، مەن ئۇلارغا خەت يېزىپ، يەر تەۋرەشنى بىزگە بېرىپ، ئېمىلنى سىلەر ئېلىڭلار، دەي.

ئۇ پۇنى ئوبدانلا ئېتىپ قوياتتى، ھەي، لىنا! ئۇ ئامېرىكىلىقلارغا خەت يازىدىغانغا لايىق ئەمەس، چۈنكى ئۇ خەت يازالمايدۇ، ئۇنىڭ يازغان نەرسىلىرىنى ھەتتا سىمالاندلىقلەرمۇ چۈشىنەلمەيتتى. يېزىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئېمىلنىڭ ئاپىسى يېزىشى كېرەك. ئۇ خەت يېزىشقا ئەڭ مۇۋاپىق نامزات، چۈنكى ئۇ ئېمىلنىڭ بارلىق كەپسىزلىكلىرىنى ئادەتتە ئىشكاپقا قويۇپ قويىدىغان كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتىرىگە خاتىرىلەپ ماڭاتتى.

— ئۇنى يازغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇ كەپسىزنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى يازغىلى تۇرساڭ قەغەز - قەلەم توشامدۇ، بۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ — دېدى دادىسى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى بۇ گەپكە پىسەنت قىلمىدى. ئۇنىڭ ئېمىلنىڭ بارلىق كەپسىزلىكلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن خاتىرىلەپ قويۇشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى، ئېمىل چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نەقەدەر كەپسىز ئىكەنلىكىنى، ئاپىسىنىڭ بېشىغا ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئاق كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئاق چاچلىق موماي بولۇپ كەتسىمۇ ئېمىلنىڭ ئۇنى سۆيۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرمەكچىدى.



سىز ئېمىلنى بەك ئەسكى بالا دەپ قارىماڭ، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئەسكى دېگىلى بولمايدۇ. ئاپىسى ئۇنى پەرىشتىدەك ئوماق بالا، دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئۇنىڭ سۇس بۇدۇر چاچلىرى، كۆك كۆزلىرىدىن ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرىدۇ. ئېمىل بولىدىغان بالا، ئۇنىڭ ئاپىسى ناھايىتى ئادىل، ئۇ بۇ تەرىپىنى ئاشۇ كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتىرىگە يېزىپ قويىدى.

«تۈنۈگۈن ئېمىل بەك گەپ ئاڭلىدى، پۈتۈن بىر كۈن كەپسىزلىك قىلمىدى، بۇ ئۇنىڭ قىزىتىپ قېلىپ، كەپسىزلىك قىلىشقا رايى يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.» دەپ يازدى ئاپىسى 20 - ئىيۇلدىكى خاتىرىسىگە.

ئۇنىڭ قىزىتمىسى 28 - ئىيۇل كۈنى ياندى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى بىلەن خاتىرە دەپتىرىنىڭ نەچچە بېتىنى توشتۇرغىلى بولاتتى. بۇ شاكىچىكىنىڭ تېنى مەزمۇت بولغاچقا، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلسىلا، كەپسىزلىكىنى يەنە باشلىۋېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭدەك كەپسىز بالىنى كۆرمىگەن، — دېدى لىنا.

سىزمۇ ھېس قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، لىنانىڭ ئېمىل بىلەن خۇشى يوق ئىدى، ئۇ ئىدانى بەكرەك ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى ئىدا رايىش، قۇلىقى يۇمشاق قىز ئىدى. ئەمما، كارتخۇلد قورۇقىنىڭ يىللىقچىسى ئارفىلد ئېمىلنى بەكرەك ياخشى كۆرەتتى، ئېمىلمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئىشتىن بوشىغاندا، ئارفىلد بىلەن ئېمىل ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينايتتى. ئارفىلد ئېمىلغا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتەتتى. مەسىلەن، ئاتنى ئېگەرلەپ جابدۇش، چورتان بېلىقى تۇتۇش، ناس چېكىش دېگەندەك. توغرا، ناس چېكىش ئانچە ياخشى ئىش ئەمەس، شۇڭا ئېمىل بىر قېتىملا چېكىپ بولدى قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەندى، چۈنكى ئۇنىڭ ئارفىلد قىلالايدىغان ھەممە ئىشلارنى ئۆگىنىۋالغۇسى بار ئىدى. ئارفىلد ئېمىلغا بىر ياغاچ مىلتىق ئويۇپ بەردى، قانداق، ئۇ دوستلۇققا يارامدىكەن؟ بۇ مىلتىق ئېمىلنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەڭگۈشتەرى ئىدى؛



ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى چېكىلىكى بار شەپكىسى ئىدى. ئۇ گەرچە مودىدىن قالغان بولسىمۇ، دادىسى شەھەرگە كىرگەندە ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن، يەنە كېلىپ تاسادىپىي ئېلىنىپ قالغانىدى.


ئېمىل دائىم ساپ سىمالاند شېۋىسىدە:

— مەن «مىرتىقىم» بىلەن «تەپكەم»نى ياخشى كۆرىمەن، — دەيتتى، ئۇنىڭ شەپكىسىنى كىيمەي، مىلتىقىنى قوچاقلىماي ئۇخلىغان بىر كۈنىمۇ يوق.

كارتخۇلد قورۇقىدا كىملەرنىڭ تۇرىدىغانلىقى يادىڭىزدىمۇ؟ ئۇلار ئېمىلنىڭ دادىسى ئانتون، ئاپىسى ئارما، سىڭلىسى ئىدا، يىللىقچى ئارفىلد، ئائىلە خىزمەتچىسى لىنا، يەنە ئېمىل ئىدى.

توغرا، يەنە كىلۇشا مايامۇ بار، بىز ئۇنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ. ئۇ بىر ئورۇق، ۋىجىك موماي، ئورماندىكى بىر يىللىقچىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، ئاندا - ساندا كارتخۇلد قورۇقىغا كېلىپ، كىر يۇيۇش، قىيزا ياساش دېگەندەك ئىشلارغا ياردەملىشەتتى، يەنە ئېمىل بىلەن ئىداغا ئاڭلىسا ئادەمنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتكۇدەك جىن - ئالۋاستى، قاتىل ۋە بۇلاڭچى - قاراقچىلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ھەمدە ئۆزى قىزىقارلىق دەپ قارىغان ئىشلارنى ئېيتىپ بېرەتتى.

سىز ھازىر ئېمىلنىڭ كەپسىزلىكى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا تەقەززا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولۇۋاتامسىز؟ ئۇ قىزىپ قالغان كۈندىن باشقا كۈنلەردە كەپسىزلىك قىلاتتى، بىر ئۇنىڭ كەپسىزلىك قىلغان كۈنلىرىدىكى خالىغان بىر كۈننى تاللاپ، ئۇنىڭ كەپسىزلىكلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى. 28 ـ ئىيۇلنى تاللىساق قانداق؟



## 28 - ئىيۇل، شەنبە

# ئېمىل چوشقىنىڭ قېنىنى دادىسىنىڭ بېشىغا تۆكۈۋېتىپ، يۈزىنچى ياغاچ بوۋاينى ئويۇشقا مەجبۇر بولدى

كارتخۇلد قورۇقىنىڭ ئاشخانىسىدا كۆك رەڭلىك كونا بىر سافا بار ئىدى، لىنا ھەر كۈنى كەچتە شۇنىڭدا ئۇخلايتتى. شۇ چاغلاردا سمالاندتا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئاشخانىسىدا ئائىلە خىز-مەتچىلىرى ئۇخلايدىغان سافا بار بولۇپ، ئۇنىڭغا قوپال توقۇلغان سىلىنچا سېلىپ قويۇلاتتى، چىۋىنلەر ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى، كارتخۇلد قورۇقىنىڭ ئاشخانىسىمۇ باشقىلارنىڭ ئاشخانىسىغا ئوخشايتتى. لىنا سافادا ئوبدان ئۇخلىيالايتتى، ئەتىگەن سائەت تۆت يېرىمغىچە ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ئويغىتالمايتتى، تۆت يېرىمدا سائەت جىرىڭ-لىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئېغىلغا بېرىپ ئى-نەكنى ساغمىسا بولمايتتى.



لىنا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاشخانىدا ئادەم قالمايتتى. مۇشۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاقىتتا ئېمىلنىڭ دادىسى دائىم شەپە چىقارماي ئاشخانىغا كىرىپ، ئېمىل ئورنىدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ھۇزۇرلىنىپ قەھۋە ئىچىۋالاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، قاتلىنىدىغان ئۇستەلنىڭ يېنىدىكى تەۋرىنىدىغان ئورۇندۇقتا پۇتىنى پاكىز سۈرتۈلگەن پولدا ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇرۇپ، غەلۋە قىلىدىغان ئېمىلمۇ يوق، سىرتتىكى قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى، توخۇلارنىڭ قاقىلداشلىرىنى ئاڭلىغاچ ئۆزى يالغۇز قەھۋە ئىچىش نەقەدەر راھەت ـ ھە ... دىققەت قىلىڭلاركى، بۇ يەردىكى «پاكىز» دېگەن سۆز ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ پۇتىنى ئەمەس، بەلكى پولنى كۆرسىتىدۇ. ئېمىلنىڭ دادىسى پۇتىنى ئوبدان يۇيۇپ سۈرتۈشى كېرەك ئىدى، چۈنكى دادىسى ھەر كۈنى سەھەردە يالاڭ ئاياغ ماڭاتتى، بۇنداق قىلىشى پۇتۇنلەي راھەتلىنىش ئۈچۈن ئەمەس.

— بۇنداق قىلسا ئاياغ ئۇزاق چىدايدۇ، سەندەك بۇنداق ئاياغ توشۇمايدىغان ئادەمگە، ھەر ئون يىلدا بىر يېڭى ئاياغ ئالماي ئامال يوق، — دەيتتى ئۇ قەتئىي يالاڭ ئاياغ يۈرمەيدىغان ئېمىلنىڭ ئاپىسىغا.

— توغرا، شۇنداق قىلىسىز، — ئېمىلنىڭ ئاپىسى شۇنداق دەپلا قويىدى ـ يۇ، بۇ توغرۇلۇق يەنە گەپ قىلمىدى.

مەن دەپ ئۆتكەندەك، قوڭغۇراقلىق سائەتتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە لىنانى ئويغىتالمايتتى، لېكىن بىر كۈنى سەھەردە باشقا بىر نەرسە ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ 27 ـ ئىيۇل، دەل ئېمىل قىزىپ قالغان كۈن ئىدى. قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، چوڭ بىر چاشقان لىنانىڭ يۈزىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى، لىنا ئويغىنىپ كېتىپ ۋارقىرىۋەتتى، قولىغا بىر ئوتۇننى ئېلىپ بولغۇچە چاشقان ئوتۇن سالىدىغان ساندۇقنىڭ يېنىدىكى بىر كامارغا كىرىپ كەتتى.

ئېمىلنىڭ دادىسى ئۆيدە چاشقان بارلىقىنى ئاڭلاپ بەك ئەندىكتى.

— ھەي، بۇ قانداق بولغىنى، ئاشخانىدا چاشقان بولسا، بىزنىڭ بولكا ۋە گۆشلىرىمىزنى يەپ تۈگەتمەمدۇ؟ — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى.

— مېنىمۇ يەۋېتەمدۇ، — دېدى لىنا.

— ئاندىن بىزنىڭ بولكىمىز بىلەن گۆشىمىزنى يەيدۇ، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى، — كەچتە مۈشۈكنى ئاشخانا ئۆيگە سولاپ قويايلى.

ئېمىل گەرچە قىزىتىۋاتسىمۇ، چاشقاننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھامان، ئەگەر مۈشۈك تۇتالمىسا، چاشقاننى قانداق تۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى.

27 - ئىيۇل كۈنى كەچ سائەت 10 لار ئەتراپىدا ئېمىلنىڭ قىزىتمىسى پۈتۈنلەي ياندى، پۇت - قولىغىمۇ جان كىردى. بۇنداق چاغدا قورۇقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قالغان بولاتتى، ئېمىلنىڭ ئاتا - ئانىسى ھۇجرا ئۆيدە، ئىدا ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۆيدە، لىنا ئاشخانىدا، ئارفىلد ياغاچچىلىق ئۆيىنىڭ يېنىدىكى يىللىقچىلار ئۆيىدە، توخۇلار كاتەكلىرىدە، ئات، كالا، قويلار ئوتلاقتا ئۇخلاۋاتاتتى، پەقەت ئاشخانىدىكى ھېلىقى مۈشۈكلا شۇنداق روھلۇق ئىدى، ئۇ شۇ تاپتا كالا ئېغىلىنى تولىمۇ سېغىنىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ يەردە چاشقان بەكمۇ كۆپ ئىدى. بۇ كېچىدە روھلىنىپ ئۇخلىيالمايۋاتقانلاردىن يەنە ئېمىلمۇ بار ئىدى. ئۇ ياتاق ئۆيىدىن ئاستا چىقىپ، ئاۋايلىغىنىچە ئاشخانىغا كىردى.


— بىچارە مۈشۈك، سەن بۇ يەردە يېتىۋاتىسەنغۇ؟ — دېدى ئېمىل مۈشۈكنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ.



«مىياۋ...» دەپ مىياڭلىدى مۈشۈك. ئېمىل ئىچى ئاغرىپ مۈشۈكنى چىقىرىۋەتتى، چۈنكى ئۇ ھايۋانلارنى قوغداش تەرەپدارلىرىدىن ئىدى، لېكىن ئۇ چاشقاننى تۇتمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. مۈشۈكنى كەتكۈزۈۋەتتى، باشقا ئامال تېپىش كېرەك - دە. شۇڭا، ئېمىل تاختىمۈشۈكنى ئەكېلىپ، ئۈستىگە بىر پارچە گۆش قىستۇرۇپ، ئوتۇن ساندۇقىنىڭ قېشىدىكى كامارنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى. لېكىن، ئۇ: «ئەگەر چاشقان كامېرىدىن چىقىپلا تاختىمۈشۈكنى كۆرۈپ قالسا ئالدانمايدۇ» دەپ ئويلىدى - دە، ئەڭ ياخشىسى چاشقان ئاشخانا ئۆيگە ئۆزى كىرسۇن، گۆش قىستۇرۇلغان تاختىمۈشۈكنى ئۆزى تېپىۋالسۇن، دەپ، تاختىمۈشۈكنى لىنانىڭ يۈزىگە قويۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردى، چۈنكى ئۇ چاشقاننىڭ دائىم ئۆتىدىغان يولى ئىدى، ئەمما لىنا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ ئىشنى بۇزۇۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق... بۇمۇ بولمىغۇدەك، باشقا بىر جاينى تاللاش كېرەك. توغرا، نېمىدەپ قاتلىنىدىغان ئۈستەلنىڭ

ئاستىغا قويۇپ قويمايمەن؟ ئۇ يەر چاشقان دائىم بولكا ئۇۋاقلىرىنى ئىزدەپ يەيدىغان جاي ئەمەسمۇ، ئەمما دادىسىنىڭ ئولتۇرىدىغان جايىنىڭ ئاستىغا قويۇشقا بولمايتتى، چۈنكى دادىسى بولكا يېگەندە ھەرگىز ئۇۋۇقىنى چۈشۈرمەيدۇ.

— چاتاق چىقماس ـ ھە؟ ئەگەر چاشقان كېلىپ بولكىنىڭ ئۇۋۇقىنى يېمەي، دادامنىڭ يوغان پۇت بارماقلىرىنى چىشلىۋالسا قانداق قىلارمىز؟ — دېگەنلەرنى ئويلاپ بېشى قاتقان ئېمىل ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





شۇنداق بولۇپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ، ئېمىل بۇنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ تاختىمۇشۇكنى دادىسى دائىم پۇتىنى قويىدىغان جايغا قويۇپ قويۇپ، ئاندىن خاتىرجەم هالدا كارىۋىتىغا چىقىپ ئۇخلىدى.

تاڭ ئاتقىلى خېلى بولغاندى، بىرسىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن ئېمىل چۆچۈپ ئويغاندى.

ئېمىل: «ئۇلارنىڭ خۇشال ۋارقىراشلىرىغا قارىغاندا، چاشقان تاختىمۇشۇككە چۈشكەن ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلاۋاتسا، ئويلىمىغان يەردىن ئېمىلنىڭ ئاپىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۇنى كارىۋاتتىن تۇرتۇپ قوپۇرۇپ، قۇلىقىغا:

— دادىڭ پۇتىنى تاختىمۇشۇكتىن چىقىرىۋېلىشتىن بۇرۇن دەرهال ياغاچچىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەت، بولمىسا تىرىك قالمايسەن، — دېدى.

ئاپىسى ئېمىلنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى، ئۇ هەتتا كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى، ئۇچىسىدا پەقەت بىر كۆڭلىكىلا بار ئىدى.

— توختا، قانداق ئىش بولسا بولسۇن، «مىرتىقىم» بىلەن «تەپكەم»نى ئېلىۋالاي، — دەپ ۋارقىرىدى ئېمىل. ئۇ شەپكىسى بىلەن مىلتىقىنى ئېلىپ ئۇدۇل ياغاچچىلىق ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى، شامالدا كۆڭلىكى لەپىلدەيتتى. ياغاچچىلىق ئۆيى



ئۈنىڭ كەپسىزلىك قىلغاندىن كېيىن دائىم يوقلاپ تۇرىدىغان جايى ئىدى. ئاپىسى ئېمىلنى يەنە چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويدى، ئېمىلمۇ دادىسىنى كىرىۋالمىسۇن دەپ ئىچىدىن ئىلغۇچنى ئېلىپ قويدى. ھەر ئىككىلىسى نېمىدېگەن ئەتراپلىق ئويلىغان ـ ھە! ئېمىلنىڭ ئاپىسى بۇ بىر ـ ئىككى سائەت ئىچىدە ئېمىل ئەڭ ياخشىسى دادىسى بىلەن ئۇچراشمىسۇن، دەپ ئويلىغانىدى، بۇمۇ دەل ئېمىلنىڭ ئويلىغىنى بىلەن بىر يەردىن چىقتى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئېلىپ قويۇپ، كۆتەكتە ئولتۇرۇپ، قىزىقارلىق بىر ياغاچ بوۋاي ئويۇشقا چۈشتى. چۈنكى، ئۇ ھەر قېتىم كەپسىزلىك قىلىپ بۇ يەرگە سولانغاندا مۇشۇنداق قىلاتتى. ئۇ توقسان يەتتىنچى ياغاچ بوۋاينى ئويۇپ بولغان، ئۇلارنى بىر جازىنىڭ ئۈستىگە رەتلىك تىزىپ قويغانىدى، ھەر قېتىم ئۇلارنى كۆرگىنىدە ئېمىل تولىمۇ خۇش بولاتتى.

— بۇ ياغاچ بوۋايلار يۈزگە يەتكەندە تەبرىكلەپ قويۇش كېرەك، — دەيتتى ئۇ، — شۇ كۈنگە بارغاندا چوقۇم ياغاچچىلىق ئۆيىدە زىياپەت ئۆتكۈزىمەن، لېكىن ئارفىلدىنىلا تەكلىپ قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ئۇ قولىغا پىچاقنى ئېلىپ كۆتەككە ئوبدان جايلىشىپ ئولتۇردى. يىراقتىن دادىسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، كېيىنچە جىمىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن باشقىلارنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ ئاۋازلار ئۇنىڭغا تولىمۇ يېقىمسىز بىلىندى. بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئېمىل ئەندىشىگە چۈشتى. بۈگۈن ھېلىقى چوڭ چوشقىنى بوغۇزلايدىغان كۈن ئىدى، ئەسلىدە ھېلىقى يېقىمسىز ئاۋاز شۇنىڭ ئاۋاز ئىكەن ـ دە ! بىچارە چوشقا، 28 ـ ئىيۇل ئۇنىڭغا نىسبەتەن خاسىيەتلىك كۈن بولمىدى. ھەي، بۈگۈن نۇرغۇن كىشىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە !

چۈش بولغاندا ئېمىل قويۇۋېتىلدى. ئۇ ئاشخانىغا كىرگەندە، ئىدا خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— چۈشلۈك تاماقتا گۆش ئارىلاشتۇرۇلغان چوشقا قېنىدا ئەتكەن پۇرچاق ئۇيۇتمىسى يەيمىز، — دېدى.

سىز چوشقا قېنىدا ئەتكەن پۇرچاق ئۇيۇتمىسى قورۇمىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسىزغۇ دەيمەن؟ بۇ چوشقا قېنىغا مايلىق گۆش ئارىلاشتۇرۇلغان بىر خىل قورۇما بولۇپ، تەمى چوشقا قېنىدا قىلىنغان پۇددىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن تەمى

ئۇنىڭدىن ياخشى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى چوشقا قېنى بولۇپ، چوشقا قېنىدا ئېتىلگەن پۇددىڭدەك ئېتىلىدۇ. كارتخۇلد قورۇقى چوشقا بوغۇزلىغاندا، ئېمىلنىڭ ئاپىسى مۇشۇ تاماقنى ئېتىپ بىرەتتى. ئۇ قاننى بىر داسنىڭ ئىچىگە قۇيۇپ قوچۇۋاتاتتى، مەشنىڭ ئۈستىدىكى چوڭ قازاندا سۇ قايناي دەپ قالغانىدى. نېمىدېگەن ياخشى، تاماق بىر ئازدىن كېيىن تەييار بولاتتى.

— مەن چوقۇم ئون سەككىز پارچە يەيمەن، — دېدى ئىدا ھالىغا باقماي. ئۇ قورايدەك ئورۇق، ئەمەلىيەتتە يېرىم پارچىنى ئاران يېيەلەيتتى.

— ئۇنداقتا دادامغا قالمايدۇ، — دېدى ئېمىل، — ھە راست، دادام نەگە كەتتى؟

— ئۇ چىملىقتا ئارام ئېلىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئىدا.



ئېمىل ئاشخانىنىڭ دېرىزىسىدىن قارىدى. راست دەپتۇ، دادىسى چىملىقتا خۇددى كۆندە چۈشتە ئۇخلىغىنىدەك، يۈزىنى چىغ قالپاق بىلەن توسۇپ ياتاتتى. ئادەتتە ئۇ چۈشلۈك تاماق ئالدىدا ئۇخلىمايتتى، تاماقتىن كېيىن ئۇخلايتتى. ئەتىگەندە تاختىمۇشۇك پۇت بارماقلىرىنى قىسىۋالغانلىقتىنمىكىن، ئۇ بۈگۈن بەكمۇ ھېرىپ كەتكەنىدى.

ئېمىل دادىسىنىڭ بىرلا پۇتىدا ئاياغ بارلىقىنى كۆردى. دەسلەپتە ئۇ تېخى ئاياغنى ئاياپ كىيمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى، چۈنكى دادىسى دائىم شۇنداق قىلاتتى. ئەمما، ئۇ دادىسىنىڭ سول پۇت بارمىقىدىكى قان يۇقى داكىنى كۆرگىنىدە ئاندىن چۈشەندى. دادىسىنىڭ بارمىقى ئېغىر يارىلانغاچقا، ئاياغ كىيەلمىگەنىدى. ئېمىل بۇنىڭدىن بەكمۇ ئازابلاندى، ئۆزىنىڭ تاختىمۇشۇكنى ناتوغرا جايغا قويغىنىغا تولىمۇ پۇشايمان قىلدى. ھازىر ئۇ دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولدى، چۈنكى ئۇ دادىسىنىڭ بۈگۈن قىلىۋاتقان تاماققا بەك ئامراقلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن چوشقا قېنى قاچىلانغان داسنى كۆتۈرۈپ، دېرىزىدىن سىرتقا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— دادا، قاراڭا، چۈشتە چوشقا قېنىدىن قىلىنغان پۇرچاق ئۇيۇتمىسى يەيمىز، — دېدى خۇشاللىق بىلەن.

دادىسى يۈزىدىكى چىغ قالپاقنى ئېلىۋېتىپ، ئېمىلغا ھومىيىپ قاراپ قويدى. ئۇ تاختىمۇشۇك ۋەقەسىنى تېخى ئۇنتۇمىغاندەك قىلاتتى. ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئېمىل داسنى تېخىمۇ كۆچەپرەك سۇندى.

— قاراڭ، دادا، نېمىدېگەن كۆپ چوشقا قېنى، — ئۇ ھاياجانلانغىنىچە داسنى ئالدىغا سۇنۇۋەردى. لېكىن، ئېمىلنىڭ تەلىيى يەنىلا كاج كەلدى، ئويلاپ بېقىڭە، نېمە ئىش بولغاندۇ؟



چوشقا قېنى ئۇسۇلغان داس قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئاپتاپتا ياتقان دادىسىنىڭ بېشىغا كۆمتۈرۈلۈپ قالدى.

ئېمىلنىڭ دادىسى ئاغزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، لېكىن يۈز ـ كۆزلىرى چوشقا قېنى بىلەن بويىلىپ كەتكەچكە، گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئاخىر چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى. دەسلەپتە ئاغزىغا ئۇيۇل قان كەپلىشىپ قالغاچقا ئاۋازى ئانچە چىڭ چىقمىدى، كېيىن ۋارقىرىغان ئاۋازى پۈتۈن لۆننابېيەلىكلەرگە ئاڭلاندى. داس خۇددى دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ تۆمۈر قالپىقىدەك بېشىغا كىيىلىپ قالغانىدى، چوشقا قېنى بېشىدىن قۇيۇلۇپ ئېقىۋاتاتتى... شۇ پەيتتە كىلۇشا مايا كىر يۇيۇش ئۆيىدىن چىقىپ بۇياققا قاراپ كەلدى، ئۇ ئاشۇ يەردە چوشقا پاچىقىنى يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ ئۈستىبېشىدىكى قاننى كۆرۈپ، قورققىنىدىن چىرقىرىۋەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇزلانغان چوشقىنىڭكىدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى دەرھال ئۆيگە يەتكۈزدى.

— كارتخۇلد قورۇقىنىڭ غوجايىنى ئالەمدىن ئۆتتى، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ئېمىل دېگەن كەپسىز ئۇنى ئۇرۇپ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىپتۇ.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرگەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





كېيىن ئېمىلنىڭ يېنىغا قويۇندەك باردى ـ دە، قولىدىن سۇرىنگىنىچە ئاپىرىپ ياغاچىلىق ئۆيىگە سولاپ قويدى. ئېمىل ئۆچىسىدا يەنىلا ھېلىقى كۆڭلەك، توقسان توققۇزىنچى ياغاچ بوۋاينى ئويۇشقا باشلىغاندا، ئاپىسى ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ ئۆستىبېشىدىكى قانلارنى تازىلاشتەك جاپالىق ئىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى.

— چوشقا قېنىنى ئەپلەپ يىغىۋالساڭ، ئاز دېگەندە ئۈچ ـ تۆت پارچە پۇرچاق ئۈيۈتمىسى قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى. لېكىن، ئاپىسى بېشىنى چايقىدى.

— چېچىلىپ كەتكەن قاننى قانداقمۇ يىغىۋالغىلى بولسۇن. چۈشتە بەرەڭگى قازان نېنى يەيلى ئەمدى.

— ھى ـ ھى ـ ھى ... چۈشلۈك تاماقنى كەچ بولغاندا يەيدىغان بولدۇق ـ دە، — دېدى ئىدا، لېكىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى، چۈنكى دادىسىنىڭ ئۆيىۇل ـ ئۆيۇل قانلار چاپلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى لىنانى بەرەڭگى ئاقلاشقا بۇيرۇپ، بەرەڭگى قازان نېنى ئەتمەكچى بولدى. بۇ خىل تاماقنى يەپ باقمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، بۇ بەرەڭگىنى قەلەمچە قىلىپ توغراپ ئېتىدىغان تاماق، ئاتىلىشى ئاددىي بولغىنى بىلەن، يېيىشلىك،

بۇنىڭغا مەن كاپالەت بېرىمەن. لىنا بىردەمدىلا قويۇق، بەدرەڭ بىر خىل ئۇماچنى تەييارلاپ، ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ بېشىغا كۆمتۈرۈلۈپ قالغان داسقا قۇيدى. ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇستىبېشىدىكى قان يۇقۇندىلىرىنى تازىلاپ بولۇپلا، ئېتىزغا بېرىپ ئوت ئورۇشقا باشلىدى. قازان نېنى پىشسىلا تاماق تارتىلىدىغان بولغاچقا، ئاپىسى ئېمىلنى چىقىرىۋەتتى.

ئېمىل ياغاچچىلىق ئۆيدە ئۇزاق ئولتۇرغاچقا، بەك ھەرىكەت قىلغۇسى كېلىپ كەتكەنىدى.

— بىز قورساققا چېكىش ئويۇنى ئوينايلى، — دېدى ئۇ ئىداغا. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىدا شۇ زامانلا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ئېمىل ئويلاپ تاپقان يۈگۈرۈش ئويۇنى، ئۇلار بۇ ئويۇننى ئاشخانا ئۆيدىن پېشايۋانغا، پېشايۋاندىن ياتاق ئۆيگە، ياتاق ئۆيدىن ئاشخانىغا، يەنە ئاشخانىدىن ياتاق ئۆيگە دېگەندەك ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ ئوينايدۇ. ئېمىل بىلەن ئىدا قارىمۇقارشى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەيدۇ، ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىدا، بىگىز بارمىقى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ قورسىقىغا چېكىپ قويىدۇ، شۇڭا بۇ ئويۇننى «قورساق چېكىش» دەپ ئاتايدۇ، ھەر ئىككى بالا بۇ ئويۇننى ئويناشقا ئامراق.

ئېمىل سەككىزىنچى ئايلىنىشتا ئاشخانىغا كەلگىنىدە قازان نېنى پىشۇرۇش ئۈچۈن تەييار- لىغان بەرەڭگى ئۇمىچى قاچىلانغان داسنى كۆتۈ- رۈپ كېلىۋاتقان لىناغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



روبىرو كېلىپ قالدى، ئېمىل لىنانىمۇ خۇش بولسۇن دەپ، يۇ-قىرى ئاۋازدا «قورساق چېكىش» دەپ ۋارقىرىغىنىچە لىنانىڭ قورسىقىغا بىگىز بارمىقىدا چەكتى. ھەي، ئۇ بۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ لىنانىڭ غىدىقىنىڭ يامانلىقىنى بىلـ-مەيتتى.

— ھا - ھا - ھا، — لىنا كۈلمۈۋېرىپ تېلىقىپ قالدى، پۈتۈن بەدىنى خۇددى لەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ كەتتى. تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئۇماچ بار داس قولىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كەتتى، قانداق سىيرىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمەي قالدى، لېكىن بىر ئىشنى ھەممەيلەن ئېنىق كۆردىكى، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئېمىلنىڭ دادىسى دەل شۇ پەيتتە سىرتتىن كىرىۋاتاتتى، ئەتتەڭەي! بەرەڭگى ئۇمىچىنىڭ ھەممىسى يەنە ئۇنىڭ بېشىغا تۆكۈلدى. ئېمىلنىڭ دادىسىدىن ھېلىقى ئاۋاز يەنە



بىر قېتىم چىقتى. بىر ئادەمنىڭ ئاغزى - بۇرنى بەرەڭگى ئۆمىچى بىلەن بۇلغانغىنىدا بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئاۋاز چىقاتتى دەيسىز. كېيىن ئېمىل بىلەن ئىدا مۇنداق قوشاق قوشۇۋالدى:

— دادامنىڭ بېشىغا بەرەڭگى ئۆمىچى كۆمتۈرۈلۈپ...
دادامنىڭ بېشىغا چوشقا قېنى كۆمتۈرۈلۈپ...

ئۇ ئىككىسى شۇ قوشاقنى ئېيتىشقىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.


لېكىن، ئېمىل قانغۇچە كۈلۈشكە ئۈلگۈرمەيلا، ئاپىسى قولىدىن تارتقىنىچە، ئۇنى ياغاچچىلىق ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغانىدى. ئېمىل دادىسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، دەسلەپتە ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۆماچ لىق توشۇۋالغاچقا، ئاۋازى تازا چىقمىغانىدى، كېيىن بۇ ئاۋازنى ئىلگىرىكىدەكلا پۈتۈن لۆننابېيەلىكلەر ئاڭلىدى.

ئېمىل كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يۈزىنچى ياغاچ بوۋاينى ئويۇشقا باشلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ قانداقمۇ تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزگۈسى كەلسۇن. ئەكسىچە، ئۇ ھازىر ئاچچىقلانغانلىقىدىن زەھەرلىك چوموللىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ بىر كۈندە ئۈچ قېتىم سولاپ قويۇش بەكمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق، يەنە كېلىپ ئادىل بولمىدى، دەپ قارىغانىدى.

— دادام ھەممىلا يەردە تىمىسقىلاپ يۈرسە ماڭا نېمە ئامال؟ تاختىمۇشۇك قويۇپ قويسام، ئۇنىڭ قېرىشقاندەك شۇ يەرگە بېرىپ بارمىقىنى قىستۇرۇۋېلىشىنى مەن نەدىن بىلەي. نېمىدەپ چوشقا قېنى، بەرەڭگى ئۆمىچى بېشىغا قۇيۇلۇپ كېتىدىغان بۇنداق نەس باسقان ئىشلار ئۇنىڭغىلا ئۇچرايدىغاندۇ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





سىلەردىن بىر ئىشنى ئۆتۈنەي، سىلەر ھەرگىزمۇ ئېمىل دادىسىنى ياخشى كۆرمەيدۇ ياكى دادىسى ئېمىلنى ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ قالماڭلار، ئادەتتە ئۇ ئىككىسى ناھايىتى ئوبدان ئۆتىدۇ، لېكىن يۇقىرىقىدەك ئىشلار يۈز بەرگەندە ئاز ـ تولا سۈركىلىش بولۇشىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە!

28 ـ ئىيۇلمۇ ئۆتۈپ كېتەي دېدى. ئېمىل ياغاچچىلىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئويلىغانسېرى ئاچچىقى كەلدى. ئەسلىدە يۈزىنچى ياغاچ بوۋاي پۈتكەندە تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزمەكچىدى، قارىغاندا ئىمكانىيەت يار بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. مۇھىمى، بۈگۈن ھەپتە ئاخىرى، ئۇ ئارفىلدنى قانداقمۇ ياغاچچىلىق ئۆيىگە كېلىپ زىياپەتكە قاتنىششقا تەكلىپ قىلالىسۇن؟ ئارفىلدنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشلىرى بار. ئۇ يىللىقچىلار ياتىقىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ لىنا بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ، يەنە تېخى لىناغا ئاككوردىيون چېلىپ

بىرىدۇ، زىياپەتكە قاتنىشىدىغانغا نەدە ۋاقتى.

ئېمىل قولىدىكى پىچاقنى تاشلىۋەتتى. ئارقىلىدىمۇ يوققا چىقتى، ئۆزى يالغۇزلا قالدى. ئويلىغانسېرى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغانلىرىدىن ئاغرىندى. پۈتۈن بىر شەنبە ھەپتىنى كېچىمىنى كېچىشكىمۇ ۋاقىت بەرمەي، بىر كۆڭۈلەك بىلەنلا بۇ ئۆيگە سۆرەپ ئېلىپ كېلىپ سولاپ قويدى، مۇشۇمۇ ئىشمۇ؟ قارىغاندا، ئۇلار مېنى مەڭگۈ بۇ يەردە تۇرسۇن دەيدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنداقتا ماڭا قىلغان يامانلىقىنىڭ دەردىنى ئۆزلىرى تارتسۇن.

ئېمىل مۇشتۇمى بىلەن ئۇستەلنى جېنىنىڭ بارىچە مۇشتلاپ، «دوك ـ دۇك» ئاۋاز چىقاردى. بولىدۇ، ئۇنداقتا، ماڭا قىلغان يامانلىقىنىڭ دەردىنى ئۆزلىرى تارتسۇن. ئېمىل بىر ئۆمۈر مۇشۇ يەردە تۇرۇش قارارىغا كەلدى. ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇچىسىدىكى كۆڭۈلەك بىلەن مەڭگۈ مۇشۇ يەردىن چىقماي، ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلماي يالغۇز ياشايدىغان بولدى.

«مۇشۇنداق قىلسامغۇ رازى بولار ئۇلار، ئۇياق ـ بۇياق يۈگۈرۈپ يۈرۈشمۇ يوق. لېكىن، ئۇلار مېنىڭ بۇ ئۆيۈمگە كىرىمەن دەپ خام خىيال قىلىشمىسۇن، خەير ـ خوش! دادام بۇ يەرگە كىرىپ ياغاچ رەندىلەيمەنمۇ دېمىسۇن. بىر ھېسابتا بۇمۇ ئۇنىڭغا پايدىلىق بولدى، ياغاچ رەندىلەيمەن دەپ بارمىقىنى زەخىملەندۈرۈشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ھەرگىز ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيمەن!» دەپ ئويلىدى ئېمىل.

لېكىن، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئېمىلنىڭ ئاپىسى كەلدى. ئۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى ئىلغۇچنى ئېلىۋېتىپ، ئىشىكنى ئىتتەردى، ئاچالمىغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قورقما، قوزام، دادالڭ ئۇخلىغىلى كىرىپ كەتتى، ئەمدى چىقسالڭ بولىدۇ، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆينىڭ ئىچىدىن «خى» دېگەن مەنىستىمىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— نېمىگە «خى» دەيسەن، تېزدىن ئىشىكنى ئاچقىن، يېنىپ چىق، ئېمىل! — دېدى ئاپىسى.

— ھەرگىز چىقمايمەن، كىرىمەن دېگۈچى بولما، بولمىسا «ئوت» (ئوق) چىقىرىمەن! — دېدى ئېمىل غەزەپ بىلەن.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئوغلىنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ دېرىزە يېنىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ دەسلەپتە ئۇنىڭ راست دەۋاتقانلىقىغا ئىشەنمىدى، ئۇ قەتئىي ئىشىكنى ئاچمىغاندىن كېيىن، بالىسىنىڭ دېگىنىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ، يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېمىلنىڭ دادىسىنى ئويغاتتى.

— ئېمىل ياغاچچىلىق ئۆيىدىن چىققىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

ئىدامۇ ئويغىنىپ كېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇلار ھەممىسى ياغاچچىلىق ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. يىللىقچىلار ياتىقىنىڭ پەلەمپىيىدە ئولتۇرۇپ مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئارفىلد بىلەن لىنامۇ پارىڭىنى توختىتىپ ئۇلارغا ئەگەشتى، گەرچە لىنانىڭ بەك ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، قاراپ ئولتۇرسا بولمايدۇ - دە، ئېمىلنى بىر ئامال قىلىپ ئۆيدىن ئاچىقىش كېرەك.



دەسلەپتە ئېمىلنىڭ دادىسى ئانچە ئېرەنشىمىدى.

— بولىدۇ، قورسىقىڭ ئاچقاندا ئۆزلۈكۈڭدىن چىقارسەن، — دېدى دادىسى يۇقىرى ئاۋازدا.

ئېمىل يەنە بىر قېتىم «خى» دەپ قويدى.

ياغاچچىلىق ئۆيىدىكى ئۇستەلنىڭ كەينىدە ئېمىلنىڭ ناھايىتى ئوبدان بىر يېمەكلىك قاچىلايدىغان چېلەكنى بارلىقىنى دادىسى بىلمەيتتى. بۇ راست، ئۇنىڭدەك ئەقىللىق بالا قانداقمۇ ئاچ قالسۇن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇ يەرگە سولىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا چېلەكتىن ھەر دائىم يېمەكلىك ئۈزمەيتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە بولكا، پىشلاق، گۆش، گىلاس قېقى ۋە بىرنەچچە قاتتىق بولكا بار ئىدى. ھەتتا قورغاندا قامىلىپ قالغان قەدىمكى سامورايلاردىمۇ بۇنچە كۆپ يېمەكلىك بولۇپ باققان ئەمەس. ھازىر ئېمىلغا نىسبەتەن ياغاچچىلىق ئۆيى قورشاۋدا قالغان قەلئە ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قەلئەسىگە ھەرقانداق دۈشمەننىڭ يېقىنلىشىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. ئېمىل خۇددى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



جەڭ مەيدانىدىكى قوماندانغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك بىلەن دېرىزىگە يۆلىنىپ، «مىرتىقى» بىلەن «دۈشمەنلىرى» نى نىشانغا ئالدى.

— كىم بېشىدا كىرىشكە پېتىنىدىكەن، شۇنى ئېتىۋېتىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— ھەي، ئېمىل، ياخشى بالام، بۇنداق گەپنى قىلما، تېز قايتىپ چىققىن، — دېدى ئاپىسى يىغلاپ تۇرۇپ. لېكىن، بۇ گەپنىڭ ھېچقانچە رولى بولمىدى. ئېمىلنىڭ جاھىللىقى تۇتۇپ قالغاچقا، ئارفىلدنىڭ گەپلىرىمۇ كار قىلمىدى:

— ھەي ئېمىل، گېپىمنى ئاڭلاپ تېزدىن چىققىن، بىز كۆلگە بېرىپ سۇ ئۈزۈپ كېلەيلى، ئىككىيلەنلا بارىمىز !

— ياق، — دېدى ئېمىل گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — سەن لىنا بىلەن پەلەمپەيدە ئولتۇرىۋەرگىن، ھېچقىسى يوق، مەن... مەن بۇ يەردە تۇرىۋېرەي !

ئامال بولمىدى. ئېمىل جايىدا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى. قاتتىق - يۇمشاق چارىلەرنىڭ ھەممىسى كار قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قايتىپ كېتىپ ئۇخلاشتىن باشقا ئامال قالمىدى.

بۇ ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولغان بىر كېچە بولدى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى بىلەن ئىدانىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇمىدى، دادىسى بولسا چوڭقۇر ئۇھ تارتاتتى، ئۇ ئوغلىنى تولىمۇ سېغىنغانىدى. ئېمىل ئادەتتە ئاشۇ تەرەپتىكى كىچىك كارىۋىتىدا بۇدۇر چاچلىق بېشىغا شەپكىسىنى كىيىپ، يېنىدا مىلتىقىنى قويۇپ ئۇخلايتتى.

لىنا ئېمىلنى ھەرگىزمۇ سېغىنمىدى. ئۇنىڭ قايتىپ بېرىپ ئۇخلىغۇسىمۇ يوق ئىدى، ھېچكىمنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماي ئارفىلد بىلەن پەلەمپەيدە ئولتۇرغۇسى بار ئىدى. ئېمىلنىڭ

ياغاچچىلىق ئۆيىدىن چىقمىغىنىغا ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى.

— ئۇ كەپسىز ئۇ يەردە زادى قانچىلىك تۇرالايدۇ كىم بىلسۇن، — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى - يۇ، چاندۇرماي بېرىپ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى سىرتىدىن ئېلىپ قويدى.

ئارفىلد گارمۇن چالغاچ «بىگىم ئاتنى مىنىپ جەڭ مەيدانىدىن قايتتى» دېگەن ناخشىنى باشلىدى، ئۇ لىنانىڭ ئىشىكنى سىرتىدىن تاقاپ قويغىنىنى بايقىمىدى. ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئېمىلمۇ ئاڭلىدى، ئۇ كۆتەكتە ئازاب ئىچىدە ئولتۇراتتى.

لىنا ئارفىلدنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ دائىمقىدەك ئەركىلىدى. ئارفىلدمۇ بۇرۇنقىدەك جاۋاب قىلدى:

— بولدى، ئەگەر سەن توغرا كۆرسەڭ، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن سەن بىلەن توي قىلىمەن، لېكىن ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق.

— ئۇنداقتا كېلەر يىلى قىلايلى، — دەپ كېسىپ گەپ قىلدى لىنا. ئارفىلد بۇنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى، «يېڭى شىر



كېلىن» دېگەن ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى. ئېمىل ناخشىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئولتۇرغان يېرىدە «ئەگەر ئارفىلد بىلەن كۆلگە بېرىپ سۇ ئۈزۈپ كەلگەن بولسام نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك بولاتتى» دەپ ئويلىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — بولمىسا ئارفىلد بىلەن بىللە ئايلىنىپ، كۆلگە بېرىپ سۇ ئۈزۈپ، يەنە بۇ ئۆيگە قايتىپ كەلسەممۇ بولىدۇ - غۇ.

ئېمىل ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى، ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئىلىۋېتىپ جېنىنىڭ بارىچە ئىتتەرگەن بولسىمۇ، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئىشىكنى سىرتىدىن كىم تاقاپ قويغانلىقىنى ئېمىل دەرھال چۈشەندى.

— ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام، — دېدى ئۇ، — خەپ توختاپ تۇر.

ئۇ ئەتراپقا قارىدى، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. بىر قېتىم ئېمىل كەپسىزلىك قىلىپ چوڭ بالادىن بىرنى تېرىغاندىن كېيىن بۇ يەرگە سولاپ قويۇلغاندا دېرىزىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەچكە، دادىسى ئۇنى يەنە شۇنداق قىلمىسۇن ھەم دېرىزىنىڭ ئاستىدىكى چاققاققا سەكرىۋالمىسۇن دەپ، دېرىزىنى شال بىلەن توسۇۋەتكەنىدى. ئېمىلنىڭ دادىسى ئوغلىغا ئۇۋال بولۇشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيتتى، ئوغلىنى چاققاق چېقىۋالسا ...

— دېرىزىدىن چىقىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئېمىل، — ئىشىكتىنمۇ چىققىلى بولمىدى، «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ توۋلامدىم؟ ئۆلسەممۇ ئۇنداق قىلمايمەن. قانداق قىلىش كېرەك؟


ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن ئۆيدىكى ئوچاققا قارىدى. بۇ ئوچاققا ئادەتتە قىشلىقى ئوت يېقىلاتتى، دادىسى بەزىدە شىلىم قىزىتاتتى.

— توغرا، موريدىن چىققىلى بولىدۇ، — دېدى ئېمىل ئىككىلەنمەي، قىشتا ئوت قالاپ قىلىپ قالغان كۆلنىڭ ئۈستىگە سەكرىدى، پۇتلىرى كۆلگە كۆمۈلۈپ كەتتى، پۇتىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغىمۇ كۆل توشۇپ كەتتى.

ئېمىل موريدىن سىرتقا قاراپ قىزىقارلىق بىر مەنزىرىنى كۆردى. بېشىنىڭ ئۈستىدىكى كامارىدىن ئىيۇلدىكى قىزىل رەڭلىك ئاي ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى.

— خەيرلىك كەچ، ئاي، — دېدى ئېمىل، — بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتىدىغىنىمنى ھېلى كۆرىسەن، — ئۇ قورۇم باغلاپ كەتكەن مورىنى بويلاپ يۇقىرىغا ياماشتى.

ئەگەر سىزمۇ تار موريدىن يامىشىپ سىرتقا چىقىپ باققان بولسىڭىز، بۇنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى، قورۇمغا قانچىلىك مىلىنىپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلەتتىڭىز.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەمما، شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، بۇ ئىشلار ئېمىلغا ھەرگىزمۇ توسالغۇ بولالمايدۇ.

لىنا ھېلىقى قارغىش تەگكۈر پەلەمپەيدە ئارفىلدنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ ئولتۇراتتى، بولۇۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭ خىيالىنىمۇ كىرىپ قويمىغانىدى. ئېمىل دېدىغۇ «خەپ توختاپ تۇر» دەپ، ئۇ دېگىنىنى قىلدى. لىنا ئاسماندىكى ئايغا قارىدى ـ دە، چىرقىرىۋەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى تۈن نىسپىدە پۈتكۈل لۆننابىيەنى بىر ئالدى.

ــ بىر... كىچىك... جىن... ــ دېدى ئۇ، ــ مورىنىڭ ئۈستىدە بىر جىن تۇرىدۇ!

كىچىك جىن رىۋايەتلەردىكى ئالۋاستىلارنىڭ بالىلىرى، بۇرۇنلاردا سمالاندتىكىلەر ئۇنىڭدىن قورقاتتى. لىنامۇ كىلۇشا مايا ئېيتىپ بەرگەن قورقۇنچلۇق ھېكايىلەردىن كىشىلەرنىڭ بەزىدە مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق كىچىك جىنلارغا ئۇچراپ قالىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ بىر كىچىك قاپقارا جىنىنىڭ مورا ئۈستىدە ئولتۇرغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنىدە قانداقمۇ ۋارقىرىۋەتمەي تۇرالىسۇن؟

ئۇ جىننى ئارفىلدمۇ كۆردى، بىراق كۈلۈپلا قويدى.



ــ ئۇ جىننى مەن تونۇيمەن، ــ دېدى ئۇ، ــ تېز چۈشكىن، ئېمىل!

ئېمىل ئورنىدىن تۇردى، قاپقارا قۇرۇمدا بۇلغانغان كۆڭلىكى ئۇنى

جەڭگاھتىكى كوماندىرلارغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ قاپقارا مۇشتۇمىنى ھاۋاغا شىلتىپ، پۈتۈن لۆننابېيەگە ئاڭلانغۇدەك ۋارقىرىدى:

— بۈگۈن كېچە بۇ ئۆينى چوقۇم چۇۋۇۋېتىمەن، ئەمدى مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشقا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى!

ئارفىلد ئېمىلنىڭ يېنىغا بېرىپ قولىنى سۇندى.

— سەكرىگىن، ئېمىل، — دېدى ئۇ.

ئېمىل ئارفىلدنىڭ قوينىغا سەكرىدى، ئاندىن ئىككىسى كۆلگە بېرىپ يۇيۇندى.

كارتخۇلد قورۇقىنىڭ كۆلىدىكى ئاق رەڭلىك ياتما نىلۇپەر ئارىسىدا ئىككىسى خۇددى بېلىقتەك سۇ ئۈزۈشتى، ئېيۇلدىكى تولۇن ئاي خۇددى نۇرلۇق چىراغدەك ئۇلارغا نۇرىنى سېپىپ تۇراتتى.

— ئارفىلد، دوستلۇققا يارايدىكەنسەن.

— توغرا، ئېمىل، سەنمۇ دوستلۇققا يارايدىكەنسەن.

كۆل يۈزى ئاي شولىسىدا كۆزنى چاقنىتىپ پارقىراپ تۇراتتى، كۆل ئاستى بولسا قاپقاراڭغۇ ئىدى، چۈنكى ھازىر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يېرىم كېچە بولغانىدى. 28 - ئىيۇل مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى.

يېڭى بىر كۈن باشلانغاندا يەنە يېڭى - يېڭى كەپسىزلىكلەر يۈز بېرىدۇ. ئېمىلنىڭ ئاپىسى كۆك رەڭلىك خاتىرە دەپتىرىگە ئېمىلنىڭ كەپسىزلىكلىرى ھەققىدە بىلەكلىرى تىلىپ كەتكۈچە توختىماي يازدى، ئاخىر خاتىرە دەپتەر توشۇپ كەتتى، ئازراقمۇ بوش يېرى قالمىدى.

— يەنە بىر خاتىرە دەپتەر ئالمىسام بولمىدى، — دېدى ئاپىسى، — پات يېقىندا ۋىمورىبىدا بازار بولىدۇ، شۇ چاغدا يېڭىدىن بىرنى ئالاي، شۇ كۈنى بەرىبىر شەھەرگە كىرىمىزغۇ.

ئۇ شۇنداق قىلدى، ياخشىمۇ شۇنداق قىپتىكەن، بولمىسا ئېمىلنىڭ بازار كۈنى قىلغان كەپسىزلىكلىرىنى يازىدىغانغا خاتىرە دەپتەر بولماي قالاتتى.

— ئۇنى تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، — دەپ يازدى ئاپىسى خاتىرە دەپتىرىگە، — بىراق ئۇ چوڭ بولغاندا چوقۇم ئېغىر - بېسىق ئادەم بولىدۇ، لېكىن دادىسى بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

دادىسى خاتالاشقانىدى، ئاپىسىنىڭ گېپى توغرا چىقتى. ئېمىل ساغلام چوڭ بولدى، يەنە تېخى ئۆزى ئېيتقىنىدەك، مەھەللە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، پۈتۈن لۆننابىيە بويىچە ئەڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقتى. بىز يەنىلا ھېلىقى كۈنى ۋىمورىبىدا يۈز بەرگەن ئىشقا كېلەيلى، ئۇ چاغدا ئېمىل تېخى كىچىك ئىدى.

## 31 ـ ئۆكتەبىر، چارشەنبە

# ئېمىل ئۇتۇۋالغان ياغاچ ئات بىلەن دېرىزىدىن بۆسۈپ كىرىپ، پېتىر خانىم ۋە پۇتۇن ۋىمورىبنى قورقۇتۇۋەتتى

ھەر يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىدىكى چارشەنبە كۈنى ۋىمورىبى كەنتىدە ئەتىگەندىن كەچكىچە قايناق بازار بولىدۇ، بازار ئالامەت قىزىيدۇ، سىزنى ئالداۋاتقىنىم يوق. لۆننابىيەلىكلەر ۋە باشقا يەرلىكلەر بۇ بازارغا كېلىپ كالىلىرىنى سېتىپ، موزاي ئېلىپ، ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ، مۇھەببەتلىشىپ، كەمپۈت يېيىشىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆزئارا چېلىشىپ دېگەندەك ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىدۇ.

بىر قېتىم ئېمىلنىڭ ئاپىسى لىنانىڭ زېھنىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن «بىر يىلدا قانچە بايرام بار» دەپ سورىۋىدى، لىنا:

— ھە، مىلاد بايرىمى، پاسخا بايرىمى، ۋىمورىبى بازىرى، چوقۇم شۇنداق، — دېدى.

31 ـ ئۆكتەبىر كۈنى شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ نېمىشقا ۋىمورىبىغا كېلىدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز. سەھەر سائەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەشتە تاڭ يورۇماستىنلا ئارفىلد ماركوس بىلەن جۇرانىنى ھارۋىغا قوشۇپ، كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ يولغا چىقتى، كلۇشا مايالا مال - ۋارانلارغا قاراشقا قالدى.

— بىچارە كلۇشا مايا، سىزنىڭ بازارغا بارغۇڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى باغرى يۇمشاق ئارفىلد.

— مەن ئالجىپ قالمىدىم، — دېدى كلۇشا مايا، — بۈگۈن چوڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كېلىدۇ! ھە، لۇننابىيەدىكى ئۆيۈمدە ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئۇ يەرگە بارمايمەن.

سمالاندىكىلەر چوڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ كېلىشىنى ساقلاۋاتاتتى، «ۋىموربى گېزىتى» 31 - ئۆكتەبىر چوڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كېلىپ يەر شارى بىلەن سوقۇلۇپ، يەر شارىنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىشى مۇمكىن، دەپ خەۋەر بەرگەنىدى.

قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، ئەمما ئىشىنىمەنكى، ئۇ مەلۇم بىر پلانېتىدىن ئايرىلغان، ئالەم بوشلۇقىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان كىچىك نەرسە. ۋىموربىلىقلارغا جان تاتلىق بولغاچقا، بۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يەر شارىغا سوقۇلۇپ كەتسە، قىيامەت بولۇشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيتتى.

— بۇ كاساپەت مەخسۇس ۋىموربىدا بازار بولىدىغان كۈننى تاللاپ كەلگىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى لىنا ئاچچىقلاپ، — لېكىن ھېچقىسى يوق، ئۇ كەچتە كېلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭغىچە ئىشلىرىمىزنى پۈتكۈزۈپ بولىمىز، — ئۇ قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ، جەينىكىدە ئارفىلدنى نوقۇپ قويدى. ئۇ ئىككىسى ئارقىدا ئولتۇراتتى. لىنا بۇ كۈنگە زور ئۈمىد باغلىغانىدى.

ئېمىلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ئولتۇرغان بولۇپ، ئىدا ئاپىسىنىڭ، ئېمىل دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغانىدى. ئۇنداقتا هارۋىنى كىم هەيدىدى؟ ئەلۋەتتە، ئېمىل ـ دە. هە راست، سىزگە دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئېمىل ئۇستا هارۋىكەش ئىدى. ئۇنى ئارفىلد تەربىيەلەپ چىققان، ئات ـ هارۋىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنىڭ هەممىسىنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئۆگىتىپ بولغانىدى. ئاخىردا ئېمىلنىڭ بىلىدىغىنى پۈتۈن لۆننابىيەلىكلەردىنمۇ كۆپ بولۇپ چىقتى، ئېمىل ئاتنى كۆندۈرۈش جەھەتتە هەتتا ئارفىلدتىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. ئېمىل دادىسىنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇۋېلىپ هارۋىنى هەيدەۋاتاتتى، تۆرقى بىر تەجرىبىلىك هارۋىكەشنىڭ ئۆزى ئىدى، كۆرگەن كىشى بۇ شاكىچىك هارۋا هەيدەشنى راستىلا ئوبدان بىلىدىكەن، دەپ قالاتتى.

كەچتە يامغۇر ياغقانلىقتىن، تاڭ ئالدىدا لۆننابىيە، هەتتا پۈتكۈل سمالاندنى قاراڭغۇلۇق ۋە تۇمان قاپلىۋالغانىدى. ئورمان ئىچىدە يورۇقلۇقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. يولنىڭ ئىككى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



قاسىنىقىدىكى دەرەخلەر خۇددى تۇن نىسپىيدىكىدەك جىمجىت ۋە قاراڭغۇ ئىدى، پەقەت كارتخۇلد قورۇقىنىڭ ئات هارۋىسىلا بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ھەممەيلەن خۇشال ئىدى، ماركوس بىلەن جوران ئىتتىك كېتىۋاتاتتى، يولدىكى لاي ـ پاتقاقلار ئۇلارنىڭ تۇياقلىرىغا چاپلىشىپ قالغانىدى.

جورانغا تازا خۇشياقمىغاندەك ئىدى، چۈنكى ئۇ قېرىپ ماغدۇرىدىن قالغان، شۇڭا ئېغىلدا قالغۇسى بار ئىدى. ئېمىل دادىسىغا ماركوسقا ماس كېلىدىغان ياش ئاتتىن بىرنى ئالايلى، دەپ غەلۋە قىلغىلى خېلى بولغانىدى، ئېمىل دادىسىغا:

ــ بۈگۈن بازارغا بارغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاتتىن بىرنى ئېلىۋېتەيلى، ــ دېدى. لېكىن ئېمىلنىڭ دادىسى:

ــ سەن راستىلا ھەممە نەرسىگە قۇربىمىز يېتىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ جوران يەنە بىرنەچچە يىل كۆچ بېرەلەيدۇ، ئات ئالالمايمىز، ــ دېدى.

جوران ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدۇ. ئۇ تاغ يانباغرىدىن پەسكە قاراپ مېڭىۋاتاتتى. جوراننى ياخشى كۆرىدىغان ئېمىل بۇرۇنقىدەك ناخشا ئېيتىپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى:

ئېتىمنىڭ مېڭىشى سوك ـ سوك،
تىترەيدۇ پۇتلىرى دىر ـ دىر،
ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟
«مىرتىقىم» بىلەن مېنى كۆتۈرسىلا،
سوكۇلدىسىمۇ ھېچقىسى يوق،
داغدام يولدا ئالغا باسسىلا.

كارتخۇلد ئائىلىسىدىكىلەر ۋىموربىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ماركوس بىلەن جۇرانىنى قىچىر بازىرىغا يېقىن جايغا ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئايرىم پائالىيەت قىلىشتى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالغان ئىدانى يېتىلەپ، تۇخۇم بىلەن قوي يۇڭىنى سېتىپ، كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتەر ئالغىلى ماڭدى. ئارفىلدنىڭ لىنادىن قۇتۇلۇپ ئېمىلنىڭ دادىسى بىلەن قىچىر بازىرىغا بارغۇسى بولسىمۇ، لېكىن لىنانىڭ ئارفىلد بىلەن قەھۋە ئىچكۈسى بولغاچقا، ئۇنى قويۇپ بەرمەي چاپلىشىۋالدى.

سىز ۋىموربى بازىرىغا بېرىپ باققان بولسىڭىز، قىچىر بازىرىدا نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتىڭىز. كىشىلەر ئۇ يەردە ئات، كالا سودىسى قىلىشىدۇ. قىچىر بازىرى ئاللىقاچان قىزىپ كەتكەنىدى. ئېمىلنىڭ شۇ ئان ئۇ يەرگە بارغۇسى كەلدى؛ گەرچە سودىلىقى بولمىسىمۇ، ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ قاراپ باققۇسى بار ئىدى.

ــ ئۇنتۇپ قالماڭ، پېتىر خانىم بىزنى سائەت ئون ئىككىگە تاماققا چاقىرىپ قويىدى، ــ دېدى ئاپىسى ئىدا بىلەن بازار ئايلانغىلى مېڭىشتىن بۇرۇن.

ــ خاتىرجەم بولغىن، بۇنداق ئىش ھەرگىز ئېسىمدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ــ دېدى دادىسى، ئۇ ئېمىلنى باشلاپ ماڭدى.

لېكىن، ئېمىل قىچىر بازىرىغا بېرىپ ھايال ئۆتمەي بىر ئاتنى كۆرۈپ قالدى ! بۇ ئات ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى، بۇرۇن بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغانىدى. نېمىدېگەن ياخشى ئات ـ ھە ! ئۇ بىر چىلان تورۇق ئات ئىدى، بۇ يىل ئۈچ ياشقا كىرگەنىكەن. ئات بىر قوزۇققا باغلاپ قويۇلغان، خۇددى ئېمىلنىڭ ئۆزىنى سېتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلغاندەك، ئېمىلغا مۇلايىملىق بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





قارىدى. ئېمىلنىڭ ئەلۋەتتە ئۇنى سېتىۋالغۇسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئاتنى قانچىلىك سېتىۋالغۇسى كەلگەنلىكىنى بىلمەيسىز. ئۇ ئەتراپقا قارىدى، دادىسىنى تېپىپ، تاكى ئاتنى سېتىۋېلىشقا ماقۇل بولغۇچە تازا بىر جېدەل قىلماقچى بولدى. ئەمما، دادىسى كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى! دادىسى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرۈشكەن دېھقانلار ئارىسىدا غايىب بولغانىدى. قېچىر بازىرىدا ئاتلار كىشنەپ، يەرنى تارپىپ، كالىلار مۆرەپ ئەتراپنى

بىر ئالغانىدى.

«ئۇ دائىم شۇنداق قىلىدۇ، — ئېمىلنىڭ ئويلىغانلىرى ئاچچىقى كېلەتتى، — دائىم قالايمىقان مېڭىپ يۈرىدۇ، قارىغاندا ئۇنى بىر يەرگە ئېلىپ بارغىلى بولمايدىكەن».

ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسا بولمايتتى. مورىلىلادىن كەلگەن ئۇستىخانلىق بىر ئات سودىگىرى ئېمىلنىڭ ئالغۇسى بار ئاتقا كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ قارىغىنىچە كېلىۋاتاتتى.

— ئاتنى قانچىگە ساتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئات ئىگىسىدىن. ئاتنىڭ ئىگىسى تۇنادىن كەلگەن بويى پاكار دېھقان ئىدى.

— ئۈچ يۈز كروناغا، — دېدى دېھقان.

بۇنى ئاڭلىغان ئېمىلنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. دادىسىنىڭ يانچۇقىدىن بۇنچە كۆپ پۇلنى چىقارغۇزۇش يولۇۋاسنىڭ تېرىسىنى سويغان بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

«شۇنداقتىمۇ يەنىلا سىناپ بېقىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ. چۈنكى، ئۇ دېگەن پۈتۈن لۇننابىيە، ھەتتا سمالاند بويىچە ئۇچىغا چىققان جاھىل بالا تۇرسا. ئۇ كىشىلەر توپىغا قىسىلىپ كىرىپ دادىسىنى تاپماقچى بولدى. ئۇ ھەممە يەرنى ئىزدىدى، تاپالمىغانلىرى تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى. ئۇ توپلىشىپ تۇرغان دېھقانلار ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ ئىزدىدى، چۈنكى ئارقىسىدىن قارىغاندا ئۇلار دادىسىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى، ئەمما ئالدىدىن قارىسا ھەممىسى ناتونۇش ياكى لوكنىۋېردىن كەلگەن ناتونۇش دېھقانلار ئىدى.

ئېمىلنى شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالىدۇ، دەپ قالماڭ. قىچىر بازىرىدا بىر بايراق خادىسى بار ئىدى، بۇ ئېمىلنىڭ كۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چېلىقىپ قالدى. ئۇ دەرھال ئۇنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ چىقىپ، چىنىنىڭ بارچە ۋارقىرىدى:

— بۇ بالىنى تونۇيدىغان كىشى بارمۇ... ئۇنىڭ دادىسى يېتىپ كەتتى!

دەل شۇ چاغدا پەستىكى دېھقانلار، ئات ـ كالىلار توپىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئادەملەر توپى ئارىسىدا بىر يول پەيدا بولدى، بىر ئادەم بۇياققا قاراپ ئىتتىك كېلىۋاتاتتى. ئۇ باشقا كىشى ئەمەس، دەل ئۇنىڭ دادىسى ئىدى.

ئانتون سۋېنسون ئوغلىنى بايراق خادىسىدىن يۇلۇپ ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ قۇلىقىدىن سوزۇپ تۇرۇپ:

— ھۇ ھارامزادە، نەلەردە كەپسىزلىك قىلىپ يۈردۈڭ؟ نېمە دەپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا يوقاپ كېتىسەن؟ — دېدى.

ئېمىلنىڭ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرگۈدەك ۋاقتى يوق ئىدى.

— يۈر، — دېدى ئۇ، — بىر ئاتنى چوقۇم كۆرۈپ باقمىساڭ بولمايدۇ.

دادىسى ئەلۋەتتە ئۇ ئاتنى كۆرۈپ بېقىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ چاغدا ئات سېتىلىپ بولغانىدى. ئېمىل دادىسى بىلەن ئاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، موربىللادىن كەلگەن ئات سودىگىرى ئۈچ يۈز كرونا پۇلنى چىقىرىپ ھېلىقى دېھقانغا ساناپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇنى كۆرۈپ ئېمىل يىغلاشقا باشلىدى.

— بۇ چوقۇم ياخشى ئات، — دېدى ئات سودىگىرى.

— شۇنداق، بۇ بەك ياخشى ئات، — دەپ جاۋاب بەردى ئاتنىڭ ئىگىسى، لېكىن بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا قورسىقىدا جىن باردەك باشقا ياققا قارىۋالدى.

— ئاتنى تاقىلىماپسىز، بۇنى بىلىۋالدىم. لېكىن، ئۆيگە قايتىشتىن بۇرۇن ئۇنى تاقىلىتىۋالىمەن — دېدى ئات



سودىگىرى.

ئېمىل تۇختىماي يىغلاۋەردى، دادىسىنىڭ ئوغلىغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى.

— بولدى يىغلىما، ئېمىل، — دېدى ئۇ، ئاندىن چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، — بوپتۇ، نېمە بولسا بولار، ساڭا ئازراق كەمپۈت ئېلىپ بېرەي، — دېدى.

دادىسى ئېمىلنى باشلاپ مەيدانغا كەلدى، كەمپۈت ساتىدىغان مومايلار يايمىلىرىغا كەمپۈتلەرنى دۆۋىلەپ قويۇپ ئولتۇرۇشاتتى. دادىسى ئېمىلغا ئون ئېرىللىق كەمپۈت ئېلىپ بەردى. بىردەمدىن كېيىن دادىسى لۆننابېيەدىن كەلگەن بىر دېھقان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپ ئېمىلنى ئۇنتۇپ قالدى. ئېمىل ئاغزىدا لىق كەمپۈت، كۆزلىرى ياش يۇقى ئۇ يەردە ساقلاپ تۇردى، خىيالى يەنىلا شۇ ئاتتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ ئارفىلدنى كۆرۈپ قالدى، لىنا ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالغانىدى، ئارفىلد بەكمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئېمىل قاراپ تۇرسا، لىنا ئۇنى سۆرەپ زىبۇ - زىننەت دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئون يەتتە قېتىم ئۆتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئارفىلدنى شۇ يەرگە باشلاپ كىرىپ تويلۇق ئۈزۈك ئالدۇرغۇسى بار ئىدى.

— ھېلىمۇ ياخشى پۇتۇمنىڭ خېلى ماغدۇرى بار ئىكەن، بولمىسا قانداق بولار ئىدى، — دېدى ئارفىلد خۇشاللىق بىلەن. ئۇ ئېمىلنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئېمىل ئۇنىڭغا ئاتنىڭ ئىشىنى ئېيتتى. ئۇلار ئاتنى كارتخۇلد قورۇقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەكېتەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلاندى. ئالفرېد مەيدانىدىكى ساپال بۇيۇملار دۇكىنىدىن ئېمىلغا بىر ساپال كاككۇك ئېلىپ بەردى.

— بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن، — دېدى ئالفرېد. بازارغا كەلگەندىن بۇيان ئېمىلنىڭ كۆڭلىگە ئەڭ ياققان ئىش مۇشۇ بولغانلىقتىن، ئۇ ئازراق تەسەللىي تاپقاندەك بولدى.

— ۋاي - ۋۇي، ساپال كاككۇك سېتىۋېلىشقا ئەجەب پۇلۇڭ بار ئىكەن، — دېدى لىنا، — ھېلىقى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز قاچان كېلىدىكەن، كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن؟

قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كۆرۈنمىدى، چۈنكى سائەت ئون ئىككىمۇ بولمىغانىدى، ئالدىرىغۇدەك نېمىسى بار.

ئالفرېد بىلەن لىنا ماركوس بىلەن جۇرانىڭ يېنىغا ماڭدى، ئۇلارمۇ چۈشتە ئاز - تولا بىرنەرسە يېمىسە بولمايدۇ - دە. ئۇلارنىڭ يەم - خەشىكى ئات ھارۋىسىدىكى ساندۇقتا ئىدى. ئېمىلنىڭمۇ ئۇ ئىككىسى بىلەن بىللە بارغۇسى بار ئىدى، لېكىن سائەت ئون ئىككىدە پېتىر خانىمنىڭ ئۆيىگە تاماققا بارمىسا بولمايتتى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ دادىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

مەيلى ئىشىنىڭ ياكى ئىشەنمەڭ، دادىسى يەنە يىتىپ كەتتى!



ئۇ بازارغا كەلگەن كەمپۈت ساتىدىغان موماي‌لار، ساپال بۇيۇم ياسايدىغانلار، سېۋەت توقۇيدىغانلار، چوتكا ياسايدىغانلار، شار ساتىدىغانلار، مۇزىكا چالىدىغانلار ۋە باشقا بىكارچىلار ئارىسىدا يوقاپ كەتتى.

— ئۇنىڭدەك ئاسان يىتىپ كېتىدىغان ئادەم يوق، كېلەر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە ئۆيگە تاشلاپ قويىمىسام ئۇنى، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى مېنىڭ، — دېدى ئېمىل.

دادىسىنى يىتتۇرۇپ قويغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىشەنچى يوقىمىدى. ئۇ شەھەرگە كېلىپ باققان، پېتىر خانىمنىڭ ئۆيگە قانداق بېرىشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ خانىمنىڭ ئۆيى ئۆزگىچە بولۇپ، كوچىغا قاراپ تۇرىدىغان تەرىپى ئەينەكلىك كارىدور ئىدى، «ئۇ يەرنى تېپىپ بېرىش تەس ئەمەسقۇ» دەپ ئويلىدى ئېمىل.

پېتىر خانىم ۋىموربىدىكى ئېسىلزادە خانىملارنىڭ بىرسى، ئۇنىڭ كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەرنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىشى ئادەمنى بىر ئاز ھەيران قالدۇرىدۇ. مەن مۇنداق قارايمەن: پېتىر خانىمنىڭ ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرىشى ھەرگىزمۇ ئېمىلنىڭ ئاپىسىنىڭ دائىم ئۇنىڭغا قېزا ئەكېلىپ بەرگەنلىكىدىن ياكى باشقىلاغا قارىغاندا ئۇنىڭ قېزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، ئەلۋەتتە، ھەرگىزمۇ بۇ سەۋەبتىن ئەمەس. بىراق، پېتىر خانىمنىڭ كارتخۇلد قورۇقىغا دائىم زىياپەتكە بارىدىغىنى راست. گىلاس زىياپىتى، راك زىياپىتى، پىشلاق زىياپىتى ۋە باشقا زىياپەتلەردە مېھمانلار قېزا، قوۋۇرغا قورۇمىسى، كالا گۆشى قورۇمىسى، گۆش كۇمىلىچى، تۇخۇم قورۇمىسى، يىلانبېلىق شورپىسى قاتارلىق ئېسىل تائاملاردىن ھۇزۇرلىنالايتتى. پېتىر خانىم خەقنىڭكىگە

بىر بۇەرگەچكە، «بىر تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم، دېگەن گەپ بار، مەنمۇ چاقىرىپ قويمىسام بولماس» دەپ ئويلىدىمۇ قانداق، كارتخولد قورۇقىدىكىلەر بازارغا كەلگەن كۈنى ئۇلارنى ئۆيىدە كۈتۈۋېلىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇلارغا بېلىق بىلەن شىرنىلىك كۆك مېۋە شورپىسى ئېتىپ بەرمەكچى بولدى. بېلىق ئاز بولغاچقا، پېتىر خانىم ئۆزى سائەت ئون بىردىلا كالىنىڭ سان گۆشى بىلەن چوڭ بىر پارچە ئۆرۈك مېغىزى تورتى يەۋالدى، ئەگەر ئۆزىمۇ ئولتۇرۇپ بېلىق يەپ، كەلگەن مېھمانلارنىڭ قورسىقى تويمىسا، نېمىدېگەن سەتچىلىك. ياق، ئۇ قانداقمۇ مېھمانلار بىلەن تاماق تالاشسۇن!

شۇ تاپتا ئۇلار — ئېمىلنىڭ دادىسى، ئاپىسى، ئىدا ئەينەكلىك كارىدوردىكى تاماق شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىدى.

— ھېلىقى هارامزادە يەنە يوق، بىر توپ بۆرگىگە قارىماقمۇ ئۇنىڭغا قارىغاندىن ئاسانغا توختايدۇ، چۈنكى بۆرگىمۇ ئۇنىڭدەك تېز قېچىپ كېتەلمەيدۇ، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى.

ئۇ ئېمىلنى دەۋاتاتتى.

ئېمىلنىڭ دادىسى ھەممە يەرنى ئىزدىدىم، دېگەن بولسىمۇ، ئېمىلنىڭ ئاپىسى يەنىلا ئوغلىنى ئىزدەپ باقماقچى بولدى.

لېكىن پېتىر خانىم:

— مەن ئېمىلنى ئوبدان چۈشىنىمەن، ئۇ چوقۇم بۇ يەرنى تېپىپ كېلەلەيدۇ، — دېدى.

ئۇ راست دەپتىكەن. مانا ئېمىل ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتاتتى. كۆز ئالدىدىكى بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۇ قەدىمىنى توختاتتى. پېتىر خانىمنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى گۈللۈكى بار چىرايلىق ئۆي شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيى ئىدى،



گۆللۈكتىكى ئالما دەرەخلىرى ئارىسىدا بىر كىچىك ئوغۇل بالا ياغاچ پۇتتا مېڭىۋاتاتتى، ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ بەگزادىسى گوتفرىد ئىدى. ئۇ ئېمىلنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ سىرىنگۈل ئارىسىغا بېشىچىلاپ دۈم چۈشتى.

ئەگەر سىزمۇ ياغاچ پۇت كىيىپ باققان بولسىڭىز، بۇنداق ئېگىز ياغاچ پۇت ئۈستىدە تۇرۇپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان بولاتتىڭىز. گوتفرىد دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزارغىنىچە ئېمىلغا قارىدى. ئىككىسىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى پۈتۈنلەي ئوخشايتتى. ئۇلار تۈنجى قېتىم ئۇچرىشىشىدىلا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. گوتفرىد بىلەن ئېمىل بىر - بىرىگە كۈلۈمسىرەپ قاراشتى.

— مېنىڭمۇ سېنىڭكىدەك شەپكىدىن بىرنى ئالغۇم بار، مەن كىيىپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى گوتفرىد.

— بولىدۇ، لېكىن سەنمۇ ياغاچ پۇتىڭنى ئوينىغىلى قويامسەن؟ — دېدى ئېمىل

گوتفرىد بۇ ناھايىتى جايىدا ئالماشتۇرۇش بولغۇدەك، دەپ قارىدى.

— مېنىڭچە، سەن ئۇستىگە چىقالمايسەن، بۇ تولىمۇ تەس، — دېدى گوتفرىد.

— سىناپ باقاي.

ئۇنىڭ ماھارىتى گوتفرىدنىڭ پەرەز قىلغىنىدىن خېلىلا ياخشى بولۇپ چىقتى، ياغاچ پۇتقا بىر دەسسەپلا چىقىۋالدى، ئاندىن دەلدەڭشىگىنىچە مېڭىپ دەرەخلەر ئارىسىدا غايىب بولدى، ئۇ شۇ تاپتا پېتىر خانىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يەيدىغان ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى.

ئەينەكلىنىك كارىدوردا كاتخولد قورۇقىدىكىلەر بىلىقنى بىردەمدىلا يەپ بولدى، ئەمدى شىرنىلىك كۆك مېۋە شورپىسىغا نۆۋەت كەلدى. شورپا جاۋۇرغا ئۇسۇلغان، خېلى جىق ئىدى. شورپا شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلدى.




— ئىچىڭلار، تارتىنماي ئوبدان يېقىڭلار، — دېدى پېتىر خانىم.

ئۇنىڭ ھازىرچە ئىچكۈسى يوق بولغاچقا، شورپىنى تېتىپمۇ قويمىدى، لېكىن گەپنى بەك كۆپ قىلدى. چوڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئۇنىڭ پارىڭىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ۋىموربىلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ تېمىدىن چەتنەپ كېتەلمەيتتى.

— بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ھەممىنى ۋەيران قىلىۋەتسە، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، — دېدى پېتىر خانىم.

— ھەي، كىم بىلىدۇ، بۈگۈنكى بۇ شىرنىلىك كۆك مېۋە شورپىسى ئەڭ ئاخىرقى تامىقىمىز بولۇپ قالامدۇ تېخى، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

ئېمىلنىڭ دادىسى دەرھال قاچىسىنى سۇنۇپ:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مەن يەنە ئازراق ئىچەي، پۇرسەت غەنىيمەت، — دېدى.

لېكىن، پېتىر خانىم ئۇنىڭغا شورپا ئۇسۇپ بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا، تۇيۇقسىز پېتىر خانىمنىڭ ئارقىسىدىكى دېرىزىدىن جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەينەك پارچىلىرى ۋە يوغان بىرنەرسە ئۇچۇپ كىرىپ شورپا جاۋۇرىغا چۈشتى، كۆك شىرنىلىك مېۋە شورپىسى ئەتراپقا چاچرىدى.

— قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە هوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى پېتىر خانىم.

ئۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى ئېمىل ئىدى. ئۇ خۇددى «قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك» دېرىزىدىن ئېتىلىپ كىرىپ شورپىغا چۈشۈپ كەتكەچكە، ھەممە يەرگە شورپا چاچراپ كەتكەنىدى. ئەينەكلىك كارىدورنىڭ ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، ئېمىلنىڭ ئاپىسى چىرقىراۋاتاتتى، دادىسى غەزەپ بىلەن توۋلاۋاتاتتى، ئىدا يىغلاۋاتاتتى، پەقەت پېتىر خانىملا جىم، چۈنكى ئۇ پول ئۈستىدە هوشسىز ياتاتتى.

— دەرهال ئاشخانىغا كىرىپ سوغۇق سۇ ئاچىقىڭلار، ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ سەپمىسەك بولمايدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى ئېمىلنىڭ دادىسى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى ھېچنېمىگە قارىماي يۈگۈردى، ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇنىڭ كەينىدىنلا سوكۇلدىشىپ ماڭدى ھەمدە ئۇنى ئالدىراتتى.

شورپا جاۋۇرىدىن تىركىشىپ چىققان ئېمىلنىڭ يۈز - كۆزلىرى كۆكپەك بولۇپ كەتكەنىدى.

— نېمىدەپ تاماق ۋاقتىدىلا چاتاق چىقىرىسەن، — دەپ ئەيىبلىدى ئىدا.

ئېمىل ئىداغا جاۋاب بەرمەكتە يوق، ئەكسىچە:



— گوتفرىدنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن، ياغاچ پۈتتا رېشاتكىدىن ئۆتسە بولمايدىكەن. بۇنى ئاخىر ئىسپاتلاپ چىقتىم، — دېدى، پولدا ياتقان بىچارە پېتىر خانىمنى كۆرۈپ دەرھال ھېسداشلىق قوزغالدى.

— ئازراق سۇ ئەكېلىشكىمۇ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كېتەمدۇ؟ جاننى قۇتقۇزۇش مۇھىم تۇرسا! — دېدى ئۇ.

بۇ جىددىي پەيتتە بىر ئەپچىل چارە ئۇنىڭ كاللىسىدىن يالت قىلىپ ئۆتتى. ئۇ دەرھال شورپا جاۋۇرىنى ئېلىپ، قالغان شورپىنىڭ ھەممىسىنى پېتىر خانىمنىڭ يۈزىگە چاچتى. مەيلى ئىشىنىڭ - ئىشەنمەڭ، بۇ چارە راستلا كارغا كەلدى.

پېتىر خانىم ئاغزىدىن «بۇلدۇق، بۇلدۇق» ئاۋاز چىقىرىپ ئورنىدىن تۇردى. شورپىنى جىقراق قىلسا مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە كارغا كېلىدىغىنىنى سىزمۇ بىلىۋېلىڭ.

دادىسى بىلەن ئاپىسى سۇنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كىرگەندە:

— مەن ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ بولدۇم، — دېدى ئېمىل پەخىرلىنىپ تۇرۇپ.

لېكىن، دادىسى ئېمىلغا قاراپ غەزەپ بىلەن:

— بىلدىم، ئۆيگە قايتقاندا سەن يەنە ياغاچچىلىق ئۆيىگە كىرىپ خاتالىقىڭنى تونۇيسەن، — دېدى.

پېتىر خانىمنىڭ بېشى قېيىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈزىمۇ ئېمىلنىڭكىدەك كۆك تۇراتتى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى چاققانلىق بىلەن قولىغا چوتكىدىن بىرنى ئالدى، خانىمنى سافاغا ياتقۇزۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





چوتكىلاشقا باشلىدى، ئاندىن ئېمىلنى، پولنى چوتكىلىدى. ئېمىلنىڭ بىر قۇلىقىدا ئازراق ئىز قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئاساسەن پاكىز بولغانىدى. ئاپىسى يەنە ئەينەك پارچىلىرىنىمۇ تېرىۋەتتى. دادىسى بولسا ئەينەكچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ ئەينەكتىن بىرنى ئەكېلىپ، سۇنغان ئەينەكنىڭ ئورنىغا سېلىپ قويدى. ئېمىل ياردەم قىلاي دېۋىدى، دادىسى ئۇنى ئەينەككە يېقىن كەلتۈرمىدى.

— نېرى تۇر، سىرتقا چىقىپ كەت، ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا ئاندىن كىرگىن، — دېدى دادىسى كەسكىنلىك بىلەن.

ئېمىل قارشىلىق بىلدۈرمىدى. ئۇنىڭ گوتفرىد بىلەن يەنە پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى، چۈنكى شورپا جاۋۇرىغا يىقىلىپ چۈشكەندە ئاغزىغا كىرىپ كەتكەن بىرنەچچە يۇتۇم شورپىدىن باشقا ئۇ تېخى ھېچ نەرسە يېمىگەنىدى.

— ئۆيىڭلاردا يەيدىغان بىرەر نەرسە بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆيىنىڭ چېتىلىقى ئالدىدا تۇرغان گوتفرىدتىن.

— بار، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى گوتفرىد، — بۈگۈن دادامنىڭ ئەللىك ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى، ئۆيىمىزدە زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. يېمەكلىكنىڭ كۆپلۈكىدىن يېمەكلىك ساقلاش ئۆيىنىڭ ئىشىكى يېپىلماي قالدى.

— ئۇنداقتا، مەن سىلەرگە تەمىنى تېتىپ بىرەي، — دېدى ئېمىل.

گوتفرىد ئوشۇق گەپ قىلماي، ئاشخانىغا كىرىپ چوڭ بىر تەخسىدە يەيدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. تەخسىدە شاھزادە قېزىسى، گۆش كۇمىلىچى، گۆشنان، يەنە باشقا نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. ئىككىسى رىشاتكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولدى. ئېمىل تولىمۇ رازى بولدى.

— بۈگۈن كەچتە سالىيوت ئاتىمىز، ۋىموربىنىڭ تارىخىدا ئەڭ داغدۇغىلىق سالىيوت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلمەكچى، — دېدى گوتفرىد ئاخىرىدا.

ئېمىل مۇشۇ كەمگىچە سالىيوت ئاتقاننى كۆرۈپ باقمىغانىدى. لۆننابىيەدە كىشىلەر بۇنداق ئەخمىقانە پائالىيەتنى قىلمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغىنى، بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان سالىيوت كېچىلىكىنى ئۇ كۆرەلمەيدىغان بولدى، چۈنكى ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۆيىگە قايتىشى كېرەك ئىدى.

ئېمىل تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. سىز ئوبدانراق ئويلاپ باقسىڭىز، بۈگۈن ھەقىقەتەن بىر كۆڭۈلسىز كۈن بولغانلىقىنى



www.uyghurkitap.com



ھېس قىلىسىز. ئاتنى ئالالمىدى، ساليۇت ئاتقاننى كۆرەلمىدى، ئۇنى ئەمدى پەقەت قاتتىق تەنبىھ بىلەن ياغاچچىلىق ئۆيىلا ساقلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھەممە سەرگۈزەشتىلىرى مۇشۇ ئىدى.

ئۇ گوتفرىد بىلەن قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى. مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ ھەمىشە ئارفىلدنى تاپاتتى، چۈنكى ئۇ ئېمىلنىڭ دوستى ھەم ھېسداشلىق قىلغۇچىسى ئىدى.

لېكىن، ئارفىلد نەدىدۇر؟ كوچىلار ئادەملەر بىلەن لىق تولغان، بازارغا كەلگەنلەرنىڭ سانى ۋىموربى ئاھالىلىرى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئىدى. بۇنداق كۆپ ئادەمنىڭ ئارىسىدىن ئارفىلدنى تاپماق ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئېمىل بىرنەچچە سائەت ئايلاندى، بۇ جەرياندا يەنە كۆپ ئىشلارنى تېپىرىدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى خاتىرىلەنمىدى، چۈنكى بىلىدىغان كىشى يوق ئىدى. ئۇ ئارفىلدنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى.

ئۆكتەبىر ئېيىدا كۈن قىسقا بولاتتى، شۇڭا بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. بازارمۇ ئاخىرلاشتى، بازارغا كەلگەنلەر ئۆيلىرىگە قايتىشقا ئالدىرايتتى. سىز بەلكىم ۋىموربىلىقلارمۇ ئالدىبۇرۇن ئۆيلىرىگە قايتىپ بولدى، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تېخىچە كوچىلاردا كۈلۈشۈپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ يۈرەتتى. ئۇلار بۈگۈن تولىمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتى، بۇنىڭغا ھەيران قالماڭ، چۈنكى بۈگۈن ئالاھىدە بىر كۈن تۇرسا! بىرىنچىدىن، بازار كۈنى، ئىككىنچىدىن، شەھەر باشلىقىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ھېلىقى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كەلگۈدەك بولسا، ھەممە ئىش تۈگىشەتتى. سىزمۇ سەزدىڭىزغۇ دەيمەن، ۋىموربىلىقلارنىڭ تەق - تۇرقى، روھىي ھالىتى غەلىتە بولۇپ قالغانىدى، ئۇلار قاراڭغۇدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىشاتتى،

خۇددى بىرەر نەرسىنى ساقلاۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەمما ساقلاۋاتقىنىنىڭ خۇشاللىق ياكى بالايىئاپەت ئېكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق روھىي كەيپىياتتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ، كوچىلارنى بېشىغا كىيىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى، ئەلۋەتتە! بىراق، ئۆيلەر جىمجىت، مۇشۇك بىلەن نەۋرىلەرگە قارايدىغان مومايلاردىن باشقا ھېچ كىشى يوق ئىدى.

ئەگەر سىزگە ۋىمورىبىدەك كىچىك شەھەرگە بازار كۈنى بېرىش پۇرسىتى كېلىپ قالسا، قاراڭغۇدا شىغىل ياتقۇزۇلغان يولدا سەيلە قىلىشنىڭ نەقەدەر كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايسىز. دېرىزىدىن ئۆيدىكى مومايىنى، نەۋرىسىنى، مۇشۇكىنى كۆرگىلى بولاتتى. قاپقاراڭغۇ يول ۋە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ھويلىغا كىرسىڭىز، بازارغا كەلگەن دېھقانلارنىڭ هارۋىلىرىنى بۇ يەرگە توختىتىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشتىن بۇرۇن يىۋا ئىچىشىۋاتقىنىنى كۆرەلەيسىز. ئېمىل بۇلارغا ناھايىتى قىزىقىش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ھازىر ئۇنىڭ بايىقى چۈشكۈن كەيپىياتى يوقىلىپ، ئارفىلدنى چوقۇم تاپالايدىغىنىغا ئىشەنچى ئاشتى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئاخىر ئارفىلدنىمۇ تاپتى، ئەمما بۇ جەرياندا باشقا بىر نەرسىنى بايقاپ قالدى.

ئۇ بىر ئارقا كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، بىر قاراڭغۇ ھويلىدىن چىقىۋاتقان چۇقان - سۈرەننى ئاڭلاپ قالدى، بۇ دەل بىرنەچچە ئەرنىڭ ۋارقىرىشىۋاتقان، تىللىشىۋاتقان، بىر ئاتنىڭ كىشنەۋاتقان ئاۋازى ئىدى. ئېمىل دەرۋازىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ھويلىنىڭ ئىچىدە بىر كونا ئات تاقىلاش دۇكىنى بار ئىكەن، ئوچاقتىكى ئوتنىڭ سۇس يورۇقىدا ئۇ بىر ئاتنى، ھېلىقى ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئاتنى پەرق ئېتەلىدى. ئاتنىڭ ئەتراپىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرغان بىر توپ ئەرلەر ئاچچىقىدىن يېرىلاي دەپ قالغانىدى. ئېيتىپ بېقىڭە، ئۇلار نېمىگە ئاچچىقلىنىۋاتقاندۇ؟ ئەسلىدە بۇ چىلان توروق ئاتنىڭ تۇياقلىرىنى تاقىلاتقۇسى يوق ئىكەن، تاقىچى ئۇنىڭ پۇتىنى كۆتۈرسىلا تېپەتتى، ئەتراپتىكىلەر قورقىنىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشاتتى. تاقىچى جىلە بولغىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— ئۆمرۈمدە قانچە ئاتنى تاقىلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، لېكىن بۇنىڭدەك ئاتنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ.

تاقىچىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيسىزغۇ دەيمەن؟ ئۇ ئاتنىڭ تۇيىقىغا ئاياغ كىيدۈرىدىغان ئادەم، چۈنكى ئاتمۇ سىزدەك ئاياغ كىيمىسە بولمايدۇ، ئۇنداق قىلمىسا، ئاتنىڭ تۇيىقى ئۇپراپ يېرىلىپ كەتسە، سىلىق يەردە تېيىلىپ ماڭالمايدۇ. ئات كىيىدىغان ئاياغ ئادەتتىكى ئاياغ ئەمەس، بەلكى



بىر خىل ياي شەكىللىك تۆمۈر بولۇپ، مىخ بىلەن ئاتنىڭ تۇيىقىغا قېقىلىدۇ. بۇنى كۆرسىڭىز ئۇنىڭ ناھايىتى ئاسانلىقىنى بىلىسىز.

ئەمما، بۇ چىلان تورۇق ئات تاقا قويدۇرۇشقا زادى ئۇنىمىدى. ئۇ ئارقا پۇتىنى بىرسى تۇتمىسا جىم تۇراتتى، لېكىن تاقىچى يېقىن كەلسىلا، بايا ئېمىل كۆرگەندەك ئەسەبىيلەرچە سەكرەپ كېتەتتى. ئالتە ـ يەتتە ئەر كىشى خېلى ھەپىلىشىپمۇ ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىدى. بۇ ئاتنى سېتىۋالغان موربىلادىن كەلگەن ئات سودىگىرىنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقى كەلدى.

— ئۆزۈم بىر تۇتۇپ بېرەي، — دېدى ئۇ ئاخىر ۋە قاتتىق غەزەپ بىلەن ئاتنىڭ ئارقا پۇتىنى كۆتۈردى. لېكىن، ئات بىر تېپىپ بىلەن ئۇنى سۇ ئازگىلىغا چۈشۈرۈۋەتتى.

— بولدى، بولدى، كۈچۈڭلارنى زايە قىلماڭلار، — دېدى باشتىن ـ ئاخىر ياندا قاراپ تۇرغان بىر قېرى دېھقان، — ماڭا ئىشىنىڭلار، بۇ ئاتنى تاقىلىغىلى بولمايدۇ، تۇنادا كىشىلەر ئۇنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاز دېگەندە يىگىرمە قېتىم تاقىلىماقچى بولغاندۇ، ئەمما تاقىلىيالمىغان.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئات سودىگىرى ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، غەزەپ بىلەن:

— بولدى، بۇنى كىمنىڭ ئالغۇسى بولسا شۇ ئالسۇن، بۇنداق ئاتنى كۆرەر كۆزۈم يوق، — دەپ ۋارقىرىدى.

دەل شۇ پەيتتە بىرسى ئالدىغا كەلدى. ئېمىلدىن باشقا يەنە كىم بولسۇن دەيسىز؟

— مەن ئۇنىڭغا تاقاپ بېرەلەيمەن، — دېدى ئۇ. ئات سودىگىرى مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ قويۇپ:

— ئۆزۈڭنى چاغلاپ گەپ قىل، شاكىچەك، — دېدى.

ئات سودىگىرىنىڭ ئاتنى سېتىۋېتىمەن دېگىنى كۆڭلىدىكى گەپ ئەمەس ئىدى، لېكىن ئەتراپتا تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى، ئۇ گېپىدە تۇرۇشى كېرەك ـ دە، شۇڭا ئۇ:

— بولىدۇ، ئەگەر سەن ئۇنى بويسۇندۇرۇپ، بىز ئۇنى تاقىلىيالىساق، بۇ ئات سېنىڭ ! — دېدى.

ئەتراپتىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، چۈنكى بۇ ئاتنى ھېچكىم بويسۇندۇرالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىناپ باققان تۇرسا !

ئېمىلنىڭ ئۇنچىۋالا دۆت ئىكەنلىكىگە چوقۇم ئىشەنمەيسىز. ئۇ ئاتنى لۇننابىيە، ھەتتا پۈتۈن سمالاندتىكى ھەرقانداق بىر كىشىدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدىغان تۇرسا. ئېمىل بۇ ئات نېمىشقا ئادەمنى يېقىن كەلتۈرمەيدۇ، دەپ ئويلىدى.

«ھە، ئەسلىدە ئۇ لىناغا ئوخشاش غىدىقلاشتىن قورقىدىكەن ـ دە !»

مانا بۇ مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى، بۇنى پەقەت ئېمىللا چۈشىنىدۇ. تاي ئەلۋەتتە غىدىقلاشتىن قورقىدۇ، شۇڭا ئۇ ئاشۇنداق قىلغان، كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقا پۇتىنى تۇتقاندا، خۇددى ئىنىانى غىدىقلىسا كۈلۈپ تېلىقىپ قالغاندەك، ئۇمۇ شۇنداق قىلغان گەپ. باشقىلار قولتۇقىڭىزنى غىدىقلىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى سىزمۇ بىلىسىز.

ئېمىل ئاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۆچلۈك قوللىرى بىلەن ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئاڭلاپ تۇرغىن، مېنىڭ پەقەت ساڭا تاقا قويدۇرۇپ بەرگۈم بار، سېنى ھەرگىز غىدىقلىمايمەن، — دېدى.

تېپىپ بېقىڭچۇ، ئېمىل قانداق قىلدى؟ ئۇ ئايلىنىپ ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئارقا پۇتىنى شۇنداقلا كۆتۈردى، تاي بېشىنى قايرىپ ئېمىلنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك مۇلايىملىق بىلەن قاراپلا قويدى. ئەگەر سىز ئات تۇيىقىنىڭ پۇتىڭىزنىڭ تىرنىقىغا ئوخشاش سەزگۈر ئەمەسلىكىنى بىلسىڭىز چۈشىنەتتىڭىز، ئۇنىڭ ئازراقمۇ غىدىقى كەلمىدى.

— قېنى مەرھەمەت، تاقىنى ئەكېلىڭ، مەن ئۇنى تۇتۇۋالدىم، — دېدى ئېمىل تاقىچىغا.



چۆرىدەپ قاراپ تۇرغانلار ھەيران قالغىنىدىن ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپلا قالدى، ئېمىل تاقىچىغا ياردەملىشىپ تۆت تاقىنى قويدۇرۇش جەريانىدا كىشىلەر توختىماي بارد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كاللا ئېيتىشتى.

ئات تاقىلىنىپ بولۇندى، ئات سودىگىرى جىددىيلىشىشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ دېگەن گېپىنى ئۇنتۇمىغانىدى، لېكىن دېگەن گېپىدە تۇرغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەمىيىنىدىن بەش كرونا ئېلىپ، شۇ پۇل بىلەن ئېمىلنى يولغا سالماقچى بولدى.

— بۇ پۇلنى بەرسەم يېتەر، — دېدى ئۇ.

لېكىن، ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ئاچچىقى كەلدى، چۈنكى ئۇلار ئادىل، لەۋزىدە تۇرىدىغانلاردىن ئىدى.

— كۆتۈرگىن بۇ قىلىقىڭنى، ئاتنى چوقۇم بۇ بالىغا بېرىسەن، — دەپ تۇرىۋالدى ئۇلار.

دېگەن گەپ گەپ بولدى. ئات سودىگىرى ناھايىتى باي كىشى ئىدى، كۆپچىلىك ئۇنىڭ يۈزى چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بولسىمۇ ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— بوپتۇ، ئۈچ يۈز كرونا دېگەن جىق گەپ ئەمەس، بۇ ئۆلگۈر ئاتنى ئېلىپ يوقال! — دېدى ئۇ.

ئېمىلنىڭ قانچىلىك خۇش بولغىنىنى بىلەمسىز! ئۇ ئەمدى تاقىلانغان ئېتىغا مىنىپ، گېنېراللاردەك ھەيۋە بىلەن دەرۋازىدىن چىقتى. دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى مۇبارەكلىدى.

— پەقەت ۋىموربىدىلا بۇنداق ئىش يۈز بېرىدۇ! — دېدى تاقچى.

ئېمىل ئېتىغا مىنىپ قايناق كوچىلاردىن ئۆتتى، خۇشاللىقتىن چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. چوڭ كوچىغا چىققاندا قىستا - قىستاڭ ئادەملەر توپى ئىچىدىن ئارقىلىق چىقىپ كەلدى. ئۇ ھەيرانلىقىدىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئېمىلدىن:

— پەرۋەردىگارىم، نەدىن كېلىپ قالغان ئات بۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ ئېتىم، ئىسمى لۇكاس، ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، ئۇ لىنادەك غىدىقلاشتىن قورقىدىكەن.

دەل بۇ چاغدا لىنا كېلىپ، ئارفىلدىنىڭ يېڭىنى كۆچەپ تارتىپ:

— ئەمدى ئۆيگە قايتايلى، غوجايىن هارۋىنى جابدۇۋاتىدۇ، — دېدى.

هەي، كۈڭۈللۈك ئىشلار تېزلا ئاخىرلاشتى، كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەر يەنە لۇننابيەگە قايتىدىغان بولدى. لېكىن، ئېمىل بىر ئىشنى قىلمىسا بولمايتتى، ئۇ ئېتىنى گوتفرىدقا كۆرسىتىپ قويۇشى كېرەك ئىدى.

— دادامغا ئېيتىپ قويۇڭلار، مەن بەش مىنۇتتىلا قايتىپ كېلىمەن، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئاتنى مىنىپ شەهەر باشلىقىنىڭ ئۆيگە قاراپ چاپتى، ئاتنىڭ تۇيىقى شېغىل ياتقۇزۇلغان يولدا «تاق ـ تاق» ئاۋاز چىقىراتتى.

شەهەر باشلىقىنىڭ ئۆيىنى، گۈللۈكىنى ئۆكتەبىرنىڭ ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراڭغۇسى قاپلىغان، ھەممە دېرىزىلەردىن چىراغ نۇرلىرى چاقنايتتى، ئۆينىڭ ئىچىدىن كۈلكە ئاۋازلىرى ۋە پاراڭلاشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گوتفرىدنىڭ زىياپەت بىلەن خۇشى بولمىغاچقا، ئۆزى يالغۇز گۈللۈكتە ياغاچ ئاياغ ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئېمىلنىڭ ئاتقا مىنىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن قويۇق سېرىنگۈللەر ئارىسىغا دۈم چۈشتى.

— كىمنىڭ ئېتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ گۈللەر ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ.


— مېنىڭ، — دېدى ئېمىل، — بۇ مېنىڭ ئېتىم.

گوتفرىد دەسلەپتە ئىشەنمىدى، كېيىن راست ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن شۇنداق ئاچچىقى كەلدى. ئات ئېلىپ بەرگىن، دەپ دادىسىغا نەچچە رەت دېگەن بولسىمۇ، ئەمما دادىسى: «سەن تېخى كىچىك، سېنىڭ يېشىڭدىكى باللاردىن بىرەرىمۇ ئات مىنگىنى يوق» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

قىپقىزىل يالغان ئىكەن ئەمەسمۇ! مانا ھازىر ئېمىل ئات مىنىپ كەلدى، ئەگەر دادىسىنىڭ كۆزى بولسا، كۆرگۈسى بولسا، ئەمدى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقسۇن! لېكىن، ئۇ ھازىر مېھمانلار بىلەن ئۆيدە زىياپەتتە، بىر توپ پوق قورساقلار بىلەن يەپ - ئىچىپ، گەپ سېتىپ ئولتۇراتتى.

— مەن ئۇنى بۇ يەرگە چاقىرىپ چىقالمايمەن، — دېدى گوتفرىد ئۈمىدسىزلىك بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە.

ئېمىلنىڭ گوتفرىدقا ئىچى ئاغرىدى. ھىيلە - مىكىرلەر ئۇنىڭ يانچۇقىدىلا تۇرسا، چارە تاپالماي قالارمۇ! شەھەر باشلىقى چىقىپ ئاتنى كۆرمىسە، ئات كىرىپ ئۇنى كۆرەلەيدۇغۇ، بۇنىڭ نېمىسى تەس. ئاتنى مېنىپ پەلەمپەيدىن چىقىپ، كارىدوردىن ئۆتسىلا، زىياپەتخانىغا كىرگىلى بولىدۇ، گوتفرىدنىڭ قىلىدىغان



بىردىنبىر ئىشى بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىش، خالاس.

ئەگەر سىز زىياپەتكە قاتنىشىۋاتقىنىڭىزدا تۇيۇقسىز بىر ئات كىرىپ كەلسە، بەزىلەرنىڭ كۆزلىرىنىڭ چەكچىيىپ كەتكەنلىكىنى، بەزىلەرنىڭ خۇددى ئۆمرىدە ئات كۆرۈپ باقمىغاندەك چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭىز. بۇ ئۆيدە زىياپەتكە قاتنىشىۋاتقانلار، بولۇپمۇ شەھەر باشلىقى دەل مۇشۇنداق ئىنكاستا بولدى. ئۇ شۇنداق چۆچۈپ كەتتىكى، كىچىك بىر پارچە تورت ئۇنىڭ گېلىدە تۇرۇپ قالدى. شۇڭا، گوتفرىد ئۇنى ئەيىبلىگەندە ئۆزىنى بىر ئېغىزمۇ ئاقلىيالمىدى.

www.uyghurkitap.com



— مانا ئەمدى يەنە نېمە دەيسىز؟ كۆردىڭىزمۇ، ئېتى بارلار كۆپ تۇرمامدۇ! — دېدى گوتفرىد.

زىياپەتكە قاتناشقۇچىلار كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىدىن خۇش بولدى، بۇ نورمال ئىش، ئات دېگەن ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان هايۋان تۇرسا. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لۇكاسنى سىلاپ باققۇسى كەلدى. ئېمىل ئات ئۇستىدە رازىمەنلىك بىلەن كۆلدى، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىنى سىلاپ بېقىشىدىن خۇشال ئىدى.

بۇ چاغدا ياشانغان مايور كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئات ھەققىدە مول بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى، ئۇ ئاتنىڭ كەينى پۇتىنى كۆتۈردى. ھەي، ئۇ لۇكاسنىڭ غىدىقلاشتىن قانچىلىك قورقىدىغانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن!

شەھەر باشلىقى تېخى ئەمدىلا گېلىدا تۇرۇپ قالغان تورتنى چىقىرىپ گوتفرىدغا بىرنېمە دەي دەپ تۇراتتى، ھېلىقى مايور بېرىپ لۇكاسنىڭ كەينى پۇتىنى تۇتۇشى بىلەن تەڭ، ئات ئىككى پۇتىنى ئېتىپ بىر تېپىۋىدى، مايور كەينىدىكى شىرەگە يىقىلدى، شىرە ئۇستىدىكى قايماقلىق تورت ئۇدۇل بېرىپ شەھەر باشلىقىنىڭ بېشىغا كىيىلىپ قالدى. شەھەر باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن «ئوۋۇ» دېگەن ئاۋاز چىقتى.

نېمىدېگەن قىزىق ئىش، مېھمانلار بۇنى كۆرۈپ پاراققىدە كۈلۈپ تاشلىدى. نېمىدېگەن ۋىجدانسىز نېمىلەر بۇ! يالغۇز شەھەر باشلىقىنىڭ خوتۇنىلا قورققىنىدىن كۈلەلمىدى. ئۇ دەرھال تورت كېسىدىغان پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، تىترىگەن ھالدا شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە چاپلىشىپ قالغان تورتنى ئېلىۋېتىش كېرەك ئىدى، شۇندىلا ئېرى ئۆزىنىڭ تولغان كۈن زىياپىتىدە نېمە ئىشلار

يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيتتى.

لۇننابىيەگە قايتىدىغىنى ئېمىلنىڭ يادىغا گۈپپىدە يەتتى ـ دە، ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى، گوتفرىد ئارقىسىدىن قوغلىدى. دادىسىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى تورت بىلەن بۇلغانغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقىلى بولمايتتى، يەنە كېلىپ گوتفرىدنىڭ لۇكاستىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى.

ئېمىل ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇردى.

— سەن نېمىدېگەن بەختلىك، — دېدى گوتفرىد لۇكاسنى سىلىغاچ.

— راست دەيسەن، — دېدى ئېمىل.

گوتفرىد ئۇھ تارتىپ قويدى.

— قانداقلا بولمىسۇن، بىزنىڭ يەنە ساليۇت كېچىلىكىمىز بار، — دېدى ئۇ ئېمىلغا سېرىنگۇللۇك چەللە ئاستىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان ساليۇتنى كۆرسىتىپ، ئۆزىگە تەسەللى بەرگەندەك، — قارا!

شىرە ئۈستىدىكى ساليۇتلارنى كۆرۈپ ئېمىلنىڭ يۈرىكى سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىراۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆمرىدە ساليۇت ئاتقاننى پەقەت كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، گوتفرىدقا:

— ساليۇتنى ئېتىپ باقاي، ئۇلار راست ئېتىلامدۇ، يوق؟ — دېدى.

گوتفرىد ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئۇنىڭغا بىرنى ئېلىپ بەردى.

— بۇ كىچىك «بۇرگە» نى سىناپ باقىمىز، — دېدى ئۇ «سەكرىگۈچ» دەپ ئاتىلىدىغان ساليۇتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، بۇ «بۇرگە» تازا سەكرىۋالسۇن، سەرەڭگىدىن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تال بەر، — دېدى ئېمىل.

«بوزگە» ئوت يېقىلىشى بىلەن ۋىژىلداپ سەكرەشكە باشلىدى. راست ئىكەن، ئۇ راستلا ئېتىلدى، لېكىن دەل شۇ پەيتتە بىرەيلەن ئۇلارنى چاقىرىپ قالغانلىقتىن، ئۇ ئىككىسى يالغۇز سەكرىگۈسى كەلمىگەن «بوزگە» نىڭ ئۇيان ـ بۇيانغا سەكرەپ يۈرۈپ، ئاخىر ساليوت قويغان شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ساليوت دۆۋىسى ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى. چاقىرغان كىشى شەھەر باشلىقى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدىكى قايماق پاكىز سۈرتۈۋېتىلىپتۇ، پەقەت بۇرۇتىدىكى كىچىككىنە قايماق يۇقۇندىسىلا قاراڭغۇدا پارقىراپ تۇراتتى.

ۋىموربىنىڭ كوچىلىرىدا كىشىلەر تېخىچە ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇلار يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشەتتى، كۈلۈشەتتى، ۋارقىرىشاتتى، ئۆزلىرى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ئىشنىڭ خۇشاللىق ياكى ۋەھىمە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىشمەيتتى.

بۇ پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى! ئۇلارنى دەككە ـ دۈككىگە سالغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. تۇيۇقسىز، شەھەر باشلىقىنىڭ هويلىسى تەرەپتىن ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئوت ئۇچقۇنى كۆرۈندى، يىلاندەك تولغىنىپ، «پاراس ـ پۇرۇس، تاراس ـ تۇرۇس» قىلىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئوت شارچىلىرى ئەتراپنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرغان، قورقۇپ كەتكەن ۋىموربىلىقلارنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى.

— قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كەلدى، قۇتقۇزۇڭلار، بىز ئۆلىدىغان بولدۇق! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار.

بەزىلەر يىغلىسا، بەزىلەر ۋارقىرىدى، كىشىلەر بۇ شەھەردە

ئەزەلدىن بۇنداق ئەنسىز ۋارقىراش ـ جارقىراشلارنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ھەممە كىشى قىيامەت بولدى، دەپ ئويلىدى. ھەي بىچارىلەر، نېمىگە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، ئېسىنى يوقىتىپ يۈرىدىغاندۇ؟ شەھەر ئىچىدىكى مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتا، پەقەت پېتىر خانىملا ئەينەكلىك كارىدور ئىچىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ سىرتتىكى ئوت يالقۇنىنى تاماشا قىلىۋاتاتتى.

— مەن ھازىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز دېگەنلەرگە ئىشەنمەيمەن، قەسەم قىلىمەنكى، بۇ يەنە ھېلىقى ئېمىلنىڭ قىلغان ئىشى، — دېدى ئۇ.

پېتىر خانىمنىڭ پەرىزى توغرا ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئېمىل ئاتقان «بۇرگە» شىرە ئۈستىدىكى سالىيۇت دۆۋىسى ئىچىگە سەكرەپ چىقىپ، ھەممە سالىيۇتقا ئوت تۇتىشىپ كەتكەنلىكتىن يۈز بەرگەن كىچىك تىپتىكى پارتلاش ئىدى.

شەھەر باشلىقىنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، دەل مۇشۇ چاغقا ئۈلگۈرۈپ سىرتقا چىقتى، بولمىسا ئېتىلغان سالىيۇتنى كۆرەلمەي



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالار ئىكەن. ئۇ پەلەمپەيدىلا تۇرۇپ قالدى، پارتىلىغان ئاۋازلار قۇلىقى تۈۋىدىلا ياڭراۋاتاتتى، ئۇ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوت ئۇچقۇنچىلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ئۇياق - بۇياققا سەكرەيتتى، ھەر قېتىم سەكرىگىنىدە خۇشاللىق بىلەن ۋارقىراپ قوياتتى. ئېمىل بىلەن گوتفرىد شەھەر باشلىقى قىزىقارلىق ھېس قىلغاچقا مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئەھۋالدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇپ قالدى، بىر قوش ئاۋازلىق ساليۇت ۋىژىلدىغىنىچە ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىغا كىرىۋالغانىدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئۇ «ۋايجان» دەپ سەكرەشنى توختىتىپ، بۇلۇڭدىكى يامغۇر سۈيى قاچىلايدىغان چېلەككە تېزدىن پۇتىنى تىقتى. قوش ئاۋازلىق ساليۇتقا بۇنداق مۇئامىلە قىلسا بولمايتتى، ئۇنىڭ سۇغا چۈشىشىلا ئۈچۈپ قالىدىغىنىنى شەھەر باشلىقى بىلىشى كېرەكتىغۇ؟

— ئاخىر ساليۇت ئاتقانىنى كۆردۈم، — دېدى ئوتۇنخانىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالغان ئېمىل يېنىدا تۇرغان گوتفرىدقا.

— شۇنداق.

ئۇلار خېلىغىچە جىم تۇرۇپ ساقلىدى، تاكى شەھەر باشلىقى چوڭ سېرىق ھەرىدەك گۈللۈكنىڭ ئىچىدە پىرقىراپ، كېيىن چىقىپ كەتكۈچە ساقلىدى.

كارتخۇلد قورۇقىنىڭ ئات ھارۋىسى لۇننابىيەگە يېتىپ كەلگەندە، كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ بولغان، ئوت شارىمۇ ئۆچكەنىدى، پەقەت كۆكتىكى يۇلتۇزلارلا شەمشاد دەرىخىنىڭ چوققىسىدا چاقناپ تۇرماقتا ئىدى. ئورمانىنى، يوللارنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، پەقەت ئېمىللا ئېتى ئۈستىدە خۇشاللىق بىلەن ناخشا توۋلىماقتا:

هەي، هەي، مېھرىبان دادا،
ئېتىمنىڭ قامىتىگە قارا.
مۇسكۇللىرى چىڭ تولغان،
خۇددى تۇلپاردەك چاپار.

دادىسى ھارۋىنى ھەيدەۋاتاتتى، ئۇ بۈگۈن ئېمىلدىن تولىمۇ رازى بولدى. گەرچە ئۇ بۈگۈن ھەر خىل كەپسىزلىكلىرى ۋە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى بىلەن پېتىر خانىم ھەم پۈتكۈل ۋىموربىلىقلارنى قورقۇتۇپ جىنىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە بىر تېيىنمۇ خەجلىمەي بىر ئاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ نەرى يامان؟ پۈتۈن لۆننابېيەدە بۇنداق بالىدىن يەنە بىرسى يوق، بۇ قېتىم ئۇنى ياغاچچىلىق ئۆيىگە سولىماي، دەپ ئويلىدى دادىسى.

يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى، بۇ بەلكىم ئۆيگە قايتىشنىڭ ئالدىدا بىر كونا ئاغىنىسى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنى ۋىموربىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پىۋىسى بىلەن مېھمان قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئېمىلنىڭ دادىسى ئادەتتە پىۋا ئىچمەيتتى، ئۇ ھاراق ئىچىپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەس. لېكىن، باشقىلار مېھمان قىلاي دەۋاتسا، ئۆزى يانچۇقىدىن پۇل چىقارمىغاندىكىن، ئىچمىسە بولامدۇ؟

دادىسى خۇشال ھالدا قامچىنى ئوينىتىپ، بۇ ناخشىغا غىڭشىدى:

— كەلدى كارتخۇلدتىكى مېھرىبان ئاتا، جاسارەتلىك ... ئەزىمەت.

— بولدى، بولدى، ياخشىمۇ ھەر كۈنى بازار بولماپتىكەن. ھەي، ئاخىر ئۆيگە قايتتۇق، نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

ئىدا ئۆزىنىڭ بازارلىق سوۋغىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئاپىسىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى، بۇ سوۋغات بىر كىچىك چاقچۇق گۈل سېۋىتى ئىدى، ئىچىدە ھال رەڭ ئەتىرگۈل بار، سېۋەتكە يۇزىگە «ۋىموربى خاتىرىسى» دېگەن خەت يېزىلغاندى.

لىنا ئارقىدىكى ئورۇندا ئارفىلدنىڭ بىلىكىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغاچقا، ئارفىلدنىڭ بىلىكىمۇ ئۇخلاپ قالدى، لېكىن مېنىڭسى سەگەك ئىدى، ئۇ غوجايىنىدەكلا روھلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ يېنىدىكى ئېمىلغا:

— ئەتە بىر كۈن قىنغ توشۇيمەن، چوقۇم كۆڭۈللۈك بولىدۇ، — دېدى.

— مەنمۇ ئېتىمنى بىر كۈن مىنىمەن، چوقۇم كۆڭۈللۈك بولىدۇ، — دېدى ئېمىل.

ئات ھارۋىسى ئاخىرقى بىر تار يولغا قايرىلغاندا، ئۇلار كاتخولد قورۇقىنىڭ ئاشخانىسىدىن چىقىپ تۇرغان چىراغ يورۇقىنى كۆردى. كلۇشا مايا كەچلىك تاماقنى تەييار قىلىپ ئۇلارنى ساقلاۋاتاتتى.

ھازىر سىز ئېمىلنى ئۆزىنىڭ ئېتى بولغاندىن كېيىن كەپسىزلىك قىلمايدۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، نەدىمۇ ئۇنداق بولسۇن. ئۇ لوكاسنى ئىككى كۈن مىنىپلا، ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە مىنمىدى. تېپىپ بېقىڭچۇ، ئۇ نېمىلەرنى قىلدى؟ ھا ـ ھا ـ ھا... ئويلىساملا كۈلگۈم كېلىدۇ ! مۇنداق بولدى، ئېمىل ئۇ كۈنى... بولدى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي. ئېمىلنىڭ ئاپىسىغا ئۇنىڭ 3 ـ نويابىر قىلغان ئىشىنى مەڭگۈ ھېچكىمگە تىنماسلىققا ۋەدە قىلغان تۇرسام. لۇننابىيەلىكلەرنىڭ پۇل يىغىش قىلىپ ئۇنى ئامېرىكىغا ئەۋەتمەكچى بولغىنى

يادىڭىزدىدۇ؟ ئۇ دەل مۇشۇ ئىشتىن كېيىن بولغان ئىش. ئېمىلنىڭ ئاپىسىنىڭ بۇ ئىشنى زادى تىلغا ئالغۇسى بولمىغاچقا، بۇ توغرۇلۇق خاتىرە دەپتىرىگە ھېچنېمە يازمىغانىدى، مەن بۇ يەردە ئۇلارنى دەۋەتسەم قانداق بولىدۇ؟ لېكىن، ئېمىلنىڭ مۇشۇ يىلى مىلاد بايرىمى كۈنىنىڭ ئەتىسى قىلغان كەپسىزلىكلىرىنى ئاڭلىغۇڭىز بارغۇ دەيمەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 26 - دېكابىر، دۈشەنبە

# ئېمىل كارتخۇلدتا ھەممىنى يەپ تۈگىتىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى، بۆرىگە قۇرغان قاپقاندا ئايال باشلىقنى تىرىك تۇتۇۋالدى

ھاۋا تۇتۇق، سوغۇق، يامغۇرلۇق كۈز كۈنلىرىنى چىداپ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن مىلاد بايرىمى كېلەتتى. بۇ پەسىلدە ئادەم خۇش بولغۇدەك ئالاھىدە بىرەر ئىشمۇ بولمىدى. كارتخۇلد قورۇقىدىمۇ شۇنداق. ئارفىلد سىم - سىم يامغۇردا كالىنى يېتىلەپ تاشلىق ئېتىزنى ئاغدۇرغاندا، ئېمىل ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن قوش ئۆكۈزلىرىنى ھەيدىشىپ بەردى، ئۆكۈزلەر يەر ئاغدۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى بارلىقىنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيتتى. بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، ئارفىلد ئۆكۈزلەرنى ساپاندىن بوشاتقاندىن كېيىن



ناھايىتى ھارغىن ئۆيگە قايتتى. ئارفىلد بىلەن ئېمىل لاي پۇتلىرى بىلەنلا ئاشخانىغا كىرىۋىدى، پولنى ئەمدىلا سۈرتكەن لىنانىڭ راسا ئاچچىقى كەلدى.

— ئىش تېپىپلا يۈرىدىغان خوتۇن ئىكەن، كىم ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسا بىر ئۆمۈر پاراكەندىچىلىكتە ياشايدۇ، — دېدى ئارفىلد.

— توغرا، بۇنداق كۈنگە سەن قالىدىغان ئوخشايسەن، — دېدى ئېمىل.

ئارفىلد گەپ قىلمىدى، بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— ياق، بەلكىم ئۇنداقمۇ بولماس، مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، لېكىن ئۇنىڭغا دېيىشكە پېتىنالمايۋاتىمەن، — دېدى ئاخىر.

— سەن مېنى دېگىن دەۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارفىلدتىن غەيرەتلىك، باتۇر ئېمىل.

لېكىن، ئارفىلدنىڭ ئېمىلغا دېگۈزگۈسى يوق ئىدى.

— گەپنى چوقۇم سىلىق دېيىش كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

لىناغا قانداق دېيىش توغرۇلۇق ئارفىلد خېلى ئۇزاق ئويلاندى. ئۇنىڭ لىنا بىلەن توي قىلغۇسى يوق ئىدى، لېكىن بۇنى ھەل قىلغۇدەك ياخشى چارە تاپالمىدى.

بۇ چاغدا كارتخۇلد قورۇقىدا قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغانىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردىلا ئاشخانىدا كىرسىن لامپىنى ياندۇرمىسا بولمايتتى، ئاندىن كۆپچىلىك ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى چاقتا بىر خىل ئىنچىكە ھەم ئاپپاق يىپ ئېگىرەتتى، بۇنى ئېمىل بىلەن ئىداغا پايپاق توقۇشقا ئىشلىتەتتى؛ لىنا بىلەن كىلۇشا مايا قوي يۇڭىنى تىتىۋاتاتتى؛ ئېمىلنىڭ دادىسى ئاياغلارنى ياماۋاتاتتى، موزدۇزغا ئېلىپ بارسا بىرمۇنچە پۇل كېتىدۇ ــ دە؛ ئارفىلدمۇ ئۆزىنىڭ پايپىقىنى ياماۋاتاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ پايپىقىنىڭ تاپىنى بىلەن چوڭ بارمىقى دائىم يىرتىلىپ كېتەتتى. ئارفىلد يىرتىلغان يەرنى ئەپلەپ يامىدى، لىنا ياردەم قىلاي دېسە زادى ئۇنىمىدى.

— ماقۇل دېسەم بولمايدۇ، ماقۇل دېسەملا ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشىمەن، ئۇنداقتا تۇگەشكىنىم شۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ ئېمىلغا.

ئېمىل بىلەن ئىدا دائىم شىرەنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئاسلانچاق بىلەن ئوينايتتى. بىر قېتىم ئېمىل ئىداغا ئاسلاننى بۆرە دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىن، دېۋىدى، ئىدا پەقەت قاملاشتۇرالمىدى. ئاخىر بولماي ئېمىل بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بۆرىنى دوراپ بىر ھۇۋلىۋىدى، ئاشخانىدىكى ھەممەيلەن



چۆچۈپ كەتتى.

— بۇ ھۇۋلىغىنىڭ نېمىنى بىلدۈرىدۇ، — دەپ سورىدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

— ھە، شىرەيىمىزنىڭ ئاستىدا بىر بۆرە بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ، — دېدى ئېمىل.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كلۇشا مايا بۆرىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىشكە چۈشتى، ئېمىل بىلەن ئىدا خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاڭلىدى. قورقۇنچلۇق ھېكايە باشلانغانىدى، چۈنكى ئۇلار كلۇشا مايانىڭ دائىم ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ھېكايىلەر يا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قاتىل، يا قاراقچى - بۇلاڭچى، يا جىن - ئالۋاستى ۋە ياكى كالىلا كېسىدىغان، ئوت قويىدىغان، تەبىئىي بالايىئاپەت، ئاغرىق - سىزلاق، كەلكۈن، يىرتقۇچ ھايۋان دېگەندەكلەر تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلەر ئىدى. مەسىلەن، ئۇ ھازىر سۆزلەۋاتقان بۆرە.

— كىچىكىمدە، — دەپ گەپ باشلىدى كلۆشا مايا، — سمالاندتا بۆرە ناھايىتى كۆپ ئىدى.

— ئەمما، كېيىن كارل XII كېلىپ، ئۇلارنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، شۇنداققۇ، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى لىنا.

بۇ گەپكە كلۆشا مايانىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لىنا ئېيتقاندەك مومايلاردىن ئەمەس ئىدى.

— سەن بىلسەڭ ئېيتىپ بەرگىن! — دېدى ئۇ ھېكايىسىنى توختىتىپ. لېكىن، ئېمىل تولا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزى كىچىك ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ قانداق تۇزاق قۇرۇپ بۆرە تۇتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداقتا، كارل XII نىڭ كېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالماپتۇ، — دېدى لىنا، شۇنداق دەپ بولۇپلا ئاغزىنى يۇمۇۋالدى. لېكىن، كلۆشا مايانىڭ يەنە ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ بىكار ئاچچىقلىمىدى، كارل XII دېگەن نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ياشىغان شىۋېتسىيە پادىشاھى تۇرسا، كلۆشا مايا بولسا ھازىرقى دەۋردىكى ئايال تۇرسا، لىنا ئۇنى ئۇنداق قېرى كۆرسە بولمايدۇ - دە.



ئېمىل يەنە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. كىلۇشا مايا بۆرە ئادەمنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— ئۇلار بۆرە توپىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ھايۋان، كېچىسى ئايدىڭدا ھەممە جايدا قۇتراپ يۈرىدۇ. بۆرە ئادەم گەپ قىلالايدۇ، ئۇلار ئادەتتىكى بۆرە ئەمەس، بۆرە بىلەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ھايۋان، شۇڭا ئۇلار ئەڭ خەتەرلىك. ئەگەر بۇنداق ھايۋاننى كەچتە ئۇچرىتىپ قالساڭ، جېنىڭدىن ئايرىلىسەن. شۇڭا، ئايدىڭ كېچىلىرى ئۆيدىن سىرتقا چىقماسلىق كېرەك، — كىلۇشا مايا شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ لىناغا ئالىيىپ قويدى.

— گەرچە كارل XII... — لىنا يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، كىلۇشا مايا قولىدىكى تارغاقنى زەردە بىلەن تاشلاپ، ئۆيگە قايتماقچى بولدى:

— ئەمدى ئۆيۈمگە قايتاي، ماڭىمۇ قېرىلىق يېتىپتۇ، چارچاپ قاپتىمەن.

كەچتە ئېمىل بىلەن ئىدا كارىۋاتتا يېتىپ يەنە بۆرە توغرۇلۇق پاراڭلاشتى.

— نېمىدېگەن ياخشى، ھازىر بۆرىلەر ئاز قاپتۇ، — دېدى ئىدا.



— ئاز قاپتۇ؟ — دېدى ئېمىل — سەن نەدىن بىلىسەن؟ يا سەن بىر بۆرىگە تۇزاق قۇرۇپ باقمىغان تۇرساڭ.

ئېمىلنىڭ ئۇيقۇسى خېلى ئۇزاققىچە كەلمىدى، بۇ ئىش توغرۇلۇق قايتا - قايتا ئويلاندى، ئويلىغانسېرى تۇزاق قۇرسىلا، بۆرىدىن بىرنى تۇتۇۋالالايدىغانلىقىغا ئىشەندى.

— يەنە نېمىنى ساقلاپ تۇرىمەن، — دېدى ئۇ ۋە ئەتىسى سەھەردىلا ياغاچچىلىق ئۆيى بىلەن يېمەكلىك ساقلايدىغان ئۆينىڭ ئارىلىقىدىكى بوش يەرگە تۇزاق قۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ يەرنى يازدا چاققاق قاپلاپ كەتكەن، هازىر لىق يوپۇرماق ئىدى.

تۇزاق قۇرۇش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى، ئورەك چوڭقۇر بولۇشى كېرەك، شۇندىلا بۆرە چۈشۈپ كەتسە چىقالمايدۇ. ئارفىلد ئېمىلنىڭ ئورەك كولىشىغا ئانچە - مۇنچە ياردەملىشىپ بەردى، شۇنداقتىمۇ مىلاد بايرىمى كېلەي دېگۈچە بۇ ئىش پۈتمىدى.

— هېچقىسى يوق، قىش كېلىپ بۆرە يەيدىغان نەرسە تاپالمىغاندا، ئاندىن ئورماندىن چىقىدۇ، — دېدى ئارفىلد.

ئىدا بۆرىلەرنىڭ سوغۇق قىش كۈنلىرى ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا هۇۋلايدىغىنىنى ئويلىسىلا، بەدىنىنى تىترەك باساتتى. ئەكسىچە، ئېمىل ئارفىلدقا مەنىلىك قاراپ، بۆرىنىڭ ئۆزى قۇرغان تۇزاققا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى.

— ئەمدى شاخ - شۇمبىلار بىلەن ئورەكنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قوياي، بۆرە بىلىۋالمىسۇن، — دېدى ئېمىل رازىمەنلىك بىلەن، ئارفىلدمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى.

— ستوللېر يوك هەممە ئىشنى قىلىشقا پەم كېتىدۇ، دەپ توغرا ئېيتقانىكەن، سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.

بۇ لۇننابېيەدە كەڭ تارقالغان بىر تەمسىل ئىدى. ئارفىلد


بۇنداق دېسە بولمايتتى، چۈنكى ستوللېر يوك دېگەن ئۆينىڭ بوۋىسى ـ دە. ئۇ كىشى لۆننابېيەدىكى پاراۋانلىق ئورنىدا تۇراتتى. يامان نىيەت بىلەن دېمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ بوۋىسىغا چاقچاق قىلسا قانداق بولىدۇ.

ئېمىل قەھرىتان قىشنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. ئاخىر قىشمۇ كەلدى.

مىلاد بايرىمى ئالدىدا تۇيۇقسىز سوغۇق بولۇپ، لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلىدى، بۇ ئادەمنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغان ئىش بولدى. كارتخۇلد قورۇقى، پۈتۈن لۆننابېيە، پۈتۈن سمالاند ئاپپاق قار بىلەن پۈركەندى، ھەممە نەرسە ئاق لىباستىن تون كىيدى، پەقەت ئوتلاقنىڭ چۆرىسىدىكى خادىلارلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كىشىلەر پەقەت شۈنىگدىنلا يولنى پەرق ئېتەلەيتتى. ياغاچچىلىق ئۆيى بىلەن يېمەكلىك ساقلايدىغان ئۆينىڭ ئارىلىقىدىكى تۇزاقنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستى قېلىن بىر قەۋەت قار بىلەن قاپلانغان، ئېمىل ھەر كۈنى كەچتە تەگرىدىن بۆرە چۇشۇشتىن بۇرۇن ئورەكنىڭ ئۈستىدىكى شاخ ـ شۇمبىلارنىڭ قېلىن قارنى كۆتۈرەلمەي بېسىلىپ كەتمەسلىكىنى تىلەيتتى.

يېقىندىن بېرى كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، چۈنكى ھەممەيلەن مىلاد بايرىمى ئۈچۈن تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىش مىلاد بايرىمىلىق چوڭ تازىلىق قىلىش بولغاچقا، لىنا بىلەن كلۇشا مايا كارتخۇلد ئۆستىگىدە نەرسە ـ كېرەكلەرنى چوتكىلاپ يۇيۇپ ـ تازىلىدى، لىنا سوغۇقتىن يېرىلىپ ئۈششۈپ كەتكەن بارماقلىرىنى يىغلامسىرىغىنىچە پۇۋلەيتتى، ئۇنىڭ ھەتتا تىرناقلىرىغىچە ئاغرىپ كەتكەنىدى. مىلاد بايرىمىلىق سېمىز چوشقا بوغۇزلانغاندىن كېيىن ئاشخانا

ئۆي ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، پۇت قويغۇدەك يەر قالمىغانىدى. مىلاد بايرىمىدا جەنۇھ ھارىقىمۇ مۇشۇ ئۆيگە قويۇلاتتى. بۇ خىل ھاراقنى ئېمىلنىڭ ئاپىسى چوڭ ياغاچ تۇڭدا ئېچىتىپ تەييارلىغانىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە بولكا پىشۇرۇش كېرەك. بولكا تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن كاللىڭىز ئېلىشىپلا كېتىدۇ، ئۇزۇن بولكا، ھەسەل بولكىسى، مەززىلىك قارا بۇغداي بولكىسى، زەپە بولكىسى، ئادەتتىكى ئاق بولكا، كىچىك يۆگىمەچ بولكا، چۆرۈك پىرەنىك، قۇيماق، قازان نېنى، ۋاي – ۋۇي، راستىلا تولۇق دەپ بولالمىدىم. ئەلۋەتتە يەنە شامىمۇ بار، بۇ چوقۇم تەييارلىنىدىغان بويۇم. ئېمىلنىڭ ئاپىسى بىلەن لىنا ساق بىر كېچە پالاقشىپ چوڭ –



كىچىك ھەر خىل شاملارنى تەييارلىدى. ئارفىلد بىلەن ئېمىل لۈكاسنى چانىغا قوشۇپ، ئورمانغا بېرىپ مۈۋاپىق كېلىدىغان مىلاد دەرىخى كېسىپ كەلمەكچى بولدى. دادىسى ئاشلىق ئامبىرىغا بېرىپ بىرنەچچە باغلام سۇلۇ ئەكېلىپ، قۇشقاچلار يېسۇن، دەپ ھويلىغا قويۇپ قويدى.

— بۇمۇ بىر ئىش بولدى - دە، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى، — لېكىن قۇشقاچلارمۇ بايرام ئۆتكۈزىدىغان تۇرسا.

ئويلىشىدىغان يەنە باشقا كىشىلەرمۇ بار تېخى، يىلدا بىر كېلىدىغان مىلاد بايرىمىنى باشقىلارمۇ ئۆتكۈزىدۇ - دە. توغرا، ياشانغانلار ساناتورىيەسىدىكى يەككە - يېگانە بوۋاي - مومايلارچۇ ! بىلەمسىلىكىڭىز مۇمكىن، بۇرۇن مۇنداق بىر خىل ياشانغانلار ساناتورىيەسى بار ئىدى، ئۇ يەر كلۇشا مايانىڭ ھېكايىلىرىدىكى قاتىللار، جىن - ئالۋاستىلار، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. كاتەكتەك بىرنەچچە ئېغىز ئۆينىڭ ئىچى نامرات، ئاجىز، مەينەتچىلىكتىن پۇراپ كەتكەن قېرىلار بىلەن تولغان، ئۇلار ئاچلىق ۋە ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشايتتى. ھازىر لۈننابىيەدىكى ياشانغانلار ساناتورىيەسى باشقا يەرلەردىكىدىن قېلىشمىسىمۇ، يەنىلا قورقۇنۇچلۇق ئىدى. چۈنكى، ئادەم قېرىپ ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاندا ئاشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى.



— بىچارە بوۋام، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆرۈۋاتقان كۆڭۈللىرى بەك تەس، ئەگەر ھېلىقى ئايال باشلىق چىشى يولۋاستەك بولمىغان بولسا، ئەھۋال ياخشىراق بولغان بولاتتى، — دەيتتى ئارفىلد دائىم.

ياشانغانلار ساناتورىيەسىدە ئايال باشلىقنىڭ دېگىنى دېگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇمۇ بىر ئىگە - چاقىسىز ئايال ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ پۇت - قولىنىڭ بار، خۇيى ئەسكى بولغاچقا، ئۇ يەرنىڭ باشلىقى بولۇۋالغان. ئەگەر ئېمىل چوڭ بولۇپ ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولسىمۇ بۇنداق بولمايتتى، ئەپسۇسكى، ئۇ ھازىر تېخى كىچىك، شۇڭا بۇنىڭغا ئامال يوق. ئارفىلدنىڭ بوۋىسى بۇ ئايالدىن قورقاتتى، باشقا ياشانغانلارمۇ ئۇنىڭدىن قورقاتتى.

— قاراڭلار، ئۇنىڭ مېڭىشى خۇددى قوي پادىسى ئىچىدىكى بۆرىگە ئوخشايدۇ، — دەيتتى دائىم ستوللىېر يوك. ئۇ بوۋاي سەل غەلىتە كۆرۈنەتتى، گەپ قىلسا خۇددى «ئىنجىل» نى يادلاۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەمما ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئىدى، ئارفىلد ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

«ياشانغانلار ساناتورىيەسىدىكىلەر پەقەت تويغۇدەك نەرسە يەپ



باقمايدۇ، بۇ ئۇ يەردىكى ياشانغانلارغا نىسبەتەن بىر ئازاب» دەپ قارايتتى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

— مىلاد بايرىمىدا ئۇ بىچارىلەرمۇ ئوبدانىراق بىرەر نەرسە يېيىشى كېرەك، — دېدى ئۇ.

شۇڭا، مىلاد بايرىمىدىن بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن كىشىلەر قار باسقان يولدا ئېمىل بىلەن ئىدانىڭ سېۋەت كۆتۈرۈپ ياشانغانلار ساناتورىيەسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سېۋەت ئىچىدە ئېمىلنىڭ ئاپىسى ياشانغانلار ساناتورىيەسىدىكى قېرىلار ئۇچۇن تەييارلىغان ھەر خىل نازۇنېمەتلەر — ئىشقىلىپ، ئۆزلىرىگە تەييارلىغان يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرى، ھەتتا شام، يەنە ستوللېر يوكقا بېرىدىغان كىچىك قۇتىلىق ناسۋال قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

ئېمىل بىلەن ئىدا سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە كەلگەندە، ئىگە - چاقىسىز قېرىلارنىڭ نەقەدەر خۇش بولۇپ كەتكىنىنى پەقەت ئۇزۇن مۇددەت ئاچ قالغان كىشىلەرلا چۈشىنەلەيدۇ. ئۇلار، يەنى ستوللېر يوك، كالېر سبادېر، جون ئېتا، توكېر نىكراس، لاكارىيە فىيە، لىركرۇش، ۋېبېلىكېن، سارىيە ئامارىيەلەرنىڭ شۇ ئان يېگۈسى كېلىپ كەتتى. لېكىن ئايال باشلىق:

— بۇ نەرسىلەرنى ھارپا كۈنى كەچتە يېيىشكە بولىدۇ، بۇنى بىلىشىڭلار كېرەك، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى تۇرۇشقا ھېچكىم پېتىنالمىدى.

ئېمىل بىلەن ئىدا ئۆيگە قايتىپ كەتتى. ھارپا كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. كارتخۇلد قورۇقى شۇ كۈنىلا بايرام شادلىقىغا چۆمدى، ئەتىسى ھەممەيلەن لۇننابىيە چېركاۋىغا بېرىپ مىلاد بايرىمىلىق دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا ماڭدى. ئېمىل چانىدا ئولتۇرۇپ باشقىچە روھلىنىپ كەتكەنىدى، لۇكاس بىلەن ماركوس تۇيىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاستىدىكى قارلارنى ئارقىغا چاچرىتىپ، باشقا چانىلارنى خېلىلا ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

مىلاد بايرىمىلىق دۇئا ـ تىلاۋەت جەريانىدا ئېمىل جىمجىت ئولتۇردى، توۋا، بۈگۈن ئۇنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئاپىسى خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق يازدى:

«بۇ شاكىچەك تولىمۇ ئىخلاسمەن ئىكەن،
ھېچبولمىغاندا بۈگۈن كەپسىزلىك قىلمىدى.»

مىلاد بايرىمىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئېمىل بەك گەپ ئاڭلىدى، ئىدا بىلەن بايراملىق سوۋغاتلارنى كۆڭۈللۈك، چىرايلىق ئوينىاشتى. كارتخۇلد قورۇقى چەكسىز بەخت شادلىقىغا چۆمگەنىدى.

بايرامنىڭ ئەتىسى ئېمىلنىڭ ئاپىسى بىلەن دادىسى سكۇرپخوردقا مىلادلىق زىياپەتكە قاتناشقىلى بارماقچىدى. ئۇ يەر بۇ رايوننىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئىدى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېمىلنىڭ خۇيىنى بىلگەچكە، كىچىك بالىلارنى تەكلىپ قىلمىغانىدى.

ـــ بوپتۇ، ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس، زىيانىنى شۇ يەردىكىلەر ئۆزلىرى تارتىدۇ، چۈنكى ئۇلار مەن بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىنى كەتكۈزۈۋەتتى، ـــ دېدى ئېمىل.

ـــ توغرا دېدىڭ، ئۇلار مېنىمۇ كۆرەلمەيدۇ، ـــ دېدى ئىدا.

ئېنىقكى، لىنا بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن ئۆيدىن چىقماي ئىككى بالىغا قاراپ ئامالى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا، سكۇرپخوردقا يېقىن بىر يىللىقچىلارنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان ئاپىسىنى يوقلىغىلى باراتتىم، دەپ تۇرىۋالدى. چۈنكى ئۇ بۇنى ئالللىبۇرۇن پىلانلاپ بولغان، يول بىر بولغاچقا،



غوجايىنىنىڭ چانىسىغا چىقىۋالسا بولاتتى.

— بوپتۇ، بالىلارغا مەن قاراي، تاماق تەييار تۇرسا، ئۇلارغا سەرەڭگە دېگەندەك نەرسىلەرنى تۇتقۇزمىسام بولىدۇغۇ، — دېدى ئالفرېد.

— بولىدۇ، ئېمىلنى سەن ياخشى چۈشىنىسەن، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى ۋە ئەنسىرىگەندەك ئالدى تەرەپكە قاراپ قويدى.

— ئېمىل ناھايىتى ئوبدان بالا، — دېدى لىكىن ئېمىلنىڭ ئاپىسى، — ھېچبولمىغاندا مىلاد بايرىمى مەزگىلىدە كەپسىزلىك قىلمايدۇ. بولدى، لىنا، غەلۋە قىلىۋەرمە، بىز بىلەن بىللە ماڭساڭ بولىدۇ.

ئىشلار شۇنداق بېكىتىلدى.

ئالفرېد، ئېمىل ۋە ئىدا ئاشخانىنىڭ دېرىزىسى يېنىدا تاغ باغرىنى بويلاپ كېتىۋاتقان چانىنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. چانا كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ئېمىل خۇشاللىقىدىن سەكرىگىنىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— نېمىدېگەن ياخشى، بىز ئەمدى ئەركىنلىككە چىقتۇق، — دېدى.

دەل مۇشۇ چاغدا ئىدا كىچىككىنە بىگىز بارمىقى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قاراڭلار، ستوللېر يوك كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— راستلا شۇ ئىكەن، بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى ئالفرېد.

ئادەتتە ستوللېر يوك سىرتقا چىقسا بولمايتتى. ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ سەل دەردى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايتتى، ئەلۋەتتە، بۇ ئايال باشلىقنىڭ دېگەن گېپى.

— ئۇ يول بىلمەيدۇ، ئەگەر ئېزىپ قالسا، ئۇنى ئىزدەپ يۈرىدىغانغا نەدە چولا؟ — دەيتتى ئۇ.

لېكىن، ستوللېر يوك كارتخۇلد قورۇقىنى ئىزدەپ تېپىپ كەپتۇ. ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بۇ بوۋاينىڭ قۇشقاچنىڭ چاڭگىسىدەك بولۇپ كەتكەن ئاپپاق چاچلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى، ئۇ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاشخانىغا كىردى ـ دە، جايىدا تۇرۇپلا يىغلاپ تاشلىدى:



— بىز ھېچ نەرسىگە ئېغىز تەگمىدۇق، ئايال باشلىق ھەممە نەرسىلەرنى ئېلىۋالدى.

ئۇ ئېسەدەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئېمىل غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئالفرېد بىلەن لىنا ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تىكىلىپ قارىيالماي قالدى. ئېمىلنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

— ئايال باشلىقنى دەرھال بۇ يەرگە

چاقىرىپ كېلىڭلار، — ئېمىل ۋارقىرىغىنىچە شىرە ئۈستىدىكى تەخسىنى ئېلىپلا زەرب بىلەن تامغا ئېتىۋىدى، تەخسە سۇنۇپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى.

— «مىر تىقىم»نى ئەكېلىڭلار !

ئارفىلد راستىلا قورقۇپ كېتىپ:

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال، بۇنچە خاپا بولغانىنىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى، ئاندىن بىچارە بوۋىسىغا تەسەللى بېرىپ، ئايال باشلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى، ئەمما ستوللېر يوك يىغلاپ تۇرۇپ:

— بىز ھېچنېمىگە ئېغىز تەگمىدۇق، ھەتتا ئۇ مېنىڭ ناسۋىلىمنىمۇ بەرمىدى، — دېگەن گەپنىلا تەكرارلايتتى.

دەل شۇ چاغدا ئىدا يەنە سىرتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قاراڭلار، لىركرۇش كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— مېنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلدى، — دېدى ستوللېر يوك لاغىلداپ تىترەپ.

لىركرۇش ۋىجىككىنە كەلگەن كەمبەغەل موماي، ستوللېر يوك يوقاپ كەتسىلا ئايال باشلىق ئۇنى كارتخۇلد قورۇقىغا



ئەۋەتتى، چۈنكى ستوللېر يوكىنىڭ نەۋرىسى ئارفىلدنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئېمىلنىڭ ئاپىسىنىڭ كىشىلەرگە ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى.

ئۇلار ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى لىركرۇشتىن بىلدى. ئايال باشلىق يەيدىغاننىڭ ھەممىسىنى بالىخانىدىكى بىر ساندۇققا تىقىپ قويۇپتۇ. قىش كۈنلىرى ئۇ يەر سوغۇق بولغاچقا، يېمەكلىك ساقلاشقا ناھايىتى مۇۋاپىق ئىدى. ھارپا كۈنى كەچتە ئۇ يېمەكلىكلەرنى ئالغىلى چىقىپ، كىچىك بىر پارچە كولباسانىڭ يوقاپ كەتكىنىنى بايقاپتۇ ۋە قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ.

— خۇددى قوي پادىسى ئىچىگە كىرىپ قالغان بۆرىدەك، — دېدى ستوللېر يوك، ئۇنىڭ بۇنداق تەسۋىرلىشىگە لىركرۇشمۇ قوشۇلدى. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە ! شۇ كىچىككىنە بىر پارچە كولباسانى دەپ ئايال باشلىق ھەرقانداق ئەسكىلىك قىلىشتىن يانمايدۇ، ھەر ئاماللارنى قىلىپ بولسىمۇ كولباسانى ئوغرىلىغان كىشىنى تېپىپ چىقىدۇ.

— ئەڭ ياخشىسى ئىقرار قىلىش، بولمىسا، بۇ مىلاد كېچىسى پەرۋەردىگار پەرىشتىلىرىنىڭ يىغا - زار كېچىسىگە ئايلىنىدۇ، — دېگەنىدى ئۇ.

— راستىلا شۇنداق بولدى، — جەزملەشتۈردى لىركرۇش. ئايال باشلىق مەيلى قانداق ھەيۋە قىلسۇن، ھېچكىم كولباسا ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلمىدى. بەزىلەر بۇنى ئايال باشلىق ئۇ نەرسىلەرنى يالغۇز يېيىش ئۈچۈن قەستەن تېپىپ چىققان باھانە، دەپ قارايتتى.

— مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ كۈنى كەچ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راستلا پەرۋەردىگار پەرىشتىلىرىنىڭ يىغا كېچىسىگە ئايلاندى، — دېدى لىركرۇش.

ئايال باشلىق ئۆزىنىڭ شام يېقىلغان بالىخانىسىدا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن يىمەكلىكلەرنى خۇددى سېمىز چىشى يولۋاسقا ئوخشاش قورسىقى ئېتىلىپ كەتكۈدەك بولغۇچە يېدى. لېكىن، ئاستىنقى ئۆيدىكى بىچارە قېرىلار بولسا تام تۈۋىدە يىغلاپ ئولتۇرۇشتى، پەقەت ئازراق تۇزلانغان سېلىد بېلىقىغىلا ئېغىز تېگىشتى، شۇنىڭ بىلەن هارپا كۈنىنى ئۆتكۈزگەن بولدى.

بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنىمۇ هارپا كۈنىدىكىگە ئوخشاش بولدى. ئايال باشلىق يەنىلا كولباسا ئوغرىلىغان ئادەم ئۆزىنى مەلۇم قىلمىسا، هېچكىم بىر چىشلەم نەرسە يەيمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن، دېگىنىچە، ئۆزى بالىخانىسىدا ئولتۇرۇپ توختىماي نەرسە يېدى، هېچكىمگە گەپ قىلمىدى. لىركرۇش هەر سائەتتە بىر قېتىم دېگۈدەك ئىشىكتىكى ئاچقۇچ سالىدىغان تۆشۈكتىن قاراپ تۇردى، ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئەۋەتكەن نازۇنېمەتلەر هەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭ كالاچەتەك يوغان ئېغىزىغا كىرىپ كەتتى.

ئايال باشلىق ئەمدىلىكتە بولسا ستوللېر يوكنىڭ كارتخۇلد قورۇقىغا بېرىپ گەپ توشۇشىدىن قورقۇپ، لىركرۇشقا قانداق قىلىپ بولسۇن بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمەي ئۇنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇغاندى.

— ئەڭ ياخشىسى هازىرلا ماڭايلى، ستوللېر يوك، — دېدى لىركرۇش.

— هەي ! بوۋا، كەمبەغەللەر نېمىدېگەن بىچارە - هە؟ — دېدى ئارفىلد ئۆكۈنگەن هالدا.

ئېمىل گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇ ئوتتۇن قويىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ساندۇقنىڭ ئۈستىدە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ئولتۇراتتى، ستوللىر يوك بىلەن لىركرۇش كېتىپ خېلى ئۇزاققىچە ئورنىدىن تۇرمىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئاللىقانداق بىر ئىشلارنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇ ئاخىر ساندۇقنى قاتتىق مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— بىلىمەن، ئۇ چوقۇم زىياپەت ئۆتكۈزەلەيدۇ! — دېدى.

— كىمنى دەيسەن؟ — دەپ سورىدى ئىدا. ئېمىل ساندۇقنى يەنە بىر مۇشتلاپ:

— مانا مەن! — دېدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئېيتتى، — زىياپەت چوقۇم دەرھال ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك، لۇننابىيەدىكى ياشانغانلار ساناتورىيەسىدىكى بارلىق ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلارنىڭ ھەممىسىنى كارتخۇلدقا تەكلىپ قىلىش كېرەك، دەرھال!

— ھەي ئېمىل، — دېدى ئىدا تازا خاتىرجەم بولالماي، — بۇنداق قىلساق چاتاق بولماسمۇ؟

بۇنىڭدىن ئارقىلىدىمۇ ئەنسىرەپ قالغانىدى، ئۇنىڭچە بۇ بىر چوڭ بالا تېرىغانلىق ئىدى. ئەمما، ئېمىل ئۇنداق بولمايدۇ، دەپ ۋەدە قىلدى.

— بۇنداق ئىشنى پەرۋەردىگار قوللايدۇ، خۇددى ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى ساناتورىيەنىڭ كۆلپەتلىك مىلاد كېچىسى ئۇچۇن يىغلىغاندەكلا، — دېدى ئېمىل ھەيبارلارچە كۆلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن قوشۇپ قويدى، — ئاپامىمۇ بۇ ئىشتىن چوقۇم خۇش بولىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما دادامچۇ؟ — دەپ سورىدى ئىدا.

— ھەي، مەيلى نېمىلا دېسۇن، ئىشقىلىپ بۇ بالا تېرىغانلىق بولمايدۇ، — دېدى ئېمىل، ئارقىدىنلا گەپ ـ سۆز قىلماي خىيالغا پېتىپ كەتتى.

— لېكىن، ئۇلارنى چىشى شىرنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كېلىش بىر ئىش ـ دە؟ يۇرۇڭلار، بېرىپ بىر سىناپ باقايلى! — دېدى ئېمىل.

ئۇلار بارغاندا ئايال باشلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگەتكەن، ھەتتا ئۇۋۇقىمۇ قالمىغانىدى، ئۇ يەنە تېخى ستولنىڭ يوكنىڭ ناسۇلىنىمۇ ھۇزۇرلىنىپ چىكىپ تۈگىتىۋەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ سەل بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتاتتى. ئادەم ۋىجدانىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ قويغاندىن كېيىن مانا مۇشۇنداق تۇيغۇدا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ شۇ تاپتا باشقىلارنىڭ يېنىغىمۇ بارغۇسى يوق ئىدى، چۈنكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ قىلغانلىرىدىن نارازى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىشىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى.

ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى بىئارام بولۇپ ئولتۇرغان پەيتتە، بىرسىنىڭ ئىشىكنى قاتتىق ئۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كىمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن دەرھال بالىخانىدىن چۈشتى. چاتاق ! ئېمىل ئىكەن ئەمەسمۇ؟ كارتخولد قورۇقىدىكى ھېلىقى ئېمىل ! ئېمىلنى كۆرۈپ ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلدى، چۈنكى ئېمىلنىڭ ستوللېر يوك ياكى لىركرۇش قىلغان تاققا ـ تۇققا گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

ئېمىل ئىشىكتىن كىرىپ ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلىپ:

— مەن بۇ يەرگە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئەكەلگىنىمدە قەلەمتىرىشىم چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ؟ ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمايۋاتىمەن؟ — دېدى.



قارالڭ، ئۇ نېمىدېگەن ھېيلىگەر! ئەمەلىيەتتە، قەلەمتىرىشى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئايرىلىپ باققىنى يوق. لېكىن، ئۇنىڭغا بىرەر باھانە ـ سەۋەب بولۇشى كېرەك، بۇنداق دېمەيمۇ ئامال يوق.

ئايال باشلىق قەتئىيلىك بىلەن:

— قەلەمتىراشتەك نەرسىنى ئۇچراتمىدىم، — دېدى.

ئېمىل كەينىدىنلا:

— كولباسا قانداقراق ئىكەن؟ گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ تەمى ياخشى بوپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئايال باشلىق سەل جىددىيلىشىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، ياخشى بوپتۇ. ۋاھ! كارتخۇلد قورۇقىنىڭ مېھرىبان ئايال غوجايىنى كەمبەغەللەرنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، باشقىلارغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى دەرھاللا.

ئاندىن ئېمىل بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى.

— ئاپام بىلەن دادام سكۇرپخۇردقا زىياپەتكە كەتكەن، — دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئايال باشلىق سەل جانلىنىشقا باشلىدى.

— شۇنداقمۇ، سكۇرپخۇردتا بۈگۈن زىياپەت بارلىقىنى مەن ئەجەپ بىلمەيدىكەنمەنا؟

«سېنىڭ بىلمىگىنىڭ ياخشى، بىلگەن بولساڭ ئاللىبۇرۇن ئۇ يەرگە بېرىپ بولماتتىڭ» دەپ ئويلىدى ئېمىل. مەيلى قەيەردە زىياپەت بولسۇن، بۇ ئايالنىڭ خۇددى ناھايىتى توغرا ماڭىدىغان سائەتتەك ئۇ يەردە بىردەمدىلا پەيدا بولىدىغانلىقىنى لۆننابېيەلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. ھېچبولمىغاندا

پىشلاقنىڭ تەمىنى تېتىپ بولغاندا ئاندىن ئۇنى يولغا سالغىلى بولاتتى. ئۇ پىشلاق يېيىش ئۇچۇن ئوت دېگىنىزى بولسىمۇ كېسىپ ئۆتىدۇ. سىز لۆننابىيەدە زىياپەتكە قاتنىشىپ باققان بولسىڭىز، شىرە ئۇستىدىكى ۋاللىداپ تۇرغان مىس پەتنۇسلارغا ئۇزۇن پىشلاق تىزىلغانلىقىنى كۆرەتتىڭىز، بۇ پىشلاقلار مېھمانلار ئەكەلگەن سوۋغاتلار بولۇپ، لۆننابىيەدە بۇنى «يىغىش قىلماق» دەيدۇ.

— ئۇن يەتتە پارچە پىشلاق تورتى بار ئىمىش، قانداق، جىقمىكەن؟ — دېدى ئېمىل.

ئەمەلىيەتتە، ئېمىلنىڭ زىياپەتتە قانچىلىك پىشلاق تورتى بارلىقىنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۇچۇن، بەك جەزملەشتۇرۇپىمۇ گەپ قىلمىدى. بۇ پەقەت بىر قاپقان ئىدى.

— هە، مېنىڭچە ئاز ئەمەس ئىكەن، — دېدى ئايال باشلىق.

ئېمىل ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ قايتتى، يېرىم سائەتكە قالماي ئايال باشلىقنىڭ سكۇرپخۇردقا قاراپ چاپىدىغانلىقىنى ئۇ ئېنىق بىلەتتى.

ئۇنىڭ مۆلچەرى تامامەن توغرا چىقتى. ئېمىل، ئارفىلد ۋە ئىدا ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئايال باشلىقنىڭ چوڭ تىۋىت ياغلىقنى ئارتىپ، تىلەمچىلىك خالتىسىنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە چىقىپ كەلگىنىنى كۆردى. ئۇ سكۇرپخۇردقا قاراپ ماڭدى. لېكىن، بۇ چىشى يولۋاسنىڭ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچىنى يانچۇقىغا سېلىپ كېتىشىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرگەن. هەي، ئەمدى ئىش ئوخشىدى، ھەممە كىشى ئىچىدە سولىنىپ قالدى، هەي بىچارە قېرىلار! بەلكىم ئايال باشلىق: «ستوللېر يوك، سېنىڭ ئەمدى سىرتقا قاچقىنىڭنى بىر كۆرەي،



هوقۇقىنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى، كىمنى ئەخمەق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ساڭا بىر بىلدۈرۈپ قوياي!» دېگەن چېغى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پۇتىنى سۆرىگىنىچە سكۇرپخۇردقا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئېمىل، ئالفرىد ۋە ئىدا بېرىپ دەرۋازىنى ئىتتىرىپ، ئىشىك قۇلۇپلاندىمۇ، يوق، كۆرۈپ باقماقچى بولۇشتى، دەرۋەقە ئىشىك راستلا قۇلۇپلاقلىق ئىكەن.

ئۆي ئىچىدىكى كىشىلەر قورققىنىچە سىرتتىن كىرمەكچى بولغان ئۈچ كىشىگە قاراشتى.

— ئەگەر سىلەرنى بۇ يەردىن چىقىرالىسام، كارتخۇلد قورۇقىغا ئېلىپ بېرىپ زىياپەت بېرىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى ئېمىل.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساناتورىيەنىڭ ئىچى خۇددى ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەرە تۇپىدەك بولۇپ كەتتى. بۇ ھەم ياخشى ئىش، ھەم ناھايىتى ئاۋارىچىلىك، چۈنكى ئۇلار سولىنىپ قالغان، ھېچكىم ئۇلارنى چىقىرالايدىغان ياخشىراق چارە تاپالمىدى.

سىز بەلكىم دېرىزىدىن چىقسا بولىدۇغۇ، دېيىشىڭىز

مۇمكىن. ئۇنداقتا، سىز قاپقاق دېگەننى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز. قىش كۈنلىرى ساناتورىيەنىڭ دېرىزىسىنى ئاچمايتتى، يوچۇقلىرىدىن شامال كىرمىسۇن، دەپ ھەممىسىنى مىخلىۋەتكەن، يەنە تېخى پېچەتىمۇ بار ئىدى.

سىز يەنە: «ئۇنداقتا، ھاۋا قانداق ئۆتۈشىدۇ؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. ئوماق قوزىلىرىم، مۇشۇنداق ئەخمىقانە سوئالنىمۇ سورامسىلەر؟ كىم دەپتۇ ئۇ يەردە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشى كېرەك دەپ، بۇنداق ئىشلار بىلەن كىشىلەرنىڭ كارى يوق، كۆپچىلىك سىرتقا تۈتىشىدىغان مەش، تاملار ۋە پوللارنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرگەن ساپ ھاۋادىن رازى بولۇپ ئولتۇرىۋېرىدۇ. دېرىزىدىن چىقىش مۇمكىن بولمىدى. ئايال باشلىقنىڭ بالىخانىسىدا ئاچقىلى بولىدىغان بىر دېرىزىغۇ بار، ئەمما بىر تېرە - بىر ئۇستىخان قالغان قېرىلارنىڭ بىرسىمۇ تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ زىيايەتكە بېرىشقا پېتىنالمايدۇ - دە، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا، زىيايەتكە ئەمەس، ئۇدۇل جەننەتكە باراتتى.

لېكىن، بۇنداق كىچىك ئىشلار ئېمىلغا توسالغۇ بولالمايتتى. ئۇ شۇ زامان ئوتۇنخانىدىن بىر شوتىنى تېپىپ كېلىپ بالىخانىنىڭ دېرىزىسى ئاستىغا تىكلىدى، لىركرۇش دەرھال خۇشاللىق بىلەن دېرىزىنى ئاچتى. ئارفىلد شوتا بىلەن بالىخانىغا چىقىپ، ساناتورىيەدىكى بوۋاي - مومايلارنى بىرمۇبىر كۆتۈرۈپ چۈشتى، ئۇ ناھايىتى بەستلىك، قاۋۇل بولغاچقا، ئورۇق، يەڭگىل قېرىلارنى كۆتۈرۈپ چۈشۈش ئۇنىڭغا تەسكە توختىمىدى. گەرچە ئۇلار قورققىنىدىن چۇرقىرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر سارىيە ئامارىيەدىن باشقا ھەممىسى پەسكە چۈشۈپ بولدى، سارىيە ئامارىيە چۈشۈشتىن قورقتى ھەم



خالىمىدى. ۋىبىلىكېن ئۇنىڭغا زىياپەتتىكى نازۇنېمەتلەردىن ئىلاجى بار كۆپرەك ئالغاچ كېلىشكە ۋەدە قىلغاندىن كېيىنلا سارىيە ئامارىيە رازىلىق بىلەن قېلىپ قالدى.

ئەگەر شۇ چاغدا بىرەرى كارتخۇلد قورۇقىغا بارىدىغان يولدىن ئۆتكەن بولسا، ئۇلار بىر توپ ئەرۋاھ كۆردۈم، دېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئەرۋاھلارنىڭ بەزىلىرى دەلدەڭشىگىنىچە، بەزىلىرى ئاقسىغىنىچە كارتخۇلد قورۇقىغا بارىدىغان يولدا كېتىۋاتاتتى. كىيىملىرى جۇل - جۇل قېرىلار راستلا ئەرۋاھلارغا ئوخشاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار سىرىققۇشقاچتەك ۋىچىرلىشىپ، كىچىك باللاردەك روھلىنىپ كەتكەنىدى. ها - ها - ها... چۈنكى ئۇلارنىڭ زىياپەت دېگەنگە قاتنىشىپ باقمىغىنىغا تولىمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتكەن. ئايال باشلىق قايتىپ كېلىپ ساناتورىيەدە سارىيە ئامارىيەدىن باشقىلارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسە... بۇنى ئويلىسىلا ئۇلارنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ۋاھ ! ئۇ قوپقورۇق ئۆيىنى كۆرۈپ تازا ئازابلىنىدىغان بولدى - دە ! ھە، ئازابىنىڭ تەمىنى ئۇمۇ تېتىپ باقسۇن ! — دېدى جون ئېتا.

ئۇلار بەكمۇ خۇش بولدى. كارتخۇلد قورۇقىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ، بۇ يەردىكى قىزغىن بايراملىق كەيپىياتنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئېمىل شاخسىمان شامدىن بەشنى ياقتى، شام نۇرىدا تامدىكى پاكىز سۇرتۇلگەن مىس تەخسىلەر ۋالىلداپ تۇراتتى. ستوللېر يوك ئۆزىنى جەننەتكە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

— قاراڭلار، بۇ يەردىكى يورۇقلۇق، باياشادلىقنى، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ. ئۇ مەيلى خۇش بولسۇن ياكى خاپا بولسۇن، ھاياجانلانسىلا يىغلايتتى.

ئېمىل بۇ چاغدا:

— زىياپەت باشلاندى ! — دەپ جاكارلىدى.

مانا شۇنداق قىلىپ زىياپەت باشلاندى. ئېمىل، ئارفىلد، ئىدا ئۈچى يېمەكلىك ساقلاش ساندۇقىدىن ئالالايدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدى. مىلاد بايرىمىنىڭ ئەتىسى كارتخۇلد قورۇقىنىڭ تاماق شىرەسىگە نېمىلەرنىڭ تىزىلغانلىقىنى سىزمۇ بىلىپ قېلىڭ:



كولباسا، بېلىق، بولكا دەمسىز، مېۋە ـ چېۋە دەمسىز، هاراق دەمسىز، شىرەگە هەممىسى چىقتى، بىر ـ بىرلەپ ساناپ چىقىشمۇ بىر گەپ.

ياشانغانلار ساناتۇرىيەسىدىن كەلگەن ئىگە ـ چاقىسىز قېرىلار شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇردى، ئۇلار سەۋرچانلىق بىلەن ساقلىدى، ئارقا ـ ئارقىدىن تارتىلىۋاتقان تاماقلارنى كۆرۈپ، كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى.

ئېمىل ئاخىر:

ــ كۆپچىلىك، تاماققا مەرھەمەت، ــ دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار خۇددى بۇيرۇق كۇتۇپ تۇرغان جەڭچىلەردەك دەرھاللا تاماقنى تۇتۇش قىلدى، شۇنداق ھوزۇرلىنىپ يېيىشتىكى، ئاشخانا ئۆيدىن خېلىغىچە تاماق يېگەن ئاۋازلار ئۈزۈلمىدى.

ئارفىلد، ئېمىل ۋە ئىدامۇ بىللە يېيىشتى. ئىدا بىرنەچچە تال گۆش كۇمىلچى يەپلا بولدى قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ ئېمىلنىڭ بۇ قىلىقىنى كەچۈرەلمەي تۇرۇپ ئېشىپ چوڭ ئىش تېرىغانلىقمۇ قانداق، دەپ ئويلاۋاتاتتى.

ئەتە، يەنى مىلاد بايرىمىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىنگاتورپتىكى ھەممە تۇغقانلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغانلىقى تۇيۇقسىز ئىدانىڭ يادىغا يەتتى. لېكىن، بۇگۈنكى بۇ زىياپەتتە بارلىق نەرسىلەرنىڭ پاك ـ پاكىز يېيىلىپ تۈگەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى! ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ خۇددى ئاچ بۆرىدەك ئۆزلىرىنى قويۇپ بېرىپ يەپ ـ ئىچىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئىدا ئۇلارنىڭ تاماق يېيىشىدىن بەكلا ئېچىرقاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قورقۇپ تۇراتتى. ئۇ ئېمىلنى نوقۇپ، ناھايىتى پەس ئاۋازدا:

— بۇ راستلا ئىش تېرىغانلىق بولامدۇ؟ ئويلاپ باقە، ئەتە ئىنگاتورپتىكىلەر كېلىدىغان تۇرسا! — دېدى.

— ئۇ يەردىكىلەر ئاللىبۇرۇن ئاغزى ـ بۇرنىغىچە تويۇپ بولغان، تاماق دېگەننى يەنىلا ئاچ قالغانلارغا بەرگەن تۈزۈك، — دەپ جاۋاب بەردى ئېمىل تەمتىرىمەيلا.

ئاغزىدا شۇنداق دەۋاتقىنى بىلەن، ئۇمۇ ئازراق ئەنسىرەپ قېلىۋاتاتتى. قارىغاندا، زىياپەت ئاخىرلاشقاندا بىرەر قوشۇق نەرسىمۇ قالمايدىغاندەك تۇراتتى. قورساقتا پاتمىغاننىڭ ھەممىسى يانچۇقلارغا قاچىلاندى، تەخسىلەر قۇرۇقدىلىپ پارقىراپ كەتتى.

— ئەمىسە مەن بۇ بىر پارچە قوۋۇرغا گۆشنى ئاتچوت قىلىۋەتتىم، — دېگىنىچە كالىر سىبادىر ئاخىرقى بىر پارچە قوۋۇرغا گۆشنى ئاغزىغا سالدى.

— مەن سىلد بىلىقنى ئاتچوت قىلىۋەتتىم، — دېدى لاكارىيە فىيە.

ئۇلارنىڭ «ئاتچوت قىلىش» دېگىنى ھەممىنى يەپ تۈگىتىپ تەخسىنى قۇرۇقداپ قويدۇق، دېگىنى ئىدى.

— مانا ھەممىنى ئاتچوت قىلىپ بولدۇق، — دېدى ئاخىرىدا ئەزەلدىن بۇنداق ئۆلچەملىك گەپ قىلىپ باقمىغان توكېر نىكراس. شۇڭا، ئۇ ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ھەم كېيىنمۇ بولمايدىغان بۇ زىياپەتنى «كارتخۇلد ئاتچوت قىلىش زىياپىتى» دەپ ئاتىدى. خېلى ئۇزاققىچە لۇننابىيە ۋە باشقا رايوندىكىلەر بۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىپ يۈردى.

ھازىر يېيىلمىگەن بىرلا نەرسە قالدى، ئۇ بولسىمۇ قاقلاپ پىشۇرۇلغان توراي. ئۈستىگە قىيام تۆكۈلگەن توراي غەمكىن كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك، ئۇ خۇددى كىچىك ئەرۋاھقىلا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشايدىكەن، ئۇنى قانداقمۇ قورقماي يېگىلى بولسۇن، — دېدى لاكارىيە فىيە.

ئۇ ئەزەلدىن قاقلاپ پىشۇرۇلغان تورايىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، باشقىلارمۇ شۇنداق، شۇڭا ئۇلار ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭغا تەگمىگەنىدى.

— قارىغاندا، كولباسا زادى قالمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى كالىر سىبادىر تەخسىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

— پۈتۈن كارتخۇلد قورۇقىدا بىر پارچىلا كولباسا قالدى، ئۇ بولسىمۇ بۆرە تۇتىدىغان تۇزاقنىڭ ئىچىدە، ئۇنى ھېچكىم يېسە بولمايدۇ، — دېدى ئېمىل.

شۇ چاغدا ۋىبىلىكىن تۇۋلىۋەتتى:

— ئاپلا! سارىيە ئامارىيە، بىز ئۇنى ئۇنتۇپ قاپتۇق ئەمەسمۇ؟


ئۇ ئەتراپقا قاراپ، ئالغاچ كېتىدىغانغا بىرەر نەرسە تاپماقچى بولدى، ئاخىر كۆزى قاقلاپ پىشۇرۇلغان تورايغا چۈشتى.

— ئۇ بۇنى يېسە بولارمۇ، گەرچە بۇ نەرسە بىر ئەرۋاھقا ئوخشىسىمۇ، سىنىڭچە بولارمۇ، ئېمىل؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ماقۇل، ئۇنداقتا بۇنى ئۇنىڭغا ئالغاچ بېرىڭلار، — دېدى ئېمىل ئۇھ تارتىپ.

ئۇلار بەك تويۇپ كەتكەچكە، ساناتورىيەگە مېڭىپ كېتىشكە ھېچ كۆزى يەتمىدى.

— بىز چاننى ئىشلىتەيلى، — دېدى ئېمىل. كارتخۇلد قورۇقىنىڭ چوڭ ھەم ئۇزۇن بىر چانىسى بار ئىدى، كارتخۇلدتىكىلەر ئۇنى «دىرۇگېن» دەپ ئاتايتتى. بوۋاي - موماي لار ھازىر بۇرۇنقىدىن سەل سەمرىپ قالغان بولسىمۇ،



لېكىن چانىغا يەنىلا پاتاتتى.

ئاي تولغان كېچە، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. قار يېڭىلا ياغقاچقا پاختىدەك يۇمشاق ئىدى، هاۋامۇ شۇنداق ياخشى، چانا هەيدەشكە تازا مۇۋاپىق ئىدى. كېچىنىڭ هاۋاسى ئادەمگە خۇشياقاتتى.

ئېمىل بىلەن ئارفىلد هەممەيلەننى «دروگگېن»گە يۆلەپ چىقاردى. ۋېبېلىكېن قاقلاپ پىشۇرۇلغان تورايىنى تۇتۇپ ئالدىدا ئولتۇردى، ئىدا، ئېمىل ۋە ئارفىلدلار ئەڭ كەيىندە ئولتۇردى.

— يولغا چىقتۇق، — دېدى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېمىل.

ئۇلار كارتخۇلد قورۇقىنىڭ تاغ باغرىدىكى يولىدىن پەسكە قاراپ سىيرىلدى. كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن قار توزانلىرىغا قاراپ بوۋاي - مومايلار خۇشاللىقتىن تووۇلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ چانىغا ئولتۇرمىغىنىغا ئۇزاق بوپتىكەن. ئاھ! هەممىسى شۇنداق خۇشال ئىدى، پەقەت ئالدىدىكى ۋېبېلىكېنلا قولىدىكى تورايىنى مەهكەم تۇتقان هالدا خۇددى ئەرۋاهتەك ئۈن - تىنسىز يىراققا قاراپ ئولتۇراتتى.

ئەمدى ئايال باشلىقىقا كېلەيلى، ئۇ جادۇگەر نېمىلەرنى قىلىۋاتقاندۇ؟ هازىرلا بىلىسىز. سىزمۇ ئۇنىڭ سىكۇرپخۇردتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پىشلاق تورتىنى يەپ رازىمەنلىك بىلەن قايتقان ھالىتىنى بىر كۆرگەن بولسىڭىز ! قاراڭ، ئۇنىڭ ئۇچىسىغا كۆل رەڭ يۇڭ تىۋىت ياغلىقنى ئارتىپ، ئاران مېڭىپ كەلگىنىچە ئاچقۇچنى ئېلىپ، قۇلۇپنى ئېچىۋېتىپ، ئۆي ئىچىدىكى ئاشۇ ئىگە ـ چاقىسىز قېرىلارنىڭ ئىتائەتمەنلىك بىلەن بىر ياندا قاراپ تۇرۇشىدىغىنىنى ئويلاپ مىيىقىدا كۇلۇۋاتقان سوغۇق كۆلكىسىگە ! توغرا، ئۇلار رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشى، كىمنىڭ دېگىنىنىڭ ھېساب بولىدىغىنىنى بىلىشى كېرەك.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، بوسۇغىدىن ئاتلاپ كارىدورغا كىردى... لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر ھەممە يەر شۇنداق جىمجىت؟ ئۇلار ئۇخلاپ قالغانمىدۇ ياكى خاپا ئولتۇرۇشامدىغاندۇ؟ دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان ئاي نۇرى ئۆيىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ نېمە دەپ تىنىقى بار بىرەرنىمۇ كۆرمەيدۇ؟ ئەلۋەتتە كۆرمەيدۇ ـ دە، ئۇ يەردە بىرمۇ ئادەم بولمىسا ! ئاڭلاپ قويغىن، بىرمۇ ئادەم يوق !

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئايال باشلىق قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق قورقۇپ باقمىغانىدى. كىممۇ قۇلۇپلاقلىق ئىشىكتىن چىقىپ كېتەلىسۇن؟ پەقەت پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىلىرىلا... توغرا، دەل مۇشۇنداق بولغان ! ئۇ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى، ناسۋىلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان بىچارە قېرىلارنى پەرۋەردىگار بۇ يەردىن ياخشىراق يەرگە ئېلىپ كېتىپتۇ، يالغۇز ئۇنىلا ئازاب تارتسۇن دەپ تاشلاپ كېتىپتۇ. ھىي ـ ھىي ـ ھىي... ئۇ خۇددى ئىتتەك غىڭشىپ كەتتى.

تۇيۇقسىز، ئۇ بۇلۇڭدىكى بىر كارىۋاتتىن چىقىۋاتقان ئاجىز ئاۋازنى ئاڭلىدى، كىچىك بىر گەۋدە تۇگۇلگىنىچە يوتقاننىڭ ئىچىدە ياتاتتى.

— نىمانداق توۋلايسەن؟ — دېدى سارىيە ئامارىيە.

ئايال باشلىق ئۇنى كۆرۈپ بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى. ئۇ قىستاپ سوراش ئارقىلىق بىردەمدىلا ئۆزى بىلمەكچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىنى بىلدى. بۇنداق ئىشقا ئۇ ناھايىتى ئۇستا ئۇرسا.

ئارقىدىنلا ئۇ كارتخۇلد قورۇقىغا قاراپ يۈگۈردى. چۈنكى، بۇ ئىش لۇننابىيەلكىلەرنىڭ سۆز - چۆچەككە ئايلىنىپ ھەممە يەرگە تارقىلىپ كەتسە بولمايتتى، ھازىر ئۇ ئىگە - چاقىسىز قېرىلارنىڭ ئۆيگە قايتىش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسا بولمايتتى.

ئاي يورۇقىدا كارتخۇلد قورۇقى تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاشخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن چىقىپ تۇرغان شام يورۇقىنى كۆرۈپ كىرمەكچى بولدى - يۇ، سەل خىجىل بولغاندەك بولۇپ، كىرگۈسى كەلمىدى. «ئۇ قېرىلار راستلا شۇ يەردىمۇ قانداق، دېرىزىدىن بىر ماراپ باقاي» دەپ ئويلىدى ئۇ. بويى دېرىزىگە يەتمىگەچكە، پۇتىنىڭ ئاستىغا ساندۇقتەك بىرنەرسە قويۇشقا



توغرا كەلدى، ئۇ پۇتىغا قويغۇدەك نەرسە تېپىش ئۈچۈن ياغاچچىلىق ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندى. نەرسە تېپىلدى، لېكىن ساندۇق ئەمەس، بىر تال كولباسا ئىدى. سىز بىلدىڭىزغۇ دەيمەن، ھېلىقى ياغاچقا سانجىپ قار ئۈستىگە تىكلەپ قويغان بەرەڭگى قىيمىلىق مەززىلىك كولباسا. گەرچە ئۇنىڭ قورسىقى ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە قورسىقى ئاچىدىغانلىقىنى بىلەتتى. يەنە كېلىپ، شۇنداق ياخشى يېمەكلىكنى ئۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ ئىسراپ قىلىشنىڭ ئۆزى بىر چوڭ ئەخمەقانىلىققۇ. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئالدىغا بىر قەدەم ئالدى، پەقەت چوڭ بىر قەدەملا ئالدى.

ئىلگىرى سىمالاندتا بۆرىنى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇلدا تۇتاتتى.

ئايال باشلىق تۇزاقتا چۇشۇشى بىلەن تەڭ زىياپەت ئاخىرلاشتى. ھەممەيلەن چانىغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتتى. ئۇلار تۇزاق تەرەپتىن كەلگەن ھېچقانداق شەپىنى ئاڭلىمىدى. ئايال باشلىق دەسلەپتە ئۆزۈم چىقىپ كېتەلەيمەن، دەپ ئويلاپ ئاۋاز چىقارمىغانىدى.

ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلار چانىغا ئولتۇرۇپ دۆڭدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ بىردەمدىلا ساناتورىيەگە يېتىپ كەلدى، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغىنى، دەرۋازا ئوچۇق ئىدى. ئۇلار ئىچكىرىگە كىردى، تاماقنى تويغۇدەك يەپ، چانىدا ئولتۇرۇپ چارچىغاچقا، ئۇلارنىڭ شۇ زامان كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلىغۇسى كەلدى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۇلار بۇنداق خۇش بولۇپ باقمىغانىدى.

ئېمىل، ئارفىلد ۋە ئىدا ئۈچى يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان كۆك ئاسماندىكى ئاي يورۇقىدا كارتخۇلد قورۇقىغا قايتتى. ئېمىل بىلەن ئارفىلد چانىنى سۆرەپ دۆڭگە چىقتى، ئىدا چانىدا

ئولتۇردى، چۈنكى ئۇ كىچىك ئىدى.

ئەگەر سىزمۇ ئايدىڭ كېچىدە چاقنىغان سۈرەپ لۇننابىيەنىڭ چىغىر يولىدا مېڭىپ باققان بولسىڭىز، خۇددى پۈتكۈل يەر شارى ئۇيقۇغا كەتكەندەك تۈن نىسپىيدىكى جىمجىتلىقنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگەن بولاتتىڭىز، مۇشۇنداق تىمتاسلىقتا تۇيۇقسىز بىر نەرسىنىڭ ھۇۋۇلىغان ئاۋازى ئاڭلانسا قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايتتىڭىز. ھەممە ئىشتىن بىخەۋەر ئېمىل، ئارفىلد ۋە ئىدا ئۈچى ئەڭ ئاخىرقى بىر دۆڭگە چىقىۋاتقىنىدا، ئېمىل كولىغان تۇزاق تەرەپتىن تۈرۈپ - تۈرۈپ ھۇۋۇلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، قورقىنىدىن ئىدانىڭ چىرايى تاتىرىپ، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالايلا دېدى، شۇ زامان ئاپىسىنى سېغىندى. ئېمىل دەل ئەكسىچە، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

— تۇزىقىمغا بۆرە چۈشۈپتۇ، ھەي، «مىرتىقىم» نەدە؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

ئۇلار يېقىنلاشقانسېرى، ھۇۋۇلىغان ئاۋاز كۈچەيدى. بۇ ئاۋاز پۈتۈن كارتخۇلد قورۇقىنى بىر ئالغان بولۇپ، كىشىلەر ئورمان بۆرىلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، بۇ ئاۋاز تۇتۇلۇپ قالغان بۆرىنىڭ نالىسى ئوخشايدۇ، دەپ قالدى.

— بۇ بۆرىنىڭ ئاۋازى نېمانداق غەلىتە، ئاڭلاڭلار! — دېدى ئارفىلد.

ئۇلار ئايدىڭدا ئۈن چىقارماي بۆرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھۇۋۇلىشىنى ئاڭلىدى.

— قۇتقۇزۇڭلار، قۇتقۇزۇڭلار، قۇتقۇزۇڭلار! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ئېمىلنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— بۆره ئادەم! خاتالاشمىدىم، چوقۇم بۆره ئادەم!

ئۇ كۆچەپ بىرنەچچە سەكرەپ باشقىلاردىن بۇرۇن تۇزاقنىڭ يېنىغا باردى، قانداق بىر بۆرىنى تۇتۇۋالغىنىنى كۆردى. نەدىمۇ بۆره ئادەم بولسۇن، ھېلىقى نەس باسقۇر ئايال باشلىق ئىكەن. ئېمىل غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.

— ئۇ مېنىڭ تۇزىقىمدا نېمە ئىش قىلىدۇ، مېنىڭ تۇتماقچى بولغىنىم راست بۆره تۇرسا!

لېكىن، ئۇ سەل ئويلانغاندىن كېيىن ئايال باشلىقنىڭ بۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكىنى بىر ھېسابتا ئوبدان بوپتۇ، ئۇ ئەمدى بولسىمۇ ئاز - تولا ئەقلىنى تاپار، مېھرىبانراق بولار، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئارفىلد بىلەن ئىدانى چاقىردى.

— تېز بۇ يەرگە كېلىڭلار، تۇزاققا چۈشكەن سەت، غەلىتە مەخلۇقنى كۆرۈڭلار!

ئۇچى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ، كۆل رەڭ تىۋىت ياغلىقىقا ئورىنىۋالغان، بۆرىگە ئوخشاپ قالغان ئايال باشلىققا قارىدى.

— بۇنىڭ بىر بۆره ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئىدا، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقىۋاتاتتى.



— بۇنىڭغا ئىشىنىشىڭ كېرەك، — دېدى ئېمىل، — بۇ دەل بىر ياۋۇز، قېرى چېشى بۆرە ئادەم، ئەڭ خەتەرلىك هايۋان.

— توغرا، چۈنكى ئۇلار تولىمۇ ئاچ كۆز، — دېدى ئالفىرېد.

— تامامەن توغرا، قاراڭلار، ئۇنىڭ سېمىز تۇرقىدىن ئىلگىرى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئاچلىق قىلىپ تارتىپ يەۋالغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ؟ ئەمدى ھەممىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئالفىرېد، تېزدىن مېنىڭ «مىرتىقىم»نى بەرگىن !

— ۋاي - ۋۇي، كىچىك ئېمىل، قاراپ بېقىڭە، مەن كىم؟ — دەپ توۋلاپ كەتتى ئايال باشلىق. ئېمىل مىلتىقنى تىلغا ئالغاندا ئۇ راستىلا قورقۇپ كەتكەنىدى. ئېمىلنىڭ مىلتىقىنىڭ ئويۇنچۇق مىلتىق ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن.

— ئالفىرېد، سەن ئېنىق ئاڭلىيالىدىڭمۇ، بۆرە ئادەم نېمە دەيدۇ؟ مەن ئاڭلىيالمىدىم، — دېدى ئېمىل.

ئالفىرېد بېشىنى چايقاپ:

— ياق، مەنمۇ ئاڭلىيالمىدىم، — دېدى

— بولدى، بەربىر ئوخشاشقۇ، دەرھال «مىرتىقىم»نى بەرگىن، ئالفىرېد.

بۇنى ئاڭلىغان ئايال باشلىق تېخىمۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، بۇ مەن، بۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتىم !

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ مېنىڭ ھامامنى كۆردۈڭلارمۇ دەۋاتامدۇ؟

— ھەئە، لېكىن بىز كۆرمىدۇق، — دېدى ئالفىرېد.

— شۇنداق، تاغىسىنىمۇ، ھامىسىنىمۇ كۆرمىدۇق. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي تۇزاققا لىق توشقان قېرى بۆرە ئادەملەرنى كۆرىمىز. «مىرتىقىم»نى بەرگىن، ئالفىرېد، — دېدى ئېمىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ چاغدا ئايال باشلىق جىلە بولغىنىدىن:
— بىلىمەن، سىلەر قەستەن مۇشۇنداق قىلىۋاتىسىلەر، — دەپ ۋارقىرىدى يىغلامسىراپ.
— ئۇ مەن ئاق تۇرۇپنى ياخشى كۆرىمەن دەمدۇ؟ — سورىدى ئېمىل.
— ھە، شۇنداق دەيدۇ، لېكىن بىزدە ئاق تۇرۇپ يوق، پەقەت قىزىل تۇرۇپلا بار، — دېدى ئارفىلد.
— ئەلۋەتتە يوق، ئاق تۇرۇپ پۈتۈن سىمالاندتىنىمۇ تېپىلمايدۇ، ھەممىنى ھېلىقى ئاچ كۆز ئايال باشلىق يەپ تۈگىتىۋەتكەن تۇرسا، — دېدى ئېمىل.
ئايال باشلىق بۇنى ئاڭلاپ بايىقىدىنىمۇ كۆچەپ ھۆڭگۈرەپ يىغلىغىلى تۇردى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ستوللىرى يوك ۋە باشقا بىچارە قېرىلارغا قىلغان رەسۋاچىلىقلىرىنى ئېمىلنىڭ بىلىپ بولغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.
ئۇنىڭ داد ـ پەريادلىرىنى ئاڭلاپ ئېمىلنىڭ ئىچى ئاغرىدى، چۈنكى ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل بالا. لېكىن، ساناتورىيەنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىسە، ئۇنىڭ ئايال باشلىقنى ئاسانلىقچە قويۇۋەتكۈسى يوق، شۇڭا ئۇ:
— ئۇبدان قارىغىنا، ئارفىلد، بۇ بۆرە ئادەمنىڭ بەزى يەرلىرى ساناتورىيەنىڭ ئايال باشلىقىغا ئوخشاۋاتامدۇ، قانداق؟ — دېدى.
— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، ئۇ ئايال باشلىق سىمالاندتىكى ھەممە بۆرە ئادەمدىنمۇ قورقۇنچلۇق تۇرسا!
— توغرا دەيسەن، ئايال باشلىق بۆرە ئادەمگە نىسبەتەن «موللا يوق يەردە موللا مەن، موللا بار يەردە يولدىمەن» دېگەندەك، ھېچقانداق بىر كىشىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان تۇرسا. شۇنى بىلگۈم بار، ئۇ كولباسانى زادى كىم ئالغاندۇ؟ — دېدى ئېمىل.

— مەن، مەن ئالغان. ھەممىنى ئىقرار قىلاي، سىلەر مېنى بۇ يەردىن چىقىرىۋەتسەڭلار، — دېدى ئايال باشلىق يېلى چىققان توپتەك بولۇپ.

ئېمىل بىلەن ئارفىلد بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلدى.

— ئارفىلد، كۆزۈڭ نەگە كەتتى، كۆرمىدىڭمۇ، بۇ ئايال باشلىق ئىكەن ئەمەسمۇ، قانداقمۇ بۆرە ئادەم بولسۇن ! — دېدى ئېمىل.

— ۋاي خۇدايىم ! — دېدى ئارفىلد، — بىز قانداقسىغا خاتالاشقاندىمىز؟

— شۇنى دېگىنە، مەنمۇ چۈشىنەلمەي قالدىم، — دېدى ئېمىل، — بەك ئوخشايدىكەن، لېكىن بۆرە ئادەم دېگەن تىنۋىت ياغلىق ئارتماس؟

— شۇ ئەمەسمۇ، لېكىن بۆرە ئادەمنىڭ تۈكى بار، توغرا دېدىممۇ؟

— ئارفىلد، ئايال باشلىققا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن، — دېدى ئېمىل، — شوتا ئەكەل، تېز !

تۇزاقتىن شوتىغا يامىشىپ چىققان ئايال باشلىق ئالدى - كەينىگە قارىماي تىكىۋەتتى. ئۇ كارتخۇلدتىن مەڭگۈلۈك كەتمەكچى، بۇ يەرگە ئەمدى دەسسىگۈسىمۇ يوق ئىدى. يولنىڭ قايرىلىدىغان يېرىگە بارغاندا، ئۇ كەينىگە قاراپ:


— توغرا، كولباسانى مەن ئالغان، پەرۋەردىگار مېنى كەچۈرسۇن، لېكىن ھارپا كۈنى كەچتە مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن، قەسەم قىلىپ بىرەي، راستىلا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۇنى بۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرغۇزۇپ، ئوبدان ئويلاتقۇزاركەنمىز. قانداقلا بولمىسۇن، بۆرىگە

تۇزاق قۇرغىنىمىنىڭ زىيىنى بولمىدى، ــ دېدى ئېمىل.

ئايال باشلىق سېمىز ئىككى پۇتىنى كۆچەپ سۆرىگىنىچە دۆڭدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ساناتورىيەگە قايتىپ كەلگەندە، ساناتورىيەدىكى ياشانغانلار كىرلىشىپ، پىت بېسىپ كەتكەن كارىۋاتلىرىدا ئاللىقاچان شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئايال باشلىق ئۇلارنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىنى زادىلا خالىمىغاچقا، خۇددى ئەرۋاھتەكلا جىمجىت كىردى، بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى.

ئۇ ئادەملەرنى بىرمۇبىر ساندى، خۇداغا شۈكۈر، ھەممىسى بار ئىكەن. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزىگە غەلىتە بىرنەرسە چېلىقىپ قالدى. سارىيە ئامارىيەنىڭ كارىۋىتى يېنىدىكى شىرە ئۈستىدە...
«ئاھ، پەرۋەردىگار، راستىلا بىر ئەرۋاھ تۇرمامدۇ! قارىماققا ئۇ ھەممە يېرى پارقىراپ تۇرغان تورايغا ياكى بۆرە ئادەمگە ئوخشاپ



كەتسىمۇ، جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، ئۇ چوقۇم بىر ئەرۋاھ!» ئۇ ئەرۋاھ قورقۇنچلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ تۇراتتى.

بىر كۈننىڭ ئىچىدە شۇنچە كۆپ قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بەردى، بۇ ئايال باشلىققا نىسبەتەن بالا كەلسە قوش كەپتۇ، دېگەندەك بىر ئىش بولغانىدى. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە يەردىلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ شۇ ئۇخلىغىنىچە مىلاد بايرىمىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، يەنى كۈن نۇرى دېرىزىدىن ئۆيگە چۈشكەندە ئاندىن ئويغاندى.

مىلاد بايرىمىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىنگاتورپىتىكى تۇغقانلار كارتخۇلد قورۇقىغا زىياپەتكە كېلىدىغان كۈن ئىدى. ئاپلا، ئەمدى ئۇلارنى نېمە بىلەن كۈتەر؟ ۋاي - ۋۇي، كارى چاغلىق ئىشقۇ بۇ، يېمەكلىك ساقلاش ئۆيىدە يەنە نۇرغۇن تۇزلىغان گۆش، بەرەڭگى بىلەن قورۇغان گۆش، ئۈستىگە قىيام قۇيغان پىياز بار، بۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاچىقسىمۇ بولىدىغان تائاملارغۇ.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى بۇ كۈنى خاتىرە يېزىۋاتقاندا كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىدى. بۇنىڭغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ، ھازىرغىچە خاتىرە دەپتەرنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە تامچە كۆز يېشىنىڭ ئىزى بار تۇرسا.

«مىلاد بايرىمىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كەچ، مەن بەك ئازابلاندىم، — دەپ يېزىلغانىدى خاتىرە دەپتەرنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى بىر قۇرغا، ئاندىن، — ئۇ بۈگۈن ياغاچچىلىق ئۆيىدە تولۇق بىر كۈن ئولتۇردى. بىچارە بالام، ئۇ ئەسلىدە تولىمۇ ئاق كۆڭۈل بالا ئىدى، شۇنداقتىمۇ مەن بەزىدە ئۇ بەكرەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، دەپ قارايمەن» دەپ يازغانىدى.

كارتخۇلد قورۇقىنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇنقىدەك بىر ئىزدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېتىۋاتاتتى. قىش تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، باھار يېتىپ كەلدى. ئېمىل يەنىلا دائىم ياغاچچىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ تۇراتتى. ياغاچچىلىق ئۆيىگە سولانمىغىنىدا بولسا ئىدا بىلەن بىللە ئويناپتتى، لۇكاسنى مىنەتتى، سۈت توشۇيدىغان ھارۋىنى ھەيدەيتتى، لىنانىڭ چېچىغا تېگەتتى، ئالفرېد بىلەن پاراڭلىشاتتى، ئاندىن يەنە كەپسىزلىكىنى باشلايتتى، ئەتىگەندىن كەچكىچە ھەر خىل شەكىلدە كەپسىزلىك قىلاتتى. ئېمىلنىڭ كەپسىزلىكلىرى كارتخۇلدتىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى ــ يېڭى مەنىلەرنى قوشۇپ تۇراتتى. مانا شۇنداق قىلىپ، ماي ئېيىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ياغاچچىلىق ئۆيىنىڭ جازىسىغا بىر يۈز يىگىرمە بەش ياغاچ بوۋاي تىزىلدى، قانداق، ئېمىل قالتىسمىكەن !؟

ئالفرېد كەپسىزلىك قىلىپ بالا تېرىمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار ئىدى. ھەي، ئۇ ھازىرغىچە ھېلىقى ئىشنى، توي قىلغۇسى يوقلۇقىنى لىناغا ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى.

ــ ئەڭ ياخشىسى مەن بېرىپ دەي، ــ دېدى ئېمىل. ئەمما، ئالفرېدنىڭ ئۇنى ئارىغا سالغۇسى يوق ئىدى.

ــ گەپنى ئەگىتىپرەك ئېيتمىساق بولمايدۇ، بولمىسا ئۇنىڭ دىلى ئازار يەپ قالىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

ئالفرېد تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ئىدى، بۇ ئىشتا كىمنىڭ بىرەر ئەقىل كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ماي ئايلىرىنىڭ دەسلەپكى شەنبە كۈنى، لىنا يىللىقچىلار ئۆيىنىڭ پەشتىقىدا تاتلىق خىياللار بىلەن ئالفرېدنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئالفرېد مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ئۇ ئىشنى ئېيتىش



قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، لىنا، ساڭا بىر ئىشنى دېيەلمەي يۈرگىلى ئۇزاق بولغانىدى!

لىنا ئۇزاقتىن بۇيان كۈتۈۋاتقىنىم ئاخىر كەلدى، دەپ قالغان چېغى، شۇ ئان گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— نېمە ئىش ئىدى، قەدىرلىك ئارفىلد، ماڭا نېمە دېمەكچىدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ.

— مۇنداق ئىش، بىز ئىلگىرى توي قىلىمىز دېگەن ھېلىقى ئىشنى... ئەمدى ئۇ ئىشنى گەندە ئازگىلىغا تاشلىۋېتەيلى!

ئۇ بۇنداق دېسە قانداق بولىدۇ؟ بىچارە ئارفىلد! بۇ نېمىدېگەن سەت گەپ. بۇنداق گەپنى ساڭا دېگۈم يوق ئىدى، سەن ئۆگىنىۋالغان سەت گەپلەرنىڭ سانىنى ئاشۇرغۇم يوق ئىدى، لېكىن، بىلىشىڭ كېرەككى، ئارفىلد پەقەت لۇنابىيەدىكى بىر نامرات يىللىقچى، ساڭا ئوخشىمايدۇ. ئۇ بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق گەپ تاپالمىغانىدى، مۇشۇ گەپنىمۇ ئۇ كاللىسىنى خېلى قاتۇرۇپ ئاران ئويلاپ چىققان تۇرسا، ھەي، بىچارە ئارفىلد!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



لىنانىڭ كۆڭلى يېرىم بولمىدى.

— سىز تېخى شۇنداق قىلماقچىمۇ؟ بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — قېنى كۆرۈپ باقايلى!

ئەمدىلىكتە ئارفىلد ئۆزىنىڭ لىنادىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغىنىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ كېچىسى ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن ئازادە، يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ ئېمىل بىلەن كارتخۇلد كۆلىگە ئوكۇن تۇتقىلى باردى.

بۇ بىر گۈزەل كېچە ئىدى، بۇنداق كېچىنى پەقەت سىمالاندتىلا كۆرگىلى بولاتتى. كارتخۇلدنىڭ ئالاھىدە نورۇزگۇلى بەس - بەستە ئېچىلغان بولۇپ، ئاق قاش قارىقۇشقاچ توختىماي ۋىچىرلايتتى، پاشىلار غىڭىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى، ئوكۇن خۇشال ھالدا يەمنى چىشلەيتتى. ئارفىلد بىلەن ئېمىل ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ بۇ مەنزىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتاتتى. گەرچە ئۇلار كۆپ گەپ قىلىشمىسىمۇ، ئەمما روھى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇلار كۆن ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئۆيگە قايتتى. ئارفىلدنىڭ قولىدا چىۋىققا ئۆتكۈزۈلگەن ئوكۇن، ئېمىل بولسا ئارفىلد ئۇنىڭغا ياساپ بەرگەن نەينى چېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئورماندىكى چىملىقتىن، ياپيېشىل قېيىن دەرىخى ئاستىدىكى چىغىر يوللاردىن ئۆتتى. ئېمىل نەينى شۇنداق مۇڭلۇق چالدىكى، ھەتتا ئاق قاش قارىقۇشقاچمۇ ھەيران قالغىنىدىن ۋىچىرلىشىنى توختاتتى. ئەمما، ئېمىل تۇيۇقسىز توختىۋېلىپ، ئارفىلدتىن:

— سەن مېنىڭ ئەتە نېمە قىلىدىغىنىمنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيمەن، يەنە شۇ كەپسىزلىك قىلارسەن ھەرقاچان.



ئېمىل نەينى قايتىدىن چېلىشقا باشلىدى. ئۇ نەي چالغاچ مېڭىپ ئويلىنىۋاتاتتى.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ھەر قېتىم كەپسىزلىك قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىلىمەن، — دېدى ئۇ ئاخىردا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قىسىم

# ئېمىل يەنىلا لۆننابېيەدە ياشىماقتا






ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پۈتكۈل لۆننابىيە، پۈتكۈل سمالاند، پۈتكۈل شىۋېتسىيە، كىم بىلىدۇ، پۈتكۈل دۇنيادىمۇ ئېمىلغا ئوخشاش كەپسىز بالىنى تاپقىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئېمىل بۇرۇندىلا سمالاند ئۆلكىسىنىڭ لۆننابىيە رايونىغا تەۋە كارتخۇلد قورۇقىدا ئولتۇراتتى. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغانلىقى بىر مۆجىزە - دە، ئەمما ئۇ راستلا رەئىس بولۇپ، پۈتۈن لۆننابىيەدىكى ئەڭ ئىستىقباللىق ئەزىمەت بولۇپ قالدى. نېمىدېگەن ياخشى، بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋالالايسىزكى، ھەرقانداق بالا چوڭ بولىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئارتۇقچىلىقلىرى گەۋدىلىنىپ، ئاخىر كۆزگە كۆرۈنگەن، ئۇتتۇق قازانغانلاردىن بولۇپ قالىدۇ. بۇنى ئويلىساملا خۇشال بولۇپ كېتىمەن. سىزمۇ مۇشۇنداق ئويلايسىزغۇ دەيمەن؟ چوقۇم شۇنداق، چۈنكى سىزمۇ نۇرغۇن كەپسىزلىكلەرنى قىلغان، توغرا دېدىممۇ؟

كارتخۇلدىكى ئارما سۋېنسون ئېمىلنىڭ ئاپىسى، ئۇ ئوغلىنىڭ بارلىق كەپسىزلىكلىرىنى كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتىرىگە خاتىرىلەپ، ئاندىن ئۇنى ئىشكاپقا تىقىپ قوياتتى. كېيىن ئىشكاپ توشۇپ كېتىپ، باشقا نەرسىلەرنى ئالغىلى



بولمايدىغان بولۇپ كەتتى، خاتىرىلەر تارتمىغا تاقىشتۇرۇلۇپ ئېچىلماي قالاتتى. ئۇ خاتىرىلەر تا ھازىرغىچە يەنىلا شۇ يەردە بىر ئوبدان ساقلانماقتا، پەقەت ئارىسىدىكى ئۈچ خاتىرە دەپتەرنى ئېمىل ئۆزىگە پۇل لازىم بولۇپ قالغاندا يەكشەنبىلىك دىنىي مەكتەپتىكى خانىمغا سېتىپ بەرمەكچى بولدى، ئەمما ئۇ خانىم ئالمىغاچقا، ئۇ خاتىرە دەپتەرلەرنىڭ ۋاراقلىرىدىن قەغەز كېمە ياساپ كارتخۇلد ئۆستىڭىگە قويۇپ بەردى.

يەكشەنبىلىك دىنىي مەكتەپتىكى خانىم ئۆزىنىڭ نېمىدەپ ئېمىلدىن ئۇ خاتىرە دەپتەرلەرنى سېتىۋالىدىغانلىقىنى چۈشەنمەي:

— مەن ئۇلارنى سېتىۋېلىپ نېمە قىلىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— رايونىمىزدىكى باللارنىڭ مەندەك كەپسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بەردى ئېمىل.

بۇ گەپ ناھايىتى توغرا ئىدى، ئۆزىنىڭ كەپسىزلىكىنى ئېمىل ئۆزىمۇ بىلەتتى. ئۇ ئۇنتۇپ قالسا، كارتخۇلد قورۇقىدىكى ئايال خىزمەتچى لىنا ھەر ۋاقىت سەمىگە سېلىپ قوياتتى.

— سەن يەكشەنبىلىك دىنىي مەكتەپكە بارساڭمۇ بىكار، چۈنكى سېنى ھېچكىم باشقۇرالمايدۇ، ئۇ يەرگە بارغان بىلەنمۇ بەربىر جەننەتكە كىرەلمەيسەن. ساڭا چاقماق بىلەن گۈلدۈرماما ياردەم قىلسا ھەيتاڭ! — دەيتتى لىنا.

لىنانىڭ دېمەكچى بولغىنى، ئېمىل نەگىلا بارسا شۇ يەرنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئىت ـ مۈشۈكىگىمۇ ئارام بەرمەي، ھەممە كىشىنى پاراكەندە قىلاتتى.

— مۇنداق بالىنى مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، — لىنا شۇنداق دېگەچ ئىدانى كالا فېرمىسىغا ئېلىپ كەتتى. ئىدا ئۇ يەردە ياۋا بۆلجۈرگەن تەرسە، لىنا كالىلارنى ساغدى. ئىدا ئۈزى تەرگەن ياۋا بۆلجۈرگەننى تاياقا ئۆتكۈزۈپ بەش زىخ قىلىپ ئۆيگە ئېلىپ بارسا، ئېمىل ئالداپ ئىككىنى ئېلىۋالدى، بۇ قېتىم ئۇ خېلى ئىنساب قىلغاندى.

سىز ئېمىلنى لىنا، ئىدالار بىلەن كالا فېرمىسىغا بىللە بېرىشنى خالايدۇ، دەپ قالماڭ. ئۇنداق ئويلىسىڭىز خاتالاشقان بولىسىز، ئۇ ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈشكە ئامراق. شۇڭا، ئۇ كەپكىسىنى كىيىپ، مىلتىقىنى ئېسىپ ئۇدۇل ئاتخانىغا باردى، بىرلا سەكرەپ لۇكاسقا مىنىپ، ئورمان ياقىدىكى دەرىخى قاپلىغان يولدا ئات چاپتۇردى، چىم تېگىدىكى لايلار ئات تۇيىقى ئاستىدا تەرەپ ـ تەرەپكە چاچرىدى. ئۇ ھازىر «سىمالاندلىق ئاتلىق ئەسكەر ھۇجۇمغا ئاتلاندى» دېگەن ئويۇننى ئويناۋاتاتتى، بۇنى ئۇ گېزىتتىكى بىر پارچە سۈرەتتىن كۆرگەنىدى، شۇڭا ھۇجۇمغا قانداق ئاتلىنىشنى بىلەتتى.



شەپكە، مىلتىق، لۇكاس — بۇ ئۈچ نەرسە ئېمىلنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى ئىدى. ئۇ ئېتى لۇكاسنى ۋىمورىبى بازىرىدا كارامەت كۆرسىتىپ ئۇتۇۋالغانىدى؛

شەپكىسى سەت كۆك رەڭلىك جىيەكى بار شەپكە بولۇپ، دادىسى شەھەرگە كىرگەندە ئۇنىڭغا ئالغاچ چىققانىدى؛ مىلتىقى ياغاچتىن ياسالغان، كارتخۇلد قورۇقىنىڭ يىللىقچىسى ئارفىلد ئېمىلنى بەك ياخشى كۆرگەچكە ئۇنىڭغا ياساپ بەرگەنىدى. ئەسلىدە ئېمىل ئۆزىمۇ ياسىيالايتتى. ياغاچ ئويۇشقا كەلگەندە ئېمىلدىن ئۇستا ئادەم يوق، چۈنكى ئۇ دائىم تىرىشىپ مەشىق قىلىدۇ. ئەسلىدە ئىش مۇنداق، ئېمىل ھەر قېتىم كەپسىزلىك قىلىپ بالا تېرىغاندا ياغاچچىلىق ئۆيىگە سولاپ قويۇلاتتى، مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ قىزىقارلىق قىلىپ ياغاچ بوۋايدىن بىرنى ياسايتتى. ئاخىر ئۇ ئۈچ يۈز ئاتمىش توققۇز ياغاچ بوۋاي ياسىدى، ئۇ ياغاچ بوۋايلار تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا، پەقەت بىرسىنى ئاپىسى كاشتان دەرىخىنىڭ كەينىگە كۆمۈپ قويىدى، چۈنكى ئۇ بوۋاينىڭ چىرايى باستېرغا تولىمۇ ئوخشاپ قالغانىدى.

— باستېرنى بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ! — دېدى ئاپىسى.

خوش، سىز ئەمدى ئېمىلنىڭ قانداقراق بالا ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىز، يەنى ئۇنىڭ يىل بويى — مەيلى ياز بولسۇن، قىش بولسۇن، كەپسىزلىك قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلدىڭىز. مەن كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقتىم، ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىكى ئىشلىرىنى تاللاپ سىزگە سۆزلەپ بېرەي. ئاڭلىغاندىن كېيىن سىز ئېمىلنىڭ ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلغانلىقىنى بايقايسىز. ئادەم ئىش بېجىرگەندە ئادىل بولۇشى، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك، ئېمىلنىڭ كەپسىزلىكىگىلا ئېسىلىۋالساق بولمايدۇ، ئۇنىڭ قىلغان كەپسىزلىكلىرىنىڭ ھەممىسىلا يامان ئىشلار ئەمەس، ئۇ زىيىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يوق كەپسىزلىكلەرنىمۇ قىلغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ 3 ـ نويابىر كۈنى قىلغىنى پۇتۇنلەي سارائىلارچە قىلىق، شۇڭا مەن مەڭگۈ دېمەيمەن، دەپ ئېمىلنىڭ ئاپىسىغا ماقۇل بولغان. ئەمدى بىز ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ئېمىل خېلى يامان ئەمەس، ئەمما ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇنداق قارىمايدىغان كۈنلەردىن بىر كۈنىنى تاللاپ كۆرەيلى.



# 12 ـ ئىيۇن، شەنبە

## ئېمىل باكخۇۋا كىمئارتۇق سودىسىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويدى

ئىيۇننىڭ بىر شەنبە كۈنى، باكخۇۋادا كىمئارتۇق سودىسى بولدى، ھەممە كىشىنىڭ ئۇنىڭغا قاتناشقۇسى بار ئىدى، چۈنكى بۇ لۇننابىيە ۋە پۇتۇن سمالاندىكى ئەڭ قىزىيدىغان پائالىيەت ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. ئېمىلنىڭ دادىسى ئانتون سۋېنسون ئەلۋەتتە باراتتى، ئارفىلد بىلەن لىنامۇ يالۋۇرۇپ يۇرۇپ بارماقچى بولدى. ئەلۋەتتە، ئېمىلمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

ئەگەر سىز كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشقا قاتنىشىپ باققان بولسىڭىز، كىشىلەرنىڭ ئۇ يەردە نېمە قىلىدىغىنىنى بىلىسىز. ئەگەر بىرسى ئۆزىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ساتماقچى بولسا، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش ئېلىپ بارىدۇ. باكخۇۋادىكىلەر ئامبىرىكىغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولغاچقا ئۆزلىرىنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىۋەتمەكچى بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق قىلاتتى، چۈنكى ئۇلار سافا، قازان، كالا، توخۇ دېگەندەك نەرسىلىرىنى ئۇ يەرگە ئەكېتەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇلار باش يازنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى باكخۇۋادا كىمئارتۇق سودىسى ئۆتكۈزدى.

ئېمىلنىڭ دادىسى ئەرزان باھادا بىر ئىنەك، بىر مېكىيجىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىرنەچچە مىكىيان سىتىۋالماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باكخۇۋاغا بارماقچى، سىتىۋالغان نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىلىشكە ياردەملىشىدۇ، دەپ ئارفىلد بىلەن لىنانىڭمۇ بىرىشىغا ماقۇل بولدى.

— ئېمىل بىرىپ نېمە قىلىدۇ، ھېچ چۈشەنمىدىم، — دىدى دادىسى.

— توغرا دەيسىز، ئۇ يەردە جىدەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئېمىلنى بىللە ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، — دىدى لىنا.

لىنا لۇننابىيە ۋە سمالاندتىكى كىمئارتۇق سودىسىدا دائىم جىدەل بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ دىگىنىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئېمىلنىڭ ئاپىسى لىناغا ئالىيىپ:

— سىنىڭ كارىڭ بولمىسىمۇ بولىدۇ، ئېمىلنىڭ بارغۇسى بولسا بارسۇن، ئەكسىچە سەن ئۆزۈڭنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدىكى سۆز - ھەرىكىتىڭگە ئوبدانراق دىققەت قىلغىن! — دىدى.

لىنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ غىڭ قىلمىدى. ئېمىل شەپكىسىنى كىيىپ يولغا چىقىشقا تەييارلاندى.

— ماڭا بىرەر نەرسە ئالغاچ كېلەرسىلەر، — دىدى ئىدا بېشىنى سىڭار يان قىلىپ سەمىمىي تەلەپپۇزدا.

ئۇ بۇ گەپنى مەخسۇس بىرسىگە دىمىگەنىدى، پەقەت مۇنداقلا دەپ قويغانىدى، لېكىن بۇنى ئاڭلىغان دادىسى شۇ زامانلا قاپاقلىرىنى تۈردى:

— ئېلىپ بەر، ئېلىپ بەرلا دىگەن، بۇ گەپتىن باشقا گەپنىمۇ ئاڭلارمەنمۇ! يېقىندىلا تېخى تۇغۇلغان كونۇڭدە ساڭا ئون ئېرللىق ناۋات ئېلىپ بەرمىدىممۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

ئېمىلنىڭمۇ پۇل سورىغۇسى بار ئىدى، چۈنكى يانچۇقتا پۇل

بولمىسا كىمئارتۇق سۇدىسىغا قانداق قاتناشقىلى بولىدۇ؟ لېكىن، ئۇ بۇ خىيالىدىن دەرھال ياندى، ھازىر دادىسىدىن پۇل ئالىدىغان ياخشى پەيت ئەمەس، ئۇ بۇنى ئوبدان بىلەتتى. ھازىر بولمايدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئالدىراش، دادىسى ئادەتتە سۈت توشۇيدىغان ھارۋىغا چىقىپ بولغان. پۇل ئېلىشنىڭ يەنە باشقا ئامالى بارغۇ، دەپ ئويلىدى ئېمىل. ئۇ ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن:

— سىلەر مېڭىۋېرىڭلار، مەن لۇكاسنى مىنىپ ئارقاڭلاردىن يېتىمەن! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېمىلنىڭ دادىسىدا گۇمان پەيدا بولدى، لېكىن ئۇ يولغا ئالدىراپ تۇرغاچقا، ئېمىلغا:

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرساڭ تېخى ياخشى، — دېدى.

شۇ گەپتىن كېيىنلا قامچىسىنى تاراسلاتقىنىچە يولغا چىقتى. ئارقىلىد ئېمىلغا، لىنا ئىداغا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتى، ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئېرىگە ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:



www.uyghurkitap.com



— دىققەت قىلىڭلار، پۇت - قولۇڭلار ساق قايتىپ كېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب، ئۇ كىمئارتۇق سودىسىدا ھەر خىل جېدەللەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ھارۋا دوقمۇشتىن قايرىلىپ تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى. ئېمىل ئات تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئىچىدە ئۇلارغا قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ قويدى. ئەمدى ئالدىراش نۆۋەتتى ئۇنىڭغا كەلدى، ئۇ چوقۇم پۇل تېپىشى كېرەك، لېكىن قانداق قىلىش كېرەك؟ سىز بىلەمسىز؟

ئەگەر ئېمىل كىچىك ۋاقتىدا سىزمۇ سمالاندتىكى بىر كىچىك بالا بولغان بولسىڭىز كۆرگەن بولاتتىڭىز، ئەينى چاغدا ئۇ يەردىكى يوللاردا ناھايىتى كۆپ رېشاتكىلىق دەرۋازىلار بار ئىدى، ئۇلاردىن ئۆتۈش بىر ئاۋارىچىلىك ئىدى، بۇ بەلكىم سمالاندتىكى ئۆكۈز، ئىنەك، قويلار ئايرىم - ئايرىم ئوتلاقتا ئوتلايدىغان بولغاچقىمۇ ياكى سمالاندتىكى كىچىك باللار ئات ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ بۇ يەردىن ئۆتىدىغان، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزلىرى دەرۋازىنى ئېچىش خۇشياقمايدىغان ھورۇن دېھقانلارغا دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىپ ئىككى ئېرلىق تەڭگە تاپماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

كارتخۇلدتىمۇ دەل مۇشۇنداق بىر دەرۋازا بار، لېكىن ئېمىل



بۇ يەردە ئىككى ئېرلىق تەڭگىنى راستلا كۆپ تاپالمىغانىدى، چۈنكى كارتخۇلد قورۇقى رايونىنىڭ چېتىدە بولغاچقا، بۇ يەرگە كېلىپ ئىش بېجىرىدىغان كىشىلەر تولىمۇ ئاز ئىدى، پەقەت بىرلا قورۇق تېخىمۇ يىراق جايدا ئىدى، ئۇ بولسىمۇ باكخۇۋا بولۇپ، ئۇ يەردە دەل بۇگۈن كىمئارتۇق سودىسى بولاتتى.

— قالتىس بولدى، ئۇ يەرگە بارىدىغان ھەربىر كىشى بىزنىڭ دەرۋازىمىزدىن ئۆتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئېمىل. قاراڭ بۇ شاكىچىكنى، نېمىدېگەن زېرەك ـ ھە!

ئېمىل تولۇق بىر سائەت دەرۋازىۋەن بولۇپ، بەش كرونا يەتمىش تۆت ئېرل پۇل تاپتى، ئويلىمىغان ئىش ـ دە. ئات ھارۋىلىرى ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇردى، بىر ھارۋا ئۆتۈپ دەرۋاز يېپىلماستىنلا يەنە بىر ھارۋا كېلىپ بولاتتى، ھەممە كىشى شۇنداق خۇشال، ئېمىلنىڭ شەپكىسىگە ئىككى ئېرل ياكى بەش ئېرل تاشلايتتى، ھەتتا بىرنەچچە باي بىر قېتىمدىلا ئۇنىڭغا ئون ئېرل بېرىۋەتتى، گەرچە ئۇلار بېرىپ بولۇپلا پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ.

لېكىن، ئېمىل كرۇكستوپتىن كەلگەن بىر دېھقاننىڭ ئېتى دەرۋازىدىن ئۆتەي دېگەندە دەرۋازىنى دەرھال يېپىۋالدى، دېھقان ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىرىدى:

— نېمىشقا دەرۋازىنى يېپىۋالىسەن؟

— ياپقاندىن كېيىن ئاندىن ئاچقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ئېمىل.

— مۇشۇنداق بىر كۈندە نېمىدەپ دەرۋازىنى ئوچۇق قويمايسەن؟ — دېدى دېھقان غەزەپلىنىپ.

— مېنىڭ بېشىم ئىششىپ قالمىدى، بۇ مېنىڭ تۈنجى قېتىم بۇ كونىراپ كەتكەن دەرۋازىدىن پايدىلىنىپ ئاز ـ تولا پۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تېپىشىم !
ئەمما، كرۇكستوپتىن كەلگەن دېھقان ئۇنىڭغا پۇل بەرمەكتە يوق، قامچا بىلەن بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ كەتتى.
كىمئارتۇق سودىسىغا بارىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئېمىلنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ بولۇپ، پۇل تېپىش ئىمكانىيىتى قالمىغاندا، ئېمىل بىر سەكرەپلا ئاتقا مىنىپ بازارغا قاراپ ئۇچقاندەك چاپتى، يانچۇقىدىكى تەڭگىلەر توختىماي جىرىڭلايتتى.
باكخۇۋادىكى كىمئارتۇق سودىسى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. سېتىلىدىغان نەرسىلەر تۈرى بويىچە قورۇنىڭ ھويلىسىغا تىزىلغان، كىشىلەر قىستىلىشىپ يۈرۈپ سېتىلىدىغان نەرسىلەرنى ئايلىنىپ كۆرمەكتە ئىدى. رىياسەتچى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر ياغاچ تۇڭ ئۈستىدە تۇراتتى، ئۇ





تۆمۈر قازان، قەھۋە ئىستاكانى، كونا چاق، يەنە مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ياخشى باھادا سېتىپ بەردى. بەلكىم بىلىشىڭىز مۈمكىن، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر بىر كىشىگە بىرنەرسە يارىسا، ئۇ بەرمەكچى بولىدىغان باھاسىنى رىياسەتچىگە دەيدۇ، ئەگەر بۇ نەرسىگە يەنە بىرسى تېخىمۇ يۇقىرى باھا چىقارسا، بۇ نەرسە كېيىنكى كىشىگە تەۋە بولىدۇ.

ئېمىل لۇكاسنى مىنىپ هويلىغا كىرگەندە، كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولدى:

— كارتخۇلد قورۇقىنىڭ ھېلىقى بۇزغۇنچىسى كەلدى، ئەڭ ياخشىسى تېزرەك ئۆيگە كېتىۋالايلى!

شۇنداقتىمۇ ئېمىل ناھايىتى ئاكتىپلىق بىلەن سودىغا قاتناشتى، يانچۇقىدىكى پۇلىنىڭ جىقلىقىدىن ئۇنىڭ بېشى قېتىپ، ئاتتىن چۈشۈپلا ئۇچ كىروناغا بىر كونا كارىۋات سېتىۋالدى - يۇ، ئارقىدىنلا يالتىيىپ، «ئالمايمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. بەختىگە يارىشا بىر موماي تۆت كىرونا چىقىرىپ ئالماقچى بولۇۋىدى، ئاندىن بۇ كارىۋاتنى قولدىن چىقىرىۋەتتى. كېيىن ئۇ نىمىنى كۆرسە شۇنى ئېلىۋەردى، بىر قېتىمدىلا ئۇچ نەرسە سېتىۋالدى. بىرى، رېڭى ئۆچۈپ كەتكەن، ئۈستىگە كۆك قۇلۇلە ئورنىتىلغان مەخمەل قۇتا، بۇنى ئىداغا سوۋغا قىلسا بولىدۇ؛ يەنە بىرى، بولكا كەپكۈرى، ئۇنىڭ سېپى ئۇزۇن، بولكىنى دۇخوپكىنىڭ ئىچىگە سالغىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، دات بېسىپ كەتكەن ئوت ئۆچۈرگۈچ، پۈتۈن لۆننابىيەدە ئون ئېرل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقىرىپ ئۇنى ئالىدىغان كىشى چىقمايتتى، ئېمىل بولسا ئۇنىڭغا يىگىرمە بەش ئېرل خەجلىدى.

«قۇتقۇزۇڭلار، بۇنى مېنىڭ ئالغۇم يوق» دەپ ئويلاۋاتسا، ۋاقىت توشۇپ قالدى، مەيلى ئالغۇسى بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئوت ئۆچۈرگۈچ ئۇنىڭ بولدى.

ئارقىدىن كېلىپ ئۇنىڭ ئوت ئۆچۈرگۈچىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇنداق بىر «ئەنگۈشتەر» نى ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ئېمىل:

— ئەگەر ئاسماندىن چاقماق چۈشۈپ بىرەر نەرسىنى كۆيدۈرۈۋەتسە، بۇ كارغا كېلىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپ تۇرۇشىغا، راستلا چاقماق چۈشتى. ئېمىل تېخى چاقماق چۈشتىمىكىن، دەپ تۇرسا، ئەسلىدە دادىسى ئۇنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ تۇرۇپ ئۇنى تازا سىلكىگەنىكەن، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ چاچلىرى يەلپۈنۈپ كەتتى.

— سەن هارامزادە، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى دادىسى.

ئەسلىدە دادىسى مال قوتىنىنى ئايلىنىۋېتىپ، بىر ئىنەككە كۆزى چۈشكەنىدى، دەل شۇ پەيتتە لىنا هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— غوجايىن، غوجايىن، ئېمىل ئاۋۇ يەردە بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ ئوت ئۆچۈرگۈچ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇ ئالسۇنمۇ؟ — دېدى.

ئېمىلدا پۇل بارلىقىنى دادىسى ئەلۋەتتە بىلمەيتتى. ئۇ ئېمىل سېتىۋالغان نەرسىگە مەن پۇل تۆلەپ قالارمەنمىكىن، دەپ قالغاچقا، بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدىن رەڭگى ئۆڭۈپ،



تىترىگىنىچە بېرىپ ئېمىلغا ئېسىلغانىدى.

— مېنى قويۇۋەت، پۇلنى ئۆزۈم تۆلەيمەن، — دېدى ئېمىل ئۇنىلۇك قىلىپ. ئۇ ئاخىر دادىسىغا ئۆزىنىڭ دەرۋازىۋەنلىك قىلىپ خېلى كۆپ پۇل تاپقانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئېمىلنىڭ دادىسى ئوغلۇمنىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىكەن، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن پۇلنى بۇزۇپ بىر ئوت ئۆچۈرگۈچ ئېلىشنى ھاماقەتلىك دەپ ئويلايتتى.

— شۇنداقتىمۇ سېنىڭ قالايمىقان نەرسە ئالماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، ئېمىلغا سېتىۋالغان بارلىق نەرسىلىرىنى ئۆزىگە كۆرسىتىشنى بۇيرۇدى. نەرسىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئېمىلنى زەرب بىلەن ئىتتىرىپ ۋارقىرىدى:

— نېمە ! ھېچنېمىگە پايدىسى يوق بىر كونا مەخمەل قۇتا، بىر بولكا كەپكۈرى، ئۆيدە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بار تۇرسا ! ھەي، نېمىشقا بۇنداق قالايمىقان نەرسىلەرنى ئالغانسەن، ئەڭ ناچىرى ماۋۇ ئوت ئۆچۈرگۈچ ! — ئۇ ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى، — گېپىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، ئادەم دېگەن ئۆزىگە زۆرۈر، ئېھتىياجلىق نەرسىنى سېتىۋېلىشى كېرەك !

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئاز - تولا يوللۇق ئىدى، لېكىن قايسى نەرسىلەرنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ مەسىلەن، گازلىق سۇ زۆرۈرمۇ -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەمەسمۇ؟ ئېمىل زوّروّر دەپ قارايتتى. ئېمىل دادىسىنىڭ ئەيىبلىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كوّڭلى پەرىشان هالدا كېتىۋېتىپ، قەلەمپۇر دەرىخى ئاستىدىكى چەلەكتە پىۋا ۋە گازلىق سۇ ساتىدىغان بىر يايمىچىنى كوّردى. تەۋەككۇلچىلىكنى ياخشى كوّرىدىغان باكخۇۋالىق بۇ يايمىچى ۋىمۇربىدىكى ئىچىملىك زاۋۇتىدىن يەشىكلەپ ئىچىملىك ئەكېلىپ، كىمئارتۇق سودىسىغا قاتنىشىپ ئۇسساپ كەتكەنلەرگە سېتىۋاتاتتى.

ئېمىل مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە گازلىق سۇنى ئاران بىر قېتىملا ئىچىپ باققانىدى، ئەمدى بۇ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك، بۇ يەردە گازلىق سۇمۇ بار، يانچۇقىدا پۇلمۇ بار، نېمىدېگەن تەلەيلىك، ئۇنىڭغا قوش ئامەت كەپتۇ!

ئېمىل ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ بوتۇلكا ئىچىشنى نىيەت قىلدى. بىراق، گۇلدۇرماما يەنە گۇلدۇرلىدى، قەيەردىن پەيدا بولدى، دادىسى تۇيۇقسىز يېنىدا ئۇنۇپ، يەنە ئۇنىڭ ياقىسىدىن قامالىلغىنىچە قاتتىق سىلكىشلىۋىدى، ئىچكەن گازلىق سۇنىڭ ھەممىسى ئېمىلنىڭ بۇرنىدىن يېنىپ كەتتى.

— ھۇ ھارامزادە، توّت تەڭگە پۇل تېپىپ، بۇ يەرگە كېلىپ ئىچىملىك ئىچكۇدەك بولدۇڭمۇ!

بۇ قېتىم ئېمىلنىڭ راستىلا ئاچچىقى كەلدى، ئوّلۇپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ گېپىنى ئېنىق دەۋالماقچى بولدى:

— مېنىڭ راستىلا ئاچچىقىم كەلدى، پۇلۇم يوق ۋاقىتتىدا گازلىق سۇ ئىچسەم بولمىسا، پۇلۇم بولسىمۇ ئىچسەم بولمىسا، ئۇنداقتا زادى قانداق «ئوّلگۇر» ۋاقىتتا ئىچسەم بولىدۇ؟

ئېمىلنىڭ دادىسى ئېمىلغا قاراپ كەسكىنلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئوّيگە بارغاندىن كېيىن ياغاچچىلىق ئوّيىگە كىرگىن!

ئۇ ئوشۇق گەپ قىلمايلا مال بازىرى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئېمىل ئورنىدا تۇرۇپ قالدى، تولىمۇ خىجىل بولدى، ئۆزىنىڭ بايا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتكەنلىكىنى، دادىسىغا گەپ ياندۇرماسلىقى كېرەكلىكىنى، بولۇپمۇ «ئۆلگۈر» دېمەسلىكى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى، بۇ ئادەم تىللايدىغان سۆز بولغاچقا، كارتخۇلت قورۇقىدا بۇنداق سۆزنى قىلىش مەنئى قىلىناتتى. ئېمىلنىڭ دادىسى دىنىي رايوننىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى بولۇپ، ھەممىنى بىلەتتى. ئېمىلنىڭ خىجىللىقى بىرنەچچە مىنۇتلا داۋاملاشتى، ئارقىدىنلا يەنە بىر بوتۇلكا گازلىق سۇ ئېلىپ ئارفىلدقا بەردى. ئۇلار باكخۇۋا قورۇقىنىڭ ئوتۇنخانىسىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ پاراڭ سالغاچ ئولتۇردى، ئارفىلد گازلىق سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن:

— ئۆمرۈمدە بۇنداق ياخشى ئىچىملىكنى ئىچىپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى.

— سەن لىنانى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئېمىل.

ئارفىلد لىنا تۇرغان جاينى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ چىم ئۈستىدە رېشاتكىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، يېنىدا بولسا كرۇكستوپتىن كەلگەن، ئېمىلنى قامچا بىلەن ئۇرغان ھېلىقى دېھقان تۇراتتى. قاراپلا بىلگىلى بولاتتى، لىنا ئۆيدە ئېمىلنىڭ ئاپىسى قىلغان نەسىھەتلەرنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندى، چۈنكى ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۇ ئەر بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرەتتى. ھېلىقى دېھقاننىڭ تۇرقىدىنمۇ لىنانىڭ شاللاقلىقىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. بۇنى كۆرگەن ئېمىل خۇش بولۇپ:

— قارا، ئارفىلد، ئەگەر بىز لىنانى ئۇ دېھقانغا چېتىپ قويساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇنداقتا سەنمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆنىڭدىن قۇتۇلاتتىڭ ! ــ دېدى ئۇمىدكە تولغان هالدا.

ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىدى، لىنا ئارفىلدنى ئۆزىنىڭ بولغۇسى ئېرى قىلىپ تاللاپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچىدى، ئەمما ئارفىلد هەر خىل باهانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. ئارفىلد بىلەن ئېمىل خېلى ئۇزاقتىن بۇيان ئارفىلدنىڭ قانداق قىلسا لىنادىن قۇتۇلالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ شۇنداق روهلىنىپ كەتتى. ئويلاپ بېقىڭە، ئۇلار بۇ دېهقانغا لىنانى ئېلىپ كەت دېسىلا بولىدۇغۇ ! گەرچە ئۇ ئەللىكتىن ئاشقان، چاچلىرى قالمىغان قېرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە بىر قورۇسى بار ـ دە، لىنامۇ كرۇكستوپتا بىر ئۆينىڭ ئايال غوجايىنى بولسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ باقسا ياخشى ئەمەسمۇ !

ــ ئىككىمىز ئۇلارغا دەخلى قىلمايلى، ــ دېدى ئېمىل.

لىنا قاش ـ قاپاقلىرىنى تازا سۈزۈپ، سۆيىنى چىقىرىۋاتسا، هېلىقى كرۇكستوپلۇق دېهقان چوقۇم ئۆزىنى تۇتالماي قىلتاققا چۈشىدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە.

كىشىلەر مال بازىرىدا ماللىرىنى سېتىشقا باشلىدى، ئېمىل بىلەن ئارفىلد ئۇ يەرگە كۆرگىلى باردى.

ئېمىلنىڭ دادىسى تۇغاي دەپ قالغان بىر مېكىنىگە ئېرىشتى، ئەمما ئىنەككە كەلگەندە رىقابەت بەك كەسكىن بولدى. باستفاردىن كەلگەن بىر دېهقاننىڭ يەتتە ئىنەكنىڭ هەممىسىنى سېتىۋالغۇسى بولغاچقا، ئېمىلنىڭ دادىسى ئامالسىز بۇ ئىنەكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىگە يارىغان بىرىگە سەكسەن كرونا باها قويدى. ئۇ بۇ پۇلنى تۆلەۋېتىپ، هەي، ئەمدى مېكىيان ئېلىشقا پۇل قالمىدى ـ دە، دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

باستقاردىن كەلگەن ھېلىقى دېھقانمۇ مېكىيانلارغا باھا قويۇپ ئۇلارنى سېتىۋالدى، لېكىن ئارىسىدىكى بىرىنى ئالغۇسى كەلمىدى.

— توكۇر مېكىياننى ئېلىپ نېمە قىلىمەن؟ بولدى، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، — دېدى ئۇ.

بۇ مېكىيان مەلۇم سەۋەبتىن بىر پۇتى سۇنۇپ كېتىپ، ساقايغاندىن كېيىن ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئېمىلنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر باكخۇۋالىق بالا ئېمىلغا:

— توكۇر لوتانى ئالمايمەن دېگەن بۇ قېرى تازىمۇ دۆت ئىكەن، بۇ بىزنىڭ ئەڭ كۆپ كاكىلدايدىغان مېكىيىنىمىز، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ ئېمىل يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— مەن توكۇر لوتاغا يىگىرمە بەش ئېرل چىقىرىمەن!

ئېمىلنىڭ دادىسىدىن باشقا، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى. دادىسى بىر سەكرەپ كېلىپ، ئېمىلنىڭ ياقىسىدىنلا ئالدى:

— قاپاقباش، بىر كۈن ئىچىدە قانچە كېرەكسىز نەرسە سېتىۋالىسەن؟ سېنى ئىككى ھەسسىلەپ جازالىمىسام!

گەپ ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىگە بولۇش كېرەك. مەيلى ئۇنىڭ دادىسى قوشۇلسۇن ـ قوشۇلمىسۇن، توكۇر لوتا ئېمىلغا تەۋە بولدى.

— ئاخىر ئۆزۈمگە تەۋە ئىككى ھايۋانغا — بىر ئات بىلەن بىر مېكىيانغا ئېرىشتىم، — دېدى ئېمىل.

— توغرا، بىر ئات بىلەن بىر مېكىيان، — دەپ جاۋاب بەردى ئارفىلد ئىلگىرىكىدەكلا سەممىيلىك بىلەن.

ئېمىل لوتانى بىر يەشىككە سېلىپ، باشقا ئەڭگۈشتەرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




بىلەن بىللە ئوتتۇنخانىغا قويۇپ قويدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوت ئۆچۈرگۈچ، بولكا كەپكۇرى، مەخمەل قۇتىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ لۇكاس دېگەن ئىتىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. ئېمىل ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

ئەمدى لىنا بىلەن كرۇكستوپدىن كەلگەن ھېلىقى دېھقانغا كېلەيلى. ئېمىل بىلەن ئارفىلد سودىسىنى تۈگىتىپ بولۇپ، ئىشىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. بۇ يەرگە كېلىپ ئۇلار لىنانىڭ خېلى ھۈنىرى بارلىقىنى بايقىدى. ھېلىقى دېھقان لىنانىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋاپتۇ، لىنا تازا سۈيىنى چىقىرىپ نايناقلاۋېتىپتۇ، تېخى ئۇ دېھقاننى ئىتتىرىپ يىقىتىپمۇۋەتتى.

ــ ئۇ كىشى لىنانىڭ بۇنداق قىلىقلىرىنى ياقتۇرىدىغان ئوخشايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بەك قوپاللىق قىلمىسا بولاتتى، ــ دېدى ئېمىل.

ئېمىل بىلەن ئارفىلد لىنانىڭ بۇ قىلمىشىدىن خۇش بولدى، لېكىن خۇش بولمىغان بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ بوب بوردون.



بۇ كىشى پۈتۈن لۆننابىيەدە داڭقى چىققان جېدەلخور ۋە هاراقكەش ئىدى، كىمئارتۇق سودىسىدا يۈز بەرگەن ۋەھشىي مۇشتلىشىش ۋەقەلىرىگە ئاساسەن شۇ باشلامچى بولاتتى. ئۇ دەۋرلەردە يىللىقچىلارنىڭ يەكشەنبىسى يوق، يىل بويى ئىشلەيتتى، كۆڭۈل ئاچىدىغان پائالىيەتلەرمۇ يوق بولغاچقا، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش دېگەندەك بۇنداق ئىشلار ئۇلارغا نىسبەتەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى، بۇنداق پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ شۇنداق مۇشتلاشقۇسى كېلەتتى، چۈنكى ئۇلار ئۆز بەدىنىدىكى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان ياۋايىلىقنى چىقىرىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇلىنى بىلمەيتتى، بولۇپمۇ بىرنەچچە رومكا ئاق هاراق قورساققا كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كېتەتتى. ھەممە كىشى گازلىق سۇ ئىچىپلا بولدى قىلمايدۇ ـ دە، بولۇپمۇ بوب بوردون.

مانا ئۇ كەلدى، لىنانىڭ كرۇكستوپدىن كەلگەن دېھقان بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— ھەي، نومۇس قىلمامسەن، لىنا، بۇ قېرى قوتۇر ئېشەك بىلەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ساڭا نىسبەتەن ئۇ بەك قېرى ئىكەن، بۇنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

مۇشتلىشىش مانا شۇنداق باشلاندى.

ئېمىل بىلەن ئارفىلد ئۇ يەردە تۇرۇپ، كرۇكستوپلۇق دېھقاننىڭ دەرغەزەپكە كېلىپ لىنانى قويۇپ بەرگىنىنى كۆرۈپ تۇردى. ھەي، ئەمدى ئىشنىڭ چوڭى چىقىدىغان بولدى. بوب بوردوننىڭ كېلىشى بىلەن ئېمىل بىلەن ئارفىلدنىڭ پىلانى يوققا چىقتى!

— بولدى، ئولتۇرۇۋېلىڭ، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋۋال ئولتۇرۇۋېلىڭ، بوردونغا مېنىڭ ئامالىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com





بار، — دېدى ئېمىل ئەنسىرەپ تۇرۇپ كرۇكستوپتىن كەلگەن دېھقانغا.

ئۇ كەپكىسىنى ئېلىپ بوردوننىڭ كاسىسىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى، ئۇ بۇنداق قىلمىسا بولاتتى. بوردون ئۆرۈلۈپلا ئېمىلنى قامالاپ تۇتۇۋالدى، ئاچچىقىدىن كۆز چاناقلىرى كېرىلىپ كەتكەندى. ئېمىل ئۇنىڭ چاڭگىلىدا ساڭگىلاپ تۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئەجىلى توشقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى.

بۇ چاغدا ئارفىلد:

— بۇ بالىغا چېقىلغۇچى بولما، بولمىسا ئۆيۈڭگە پۇت - قولۇڭ ساق قايتالمايسەن، چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئارفىلدمۇ قاۋۇل، يامان ئەمەس مۇشتلىشىپ قوياتتى، ئىككىسى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۇتۇشۇپ كەتتى. بۇ كۆرۈنۈش كۆپچىلىك تەسەۋۋۇر قىلغاندەكلا ئىدى.

نېمىگە قاراپ تۇرىمىز، دېگەندەك قىلىپ تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن يىللىقچىلارمۇ بۇ توپقا قوشۇلۇپ كەتتى.

بۇنى كۆرگەن لىنا:

— ھەممىسى مىنىڭ سەۋەنلىكىم، ھەي، قانلىق ۋەقە يۈز بېرىدىغان بولدى ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

يىللىقچىلار خۇددى ھەرە تويىدەك چىرمىشىپ، بىر - بىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىشىپ، تۇۋلىشىپ، تىللىشىپ، چىشلىشىپ، مۇشتلىشىپ، دۇمبالىشىپ، جېدەلنى خېلىلا ئەۋجىگە چىقاردى. ئارفىلد، بوردون، كرۆكستوپلۇق دېھقان قاتارلىق بىرنەچچە كىشى غۇژمەكلىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاستىدا قالغانىدى.

ئېمىل ئۇلارنىڭ ئارفىلدنى بېسىپ مىجىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قولىدا كەپكۇر، يىللىقچىلار تويىدا خۇددى قىلىچ ئوينىتىۋاتقان چەۋەندازدەك ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرۈپ ئۇنى چىقىرىۋالماقچى بولدى، ئەمما ئۇنداق قىلالمىدى. ئېمىل قايسى تەرەپكە ئۆتسۇن، ھامان بىر غەزەپلىك مۇشت ئۇنىڭغا تېگىپ، ئۇنى مۇشتلاشچىلار تويىغا سۆرەپ كىرمەكچى بولاتتى.

ئېمىلنىڭ بۇ توپقا كىرگۈسى يوق ئىدى، شۇڭا لۇكاسنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مىنىپ كىشلەر توپىنى چۆرىدەپ ئايلاندى. ئېمىلنىڭ چاچلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى. ئۇ كەپكۇرىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان، بۇ ئۇنى خۇددى بىر قولىدا نەيزە تۇتۇپ جەڭگاھتا جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان چەۋەندازغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئېمىل ئات ئۈستىدە كەپكۇرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئەڭ ئۈستىدىكى يىللىقچىلارنى يانغا قوغلاۋاتقان بولسىمۇ، يەنە توختىماي يېڭى كىشلەر قوشۇلۇۋاتاتتى، ئېمىل شۇنچە كۈچەپمۇ ئارقىلىدىنى تارتىپ چىقىرالمىدى.

كىمئارتۇق سودىسىغا كەلگەن ئاياللار، باللار قورقىنىدىن قىيقاس ـ چۇقان سېلىشىپ يىغلىشاتتى، ئېمىلنىڭ دادىسى ۋە مۇشتلىششقا قاتناشمىغان ئەقلى ـ ھوشى جايىدا يىللىقچىلار بىر ياندا تۇرۇپ:

— ھەي، بولدى قىلىڭلار، يىگىتلەر، بۇنداق بازار يەنە كۆپقۇ، كۇچۇڭلارنى ئاياڭلار، كېلەركى قېتىمغىمۇ قالسۇن، — دەيتتى ئامالسىز ھالدا.

ئەمما، يىللىقچىلار مۇشتلىشىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى، داۋاملىق ئۇرۇشىۋەردى. ئېمىل قولىدىكى كەپكۇرنى تاشلىۋېتىپ:

— ھەي لىنا، ۋارقىراپ تۇرىۋەرمەي كېلىپ ياردەملەشكىن، ئەڭ تېگىدە قالغىنى سېنىڭ بولغۇسى ئېرىڭ ئىكەنلىكىنى ئۇيلاپ قوي! — دېدى

ئېمىل كاللىسى تولىمۇ ئىشلەيدىغان بالا ئىكەنلىكىنى سىزگە دېگەنىدىمغۇ. قېنى تېپىپ بېقىڭ، ئۇ نېمە قىلماقچى؟ ئۇنىڭدا ئوت ئۆچۈرگۈچ بار، قۇدۇقتا سۇ بار ئىدى. ئۇ لىناغا سۇ پومپىسىنى باستۇرۇپ، ئۆزى شلەڭنى ئېلىپ، ئۇرۇشىۋاتقان كىشلەر توپىغا قارىتىپ سۇ چېچىشقا باشلىدى.



مۇزدەك سوغۇق سۇ پوملاقلىشىپ مۇشتلىشىۋاتقان كىشىلەرگە ئوقتەك تەگكەندە، مەيلى ئىشىنىڭ - ئىشەنمەڭ، ئۇلار شۇ زامانلا جىم بولۇشتى. ئېمىل سۇنى بىرنەچچە مىنۇت چېچىشى بىلەنلا مۇشتلىشىش توختىدى. ئاغزى - بۇرنى قانغا بويىلىپ كەتكەن يىللىقچىلار بىر - بىرلەپ ئادەم توپىدىن تارقىلىشتى.

ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەگەر مۇشتلىشىۋاتقان كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويماقچى بولسىڭىز... كەپكۈرگە قارىغاندا سوغۇق سۇنىڭ بەكرەك كارغا كېلىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ.

يىللىقچىلار ئېمىلدىن قىلچە ئاغرىنمىدى. ئۇلار روھىيىتىدىكى ياۋايىلىقمۇ تۈگەپ، پۇخادىن چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— ھە راست، كېلەر ھەپتە كىناسخورتتا كىمئارتۇق سودىسى بار، — دېدى يىللىقچى بوب بوردون بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان قاننى توختىتىش ئۈچۈن ئازراق مۇخنى تىقىپ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا ئېمىل تاماشا كۆرۈپ تۇرغان كىناسخۇرتلۇق بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دېھقاننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئوت ئۆچۈرگۈچنى ئۇنىڭغا ئەللىك ئېرلغا سېتىپ بەردى.

— يىگىرمە بەش ئېرل پايدا ئالدىم، — دېدى ئۇ ئارفىلدقا. بۇنى ئاڭلاپ ئارفىلدنىڭ كاللىسىغا كەلگۈسىدە ئېمىل كاتتا بىر سودىگەر بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خىيال كەلدى.

كىمئارتۇق سودىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئېمىلنىڭ دادىسىمۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ سېتىۋالغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى. مېكىجىننى ھارۋىغا سالدى، توكۇر لوتامۇ ھارۋىغا چىقتى، ئۇ ھېلىقى يەشىكتە ياتاتتى. ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قاراپ قويدى. ئىنەك لورانى ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ ماڭدى. ھېچكىم لورادىن بۇنداق قىلىشقا رازىمۇسەن، دەپ سوراپمۇ قويمىدى.

سىز بەلكىم بۇقىنىڭ ئەسەبىيلەشكەنلىكىنى كۆرگەن بولغىيدىڭىز، لېكىن ئىنەكنىڭ ئەسەبىيلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ كۆرۈپ باقمىغان بولسىڭىز، مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي. ئەگەر ئىنەكنىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتىدىغان بولسا، ھەتتا ئەڭ يامان بۇقىمۇ قورقىنىدىن پۇتلىرى تىترەپ، يوشۇرۇنىدىغانغا جاي ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە قاچىدۇ. لورا ئىسىملىك بۇ ئىنەك ئەڭ مۇلايىم، ئەڭ ياۋاش بىر جانىۋار ئىدى، ئۇنىڭ نەقەدەر گەپ ئاڭلايدىغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىڭىز. لېكىن، ئارفىلد بىلەن لىنا ئۇنى يولغا ئېلىپ چىقىپ، كارتخۇلدقا ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئۇ تۇيۇقسىز ئارغامچىدىن بوشىنىپ، كۈچىنىڭ بارىچە بىر مۆرىۋىدى، بازارغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى چۆچۈپ كەتتى. يىللىقچىلارنىڭ ئۇرۇشقىنىنى كۆرۈپ، بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك ئىكەن، دەپ قالدىمۇ، قانداق؟ ئۇنىڭمۇ ئۆزىنى بىر

كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ قالايمىقان چېپىشقا باشلىدى، ئالدىغا كەلگەنلىكى نەرسىنى ئۈسەتتى. بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭغا يېقىن كەلگەن كىشىنىڭ جېنىدىن جۇدا بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. ئالدى بىلەن ئارفىلد، ئاندىن ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ئۇنى بويسۇندۇرماقچى بولدى، ئەمما لورا يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، مۈڭگۈزلىرىنى ئۇلارغا توغرىلاپ، قاتتىق ھۆركىرىگەن پېتى ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى، ئارفىلد بىلەن ئېمىلنىڭ دادىسى خۇددى تۈلكىگە ئوخشاش بەدەر تىكىۋەتتى. ياردەمگە كەلگەنلەرمۇ ئاز بولمىدى، لېكىن لورا ھېچكىمنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىغا يول قويماي، ھەممە ئادەمنى مال بازىرىدا سۈر - توقاي قىلىۋەتتى.

— بۇ بىر كومېدىيە بولدىغۇ! — دېدى لىنا باكخۇۋا، كرۇكستوپ، باستفار، كىناسخۇرت ۋە بوردوندىن كەلگەن دېھقانلارنىڭ بىر ئىنەكنى بويسۇندۇرالماي تەرەپ - تەرەپكە تىكىۋەتكىنىنى كۆرۈپ. ئاخىردا ئېمىلنىڭ دادىسىمۇ چىدىيالماستىن:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بۇ ئۆلگۈر هايۋان ئۈچۈن مەن سەكسەن كرونا تۆلىگەنىدىم، ئەمدىلىكتە ماڭا بوي بەرمەيۋاتىدۇ، ماڭا بىر مىلتىق بېرىڭلار، ئۇنى ئېتىۋېتىپلا قۇتۇلاي، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئاچچىقتىن پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئەمما، بۇنچە ئاچچىقلىنىشنىڭ غالجىر لاشقان بىر ئىنەككە نىسبەتەن هېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى ئۆزىمۇ ۋە باشقىلارمۇ ئېنىق بىلەتتى، شۇڭا باكخۇۋادىن كەلگەن هېلىقى دېهقان بەتلەنگەن مىلتىقتىن بىرنى ئېمىلنىڭ دادىسىغا بەردى.

— ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلغىن، — دېدى ئۇ.

بۇ چاغدا ئېمىل ۋارقىرىدى:

— تۇرۇپ تۇرۇڭلار !

مەن دېگەنىدىمغۇ، ئۇنىڭ ئامالى تولا دەپ. ئۇ دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كۆرە، ماڭا بېرىۋەتكىن.

— سەن بۇ غالجىر ئىنەكنى ئېلىپ قېلىپ نېمە قىلىسەن؟ شىر ئوۋلاي دەمسەن؟ — دەپ سورىدى دادىسى.

ئېمىلنىڭ هايۋانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ماهىر ئىكەنلىكىنى دادىسى نەدىن بىلسۇن، شۇڭا ئۇ:

— ئەگەر ئېمىل بۇ ئىنەكنى كارتخۇلد قورۇقىغا ئېلىپ بارالىسىلا، ئۇ ئېمىلغا تەۋە، — دېدى.

ئېمىل ئالتە ئىنەك سېتىۋالغان هېلىقى باستفارلىق دېهقاننىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەگەر ئىنەكلىرىڭىزنى كارتخۇلدتەك يىراق جايغا هەيدەپ ئاپىرىشىپ بەرسەم، ماڭا قانچە پۇل بېرىسىز؟ — دەپ سورىدى.

باستفار ناهايىتى يىراق، بۇ رايوننىڭ يەنە بىر چېتىدە ئىدى.

بۇ دېھقان ئالتە ئىنەكنى ئۇ يەرگە ھەيدەپ بىرىشنىڭ خېلى بىر ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، يانچۇقىدىن دەرھال يىگىرمە بەش ئېرل چىقاردى:

— پۇتۇشتۇق، مانا بۇ پۇل سىنىڭ!

دەپ بېقىڭە، ئېمىل نېمە قىلدى؟ ھوي، ئۇ دەرھال مال بازىرىغا باردى، لورانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، باغلاقلىق ئىنەكلەرنىڭ ھەممىسىنى باغلاقتىن بوشىتىۋەتتى، باغلاقتىن بوشىغان ئىنەكلەر لورانىڭ يېنىغا كېلىشىگىلا، لورا پەسكويىغا چۈشۈپ، مۆرىسىنى توختاتتى، خۇددى بايا قىلغانلىرىدىن خىجىل بولغاندەك، بېشىنى ئەگكىنىچە جىمىپ كەتتى. بىر ئىنەك ئۆز قوتىنىدىن، بىللە ياشىغان ھەمراھلىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگىنىدە غالجىرلاشماي قالامتى؟ ئۇ كۆڭلى رەنجىگەچكە شۇنداق قىلدى، بۇنى پەقەت ئېمىللا بىلەتتى.

لورا باشقا ئىنەكلەر بىلەن ئالدىغا قاراپ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ مۇلايىم، رايىشلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى. بازارغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قايىل بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ:

— كارتخۇلد قورۇقىدىكى بۇ شاكىچىكنىڭ راستلا كاللىسى ئىشلەيدىكەن جۇمۇ! — دېيىشتى.

ئارفىلدمۇ كۇلۇپ تۇرۇپ:

— كاتتا چارۋىدار ئېمىل سۋېنسون، ھازىر سىنىڭ بىر ئېتىڭ، بىر توكۇر مېكىيىنىڭ، بىر ئەسەبىي ئىنىكىڭ بار بولدى، يەنە باشقا نەرسە ئالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، كەلگۈسىدە مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ چارۋىلىرىم بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئېمىل ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قىياپەتتە گىدىيىپ تۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئاشخانىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، چوڭ يولدا «ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقان زور قوشۇن»نى كۆرۈپ كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ كەتتى. ئالدىدا كېلىۋاتقىنى كالا ھارۋىسى، ھارۋىدا ئېمىلنىڭ دادىسى، ئارفىلد، لىنا، يەنە تېخى يېڭىلا بىرنى كاكىلاپ خۇشلۇقىدىن قاقاقلاۋاتقان توكۇر لوتا بار ئىدى؛ ھارۋىنىڭ ئارقىسىدا يەتتە ئىنەك تىزىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئەڭ كەينىدە لۇكاسقا مىنگەن ئېمىل كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىنەكلەرنى سەپتىن چۇشۇپ قالمىسۇن، دەپ كەپكۇرى بىلەن تەرتىپكە سېلىۋاتاتتى.

بۇنى كۆرگەن ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئالدىراپ سىرتقا ماڭدى، كەينىدىن ئىدا ئەگەشتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، يەتتە ئىنەك! سىز سارالڭ بولدىڭىزمۇ ياكى مەنمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئېمىلنىڭ دادىسىغا.

— ھە، ئۇ ئىنەكلەر... — بىرنېمىلەرنى دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى يەرلىك شېۋىدە.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى ئاخىر چۈشىنىپ، ئېمىلغا قاراپ سۆيۈنۈپ:

— خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن سېنى، ئېمىل! لېكىن، بالام، بايا بولكىنى دۇخوپكىغا سېلىۋېتىپ كەپكۇرنىڭ سېپىنى



سۇندۇرۇۋەتكىنىمنى سەن قانداق بىلدىڭ؟ — دېدى ـ دە، ئارقىدىنلا ۋارقىرىۋەتتى، چۈنكى ئۇ ئارفىلدنىڭ بۇرنىنىڭ ئەسلىدىكىدىن بىر ھەسسە چوڭىيىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالغانىدى.

— ۋاي خۇدايىم، بۇرنۇڭنى نەدە مۇنداق قىلىۋەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— باكخۇۋاننىڭ بازىرىدا، — دەپ جاۋاب بەردى ئارفىلد، — كىمئارتۇق سودىسى كېلەر ھەپتە كىناسخۇرتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

لىنا قاپاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ ھارۋىدىن چۈشتى. ئۇ ھازىر ناز ـ خۇلقلاردىن قالغانىدى.

— ھوي، ساڭا نېمە بولدى؟ مىجەزىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

— چىشىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دەپ ئاددىيلا جاۋاب بەردى لىنا. كرۇكستوپتىن كەلگەن دېھقان ئۇنىڭغا توختىماي كەمپۈت يېگۈزۈپ، ئۇنىڭ قۇرت يېگەن ئېزىق چىشىنى ئاغرىتىپ قويغانىدى، ئاغرىقتىن بېشى يېرىلىپ كېتەي دەۋاتاتتى. ئەمما، چىشى ئاغرىسۇن ـ ئاغرىمىسۇن، ئۇ يەنىلا دەرھال قوتانغا بېرىپ ئىنەكلەرنى ساغمىسا بولمايتتى، چۈنكى ئىنەكلەرنى سېغىش ۋاقتى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

لورا بىلەن باشقا ئالتە ئىنەكنىڭمۇ سېغىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار خۇددى كىشىلەرنى ئەسكەرتىۋاتقاندەك توختىماي مۆرەشمەكتە ئىدى.

— ھەي، نېمە ئامال، ھېلىقى باستىفارلىق دېھقان بۇ يەردە يوق، ئىنەكلىرىنى ساغالمايدۇ ـ دە، — دېدى ئېمىل، ئاندىن ئۆزى سېغىشقا چۈشتى. ئالدى بىلەن لورانى، ئاندىن قالغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئالته ئىنەكنى ساغدى، جەمئىي ئوتتۇز لىتىر سۈت ساغدى. ئاپىسى بۇ سۈتنى يەر ئاستى ئۆيگە قويۇپ قويۇپ، كېيىن ئۇنىڭدىن پىشلاق ياسىدى. پىشلاقلارنى كۆرۈپ ئېمىل شۇنداق خۇش بولدى.

ئېمىل توكۇر لوتا يېرىم يولدا كاكىلىغان تۇخۇمنى دەرھال پىشۇرۇپ ئاشخانىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى، دادىسى كالپۇكلىرىنى پۇرۇشتۇرگىنىچە ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماقنى ساقلاۋاتاتتى.

— بۇنى توكۇر لوتا كاكىلىغان، — دېدى ئېمىل.

ئاندىن ئۇ دادىسىغا بىر ئىستاكان سۈت قۇيۇپ بەردى:

— بۇ لورانىڭ سۈتى.

دادىسى گەپ - سۆز قىلماي تۇخۇمنى يېدى، سۈتنى ئىچتى، بۇ چاغدا ئاپىسى ئېمىل سېتىۋالغان ھېلىقى كەپكۇردە بولكىنى دۇخوپكىغا سېلىۋاتاتتى. لىنا بولسا قىزىق بىر بەرەڭگىنى ئاغرىغان چىشىغا باسقانىدى، ئالدىن پەرەز قىلغىنىدەك، چىشى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر ئاغرىپ كەتتى.

— سەنمۇ تېتىپ باققىن، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ، — دېدى لىنا ئاغرىغان چىشىغا.

بۇنى ئاڭلاپ ئارفىلد كۈلۈپ كەتتى.

— كرۇكستوپلۇق ھېلىقى دېھقان ساڭا چىداپ تۇرۇپ كەمپۈت ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن، — دېدى ئارفىلد، — سەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىڭ كېرەك، لىنا.

بۇنى ئاڭلاپ لىنا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاشۇ قېرى بىلەنمۇ؟ ئۇ ئەللىككە كىرگەن تۇرسا! مەن تېخى ئەمدى يىگىرمە بەشكە كىردىم! سەن مېنىڭ ئۆزۈمدىن قېرى ئادەم بىلەن توي قىلىشىمغا راستىلا ئىشىنەمسەن؟ —

دېدى.

— چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ، ئۇنىڭ نەرى يامان؟ — دېدى ئېمىل ئۆزىنى تۇتالماي.

— ئەلۋەتتە يامان يېرى بار. هازىرغۇ بىلىنمەيدۇ، لېكىن ئويلاپ باقدىڭمۇ، مەن ئەللىككە كىرگەندە ئۇ يەتمىش بەشكە كىرىدۇ، ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش تولىمۇ ئاۋارىچىلىك - دە، — دېدى لىنا.

— مۇنداق يەرلەرگە كەلگەندە كاللاڭ ماشىنىدەك ئىشلەيدىكەن جۇمۇ، لىنا، — دېگىنىچە ئاخىرقى بىر بولكىنى دۇخوپكىغا سېلىپ ئاغزىنى ياپتى ئېمىلنىڭ ئاپىسى، — بۇ كەپكۇر ئەجەب ئەپچىل ئىكەن.

ئېمىلنىڭ دادىسى تۇخۇمنى يەپ، سۈتنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئېمىل:

— ئەمدى مەن ياغاچچىلىق ئۆيگە باراي، — دېدى.

ئېمىلنىڭ دادىسى ئاغزىنى ئۆمەللەپ، بۇگۈن كەپسىزلىك قىلمىغاندىكىن، ئۇ يەرگە بېرىشىڭنىڭ هاجىتى يوق، دېگەندەك مەنىدە بىرنەرسىلەرنى، دېدى لېكىن ئېمىل:

— هېچقىسى يوق، ئادەم گېپىدە تۇرۇش كېرەك، — دېدى.

ئۇ ناهايىتى رازىمەنلىك بىلەن ياغاچچىلىق ئۆيىگە كىرىپ، بىر يۈز يىگىرمە توققۇزىنچى ياغاچ بوۋاينى ئويدى.

بۇ چاغدا توكۇر لوتا قونداققا چىقىپ بولغان، لورا كارتخۇلد قورۇقىدىكى باشقا ئىنەكلەر بىلەن بىللە ئوتلاقتا سەيلە قىلىۋاتاتتى. كېيىن باستىفارلىق دېھقان ئۆزىنىڭ ئالتە ئىنىكىنى ئېلىپ كەتكىلى كېلىپ، ئېمىلنىڭ دادىسى بىلەن كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش بازىرىدا يۈز بەرگەن باشقا ئىشلار توغرۇلۇق خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى، خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئېمىلنىڭ دادىسى ئېمىلنى ياغاچچىلىق ئۆيىدىن چىقىرىۋەتتى، لېكىن ھېلىقى دېھقان كېتىشىگىلا ئېمىل يەنە ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرىۋالدى. سەۋەبى، ياغاچچىلىق ئۆيىدىن ئەمدىلا چىققان ئېمىل ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، ئىدانىڭ ياغاچچىلىق ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئاستىدىكى ئۇستەلدە پۇتىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئولتۇرغىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ قولىدا قولۇلە ئورنىتىلغان ھېلىقى مەخمەل قۇتا تۇراتتى، ئىدا ئۇنى ئۆمرىدە ئېرىشكەن ئەڭ قىممەتلىك سوۋغات، دەپ قارىغانىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى.

لېكىن، ئېمىلنىڭ دادىسى غودۇراپ:

— قالايمىقان نەرسە ئېلىپ! بىر كونا مەخمەل قۇتا! — دېدى.

ئىدا دادىسىنىڭ كەلگىنىنى بايقىمىدى، شۇڭا ئېمىل

ياغاچچىلىق ئۆيىدە ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويغان بۇ گەپلەرنى توختىماي ئەينەن دورىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان دادىسىنىڭ ئاچچىقتىن چىرايى تاتىرىپ كەتتى، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ دىنىي رايوننىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى، كارتخولد قورۇقىدا ئەزەلدىن بىرەر كىشى ئۇنىڭغا بۇنداق قوپال، سەت گەپ قىلىپ باقمىغانىدى، تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئىدا شۇنداق گۈدەك ئاۋازى بىلەن بۇ گەپلەرنى دەۋاتاتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم، ئىدا! — دەپ ۋارقىرىدى دادىسى، ئاندىن دېرىزىدىن قولىنى تىقىپ ئېمىلنىڭ ياقىسىدىن ئالدى، — هوي، هارامزادە، سەن تېخى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ سىڭلىڭغا ئاشۇنداق قىلىقسىز گەپلەرنى ئۆگىتىۋاتامسەن؟

— ئۇنداق قىلمىدىم، مەن پەقەت هەرقانداق ۋاقىتتا «ئۆلگۈر» دېگەن سۆزنى قىلغىلى بولمايدۇ، دېدىم، يەنە دېگىلى بولمايدىغان بىرمۇنچە سۆزلەرنى دەپ بەردىم. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ كۆزىگە دىققەت قىلغاندەك، بۇ سۆزلەرنى قالايمىقان ئىشلەتمەسلىككە دىققەت قىلىشى كېرەك.

بولدى، سىز ئېمىلنىڭ 12 - ئىيۇندىكى بارلىق ئىشلىرىنى بىلدىڭىز، گەرچە هەممىسىلا ياخشى ئىشلار بولمىسىمۇ، شۇنى ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدۇكى، ئۇ بۇ كۈنى ناهايىتى كارامەت سودىدىن بىرنەچچىنى قىلدى. قارىڭا، ئۇ بىر قېتىمدىلا شۇنچە كۆپ ياخشى نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. سۇتلۇك ئىنەكتىن بىرنى، كۇن ئاتلىماي كاكىلاپ تۇرىدىغان مېكىياندىن بىرنى، ئەپچىل كەپكۇردىن بىرنى سېتىۋالدى، ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭ بىر پارچە پىشلاق قىلغۇدەك باشقىلارنىڭ ئىنىكىدىن سېغىۋالغان سۇتمۇ بار تېخى.

دادىسى ياراتمايۋاتقان بىردىنبىر نەرسە هېلىقى مەخمەل قۇتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىدى، ئۇ ئۇنى كېرەكسىز نەرسە، دەپ قارىدى، لېكىن ئىدا ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئويمىقىنى، قايچىسىنى، دىنىي مەكتەپ تارقىتىپ بەرگەن خىرىستىيان قەسىدىلەر توپلىمىنى، بىر چىرايلىق كۆك ئەينەكنى ۋە قىزىل چازىسىنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويىدى. ئۇ قۇتا ئىچىدىن چىققان بىر باغلام كونا خەتنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى. ئېمىل ياغاچچىلىق ئۆيىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، كەچ بولغاندا ئاشخانا ئۆيگە كىرگەندە، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇلغان خەتلەرنى كۆردى. ئارفىلد ئاشخانىدىكى چىۋىنلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى، چۈنكى بۇ كۈنى چىۋىن ئۆلتۈرۈشكە لىنا مەسئۇل ئەمەس ئىدى. ئېمىل خەتنى ئارفىلدقا كۆرسەتتى. ئەڭ ئۈستىدىكىسى ئامېرىكىدىن كەلگەن خەت ئىدى. ئېمىل ئۇنى كۆرۈپلا ئىسقىرتىپ كەتتى.

— قارا، ئارفىلد، قارا، بۇ ئادرىئاندىن كەلگەن خەت ئىكەن!

ئادرىئان دېگەن باكخۇۋانىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، بۇرۇنلا ئامېرىكىغا چىقىپ كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ئۆيىدىكىلىرىگە پەقەت بىر پارچىلا خەت ئەۋەتكەنىدى، بۇنى پۈتۈن لۆننابىيەلىكلەر بىلەتتى، شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىدىن نەپرەتلىنەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ بىردىنبىر خېتىدە نېمىلەرنى يازغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، باكخۇۋا قورۇقىدىكىلەرمۇ بۇنى ئاشكارىلىمىغانىدى...

— ئەمدى بىز بۇ خەتتە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلەلەيدىغان بولدۇق، — دېدى ئېمىل. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىك بولۇپ، باسمىچە، يازمىچە خەتلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغاچقا، بۇ خەتنى ئوقۇيالايتتى.

ئۇ خەتنى ئېچىپ يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ

بىردەمدىلا ئوقۇپ بولدى، چۈنكى خەت تولىمۇ قىسقا ئىدى. خەتتە: «مەن بىر ئېيىق كۆردۈم، ئادرېسىنى سىلەرگە ئەۋەتىپ بېرەي، خوش» دەپلا يېزىلغانىدى.

— مېنىڭچە، بۇ خەتنىڭ لازىمى يوقتەك تۇرىدۇ، — دېدى ئېمىل.

لېكىن ئۇ بۇ گەپنى ئالدىراپ دەپ قويغانىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. 12 - ئىيۇن — شەنبە ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. گۈگۈم پەردىسى پۈتكۈل كائىناتقا يېيىلدى، كارتخۇلد قورۇقىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئىدى، تىپتىنچ، گۈزەل ياز كېچىسى بۇ يەردىكىلەرگە تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلگەنىدى، لېكىن لىنالا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ چىشى ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ئاشخانىدىكى سافادا يېتىپ، ئاغرىق دەستىدە ھېلى تامغا، ھېلى يەرگە ئۇسۇپ ئۇخلىيالمايۋاتاتتى. ئىيۇندا تۈن تولىمۇ قىسقا بولغاچقا، بىردەمدىلا تاڭ ئاتتى، يېڭى بىر كۈن باشلاندى.

ئېمىلنىڭ ھاياتىدىكى يېڭى بىر كۈنمۇ باشلاندى!



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# 13 - ئىيۇن، يەكشەنبە

## ئېمىل لىنانىڭ ئېزىق چېشىنى تارتىۋېتىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم دادىللىق بىلەن سىناپ كۆردى، ئىدانىڭ يۈزىنى توق كۆك رەڭدە بوياپ قويدى


مەيلى يەكشەنبە بولسۇن ياكى ئادەتتىكى كۈنلەر بولسۇن، ئىنەكنى ساغمىسا بولمايتتى. تاڭ ئاتقاندا ئاشخانىدىكى قوڭغۇراقلىق سائەت جىرىڭلىدى، لىنا ئورنىدىن تۇرۇپلا يەنە يېتىۋالدى، چۈنكى ئۇنىڭ چىشى بەك ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ئىشكاپتىكى ئەينەككە قاراپلا چىرقىرىۋەتتى، ۋاي خۇدايىم! ئۇنىڭ چىرايى نېمىلەرگە ئوخشاپ قالغان - ھە! ئوڭ مەڭزى خۇددى بولدۇرۇلغان خېمىردەك ئىششىپ كېتىپتۇ، تولىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى، لىنا يىغلاشقا باشلىدى.

ئۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ راستلا ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن پۈتۈن رايوندىكىلەر كارتخۇلدا يەكشەنبىلىك قەھۋە زىياپىتىگە كېلەتتى.

— ئىككى مەڭزىم ئوخشاش بولمىسا، باشقىلارنىڭ ئالدىغا قانداق چىقىمەن، — لىنا شۇنداق دەپ ئۆتۈلدىغاچ، يىغلىغان پېتى ئىنەكلەرنى ساغقىلى ماڭدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى ئانچە ئۇزاق پاراكەندە بولمىدى، چۈنكى

ئىنەكلەرنى سېغىۋاتقىنىدا بىر ھەرە ئۇچۇپ كېلىپ سول مەڭزىنى چېقىۋالدى. ئۇ ئىككىلا مەڭزى ئوخشاش ئىششىغاندىن كېيىن مۇرادىغا يەتتى. ئەمدىغۇ رازى بولار، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئۇ بايىقىدىنمۇ بەكرەك يىغلىغىلى تۇردى. ئۇ ئاشخانا ئۆيگە كىرگىنىدە باشقىلار شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىۋاتاتتى، سىزگە دېسەم، يۈزلىرى ئىششىپ كەتكەن، يىغىدىن كۆزلىرى قىزارغان بىرسى تۇيۇقسىز ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغىنىدا، ھەممەيلەن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئۇنىڭ لىنا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالدى. بىچارە، ئۇ قانداقمۇ بۇنداق بولۇپ قالغاندۇ؟ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، پەقەت ئېمىللا كۈلۈۋەتتى، قارا ئۇنىڭ ئەپتىنى! لىنا ئۆيگە كىرگەندە ئۇ ئەمدىلا ئىستاكاندىكى سۈتنى ئىچەي دەپ تۇرغانىدى، كۆزى لىناغا چۈشۈش بىلەنلا «پىخ» قىلىپ كۈلۈپ تاشلىدى ـ دە، ئاغزىدىكى سۈتنىڭ ھەممىنى پۈرقۇۋەتتى، سۈت ھەتتا دادىسىنىڭ يەكشەنبىدە تىلاۋەت قىلغاندا كىيىدىغان چىرايلىق جىلىتكىسىگىمۇ چاچراپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئارفىلدمۇ ئۆزىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۈتۈۋالالماي كۆلۈپ سالدى. ھەي، لىنا راستلا بىچارە بولۇپ قاپتۇ!

ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئېمىل بىلەن ئارفىلدغا ھومىيىپ بىر قارىۋېتىپ:

— بۇنىڭ كۈلگۈدەك نېمىسى بار؟ — دېدى.

ئېمىلنىڭ دادىسى جىلىتكىسىدىكى سۇتنى سۈرتكەچ لىناغا قاراپ، ئېمىلنىڭ شۇنچىۋالا كۈلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى چۈشەندى ھەم لىناغا ئىچى ئاغرىدى.

— بىچارە قىز، سېنىڭ تۇرقۇڭ ھەقىقەتەن غەلىتە بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ. بولدى، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چىقما. ئېمىل، سەن يۈگۈرۈپ بېرىپ كىلۇشا مايانى بىزگە قەھۋا قاينىتىشقا ياردەملىشىشكە چاقىرىپ كەلگىن، — دېدى ئۇ.

لۇننابېيەلىكلەر يەكشەنبىدە يىغىلىپ قەھۋە ئىچىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ، بۇ كۈنى پۈتۈن قورۇق كۈلكە - چاقچاق بىلەن تولىدۇ. تەكلىپنامىنى ئېمىلنىڭ ئاپىسى يازغان، مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

ھۆرمەتلىك خانىملار، ئەپەندىلەر، يەكشەنبە كۈنى كارتخۇلدىكى قەھۋە زىياپىتىگە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىلەر.

ئېھتىرام بىلەن:

ئارما ۋە ئانتون سۋېنسون

كارتخۇلد قورۇقىدىن

ھازىر تىلاۋەت ۋاقتى بولغاچقا، ئېمىلنىڭ ئاتا - ئانىسى چىركاۋغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بېرىپ تىلاۋەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن «قەھۋە ئىچىش سورۇنى» نى

ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئېمىل بۈگۈن بەك گەپ ئاڭلىدى، ئۇ كىلۇشا مايىغا گەپ يەتكۈزگىلى ماڭدى. بۈگۈن ھاۋا تولىمۇ ياخشى ئىدى، ئۇ خۇشال ھالدا ئىسقىرتىپ كېتىۋاتاتتى. كىلۇشا مايا ئورماندىكى يىللىقچىلارنىڭ كىچىك ئۆيىدە تۇراتتى.

ئەگەر سىز ئىيۇننىڭ يەكشەنبىلىرى سەھەردە سمولاندتىكى ئورمانغا بېرىپ باققان بولسىڭىز، ئۇ يەرنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايتتىڭىز، كاككۇكىنىڭ، ئاق قاش قارىقۇشقاچلارنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىيالايتتىڭىز؛ يالاڭ ئاياغ ماڭغىنىڭىزدا قارىغاي يوپۇرمىقى، شەمشاد يوپۇرمىقى بىلەن قاپلانغان يوللارنىڭ نەقەدەر تۈزلۈكىنى ھېس قىلالايسىز؛ ئۈستىڭىزگە ئىللىق قۇياش نۇرى چۈشۈپ سىزگە شۇنداق ھۇزۇر بېغىشلايدۇ؛ قارىغاي مەدىكىدىن چىقىۋاتقان سۈس مەززىلىك پۇراقلار، بەس - بەستە ئېچىلغان ياۋا بۆلجۈرگەن گۈللىرى سىزنى مەستخۇش قىلىدۇ. ھازىر ئېمىلنىڭ ھېسسىياتىمۇ خۇددى سىزنىڭكىدەكلا ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ مەنزىرىلەردىن كۆپرەك ھۇزۇرلىنىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىماي ماڭدى، ئاخىر كىلۇشا مايانىڭ تولىمۇ كونىراپ كەتكەن، كىچىك كۆل رەڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بۇ ئۆي ئورماندا ئانچە كۆزگە چېلىقمايتتى.

ئېمىل ئۆيگە كىرگەندە كىلۇشا مايا «سمالاند گېزىتى» نى كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن، گېزىتتىكى خەۋەرنى كۆرۈپ بىر تەرەپتىن خۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەندىشىگە چۈشكەنىدى.

— كېزىك كېسىلى يونكوپىڭغا تارقاپ بوپتۇ، — دېدى ئۇ ئېمىلدىن ئەھۋال سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ، گېزىتنى ئېمىلغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

راست، گېزىتتە ئىككى يونكوپىڭلىق ئېغىر كېزىك بولدى، دەپ يېزىلغانىدى. كلۇشا مايا بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— كېزىك ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر خىل كېسەل، ئۇزاق ئۆتمەي لۇننابىيەگىمۇ يېتىپ كېلىدۇ، گېپىمگە ئىشەن. بۇ كېسەل ماماكاپىنىڭ توزغىقىدەك پۈتۈن سمالاند زېمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ، ئۇ چاغدا بۇ يەردە تۇرغان ھەرقانداق ئادەمگە يۇقۇشى مۇمكىن، ھەتتا ساڭىمۇ يۇقىدۇ. كۆرمىگىلىغان كېزىكنىڭ ئورۇقى ! ئاھ ! خۇدايىم كېزىك ئورۇقىنىڭ بەدەنلىرىمىزدە يىلتىز تارتىپ كۆكلىشىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن !

— زادى قانداق كېسەل ئۇ؟ چۇماغا ئوخشاپ كېتەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ئېمىل.

كلۇشا مايا ئىلگىرى ئۇنىڭغا چۇما توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئۇ ھەر خىل كېسەل ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ كۆپىنچىسىنى بىلىدۇ. چۇما ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەلنىڭ بىرى، خېلى يىللار ئىلگىرى بۇ خىل كېسەل سمالاندتىكى بارلىق كىشىلەرنى ھاياتىدىن ئايرىغىلى تاسلا قالغانىدى. ئويلاپ بېقىڭا، بۇ كېسەلمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش قورقۇنچلۇق بولسا...

كلۇشا مايا بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— توغرا، چۇماغا ئوخشاپ كېتىدۇ، — دېدى سالماقلىق بىلەن. ئېمىلنىڭ بۇنداق سورىشى خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى

ئىش بولغاندەك، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — مەنمۇ تازا ئېنىق بىلىپ كەتمەيمەن، لېكىن ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ خىل كېسەل يۇققان كىشىنىڭ ئالدى بىلەن يۈزلىرى كۆكىرىپ، ئاندىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھەي، بۇ كېزىك دېگەن ناھايىتى قورقۇنچلۇق كېسەل، ھەي، ھەي!... — ئۇ بېشىنى توختىماي چايقايتتى.

قېرىشقاندەك، قەھۋە زىياپىتى بېرىشنىڭ ئالدىدا لىنانىڭ چىشى ئاغرىپ، ئىككى مەڭزىنىڭمۇ ئىششىپ كەتكىنىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇ كارتخۇلد قورۇقىغا بېرىشقا تېزلا ماقۇل بولدى.

ئېمىل ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، پەشتاقتا ئولتۇرغان لىنانى ئىزدەپ تاپتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىش ئاغرىقى جېنىنى ئالايلا دەپ قالغانىدى، ئۇنىڭ يېنىدا ئارفىلد بىلەن ئىدا ئامالسىز قاراپ تۇراتتى.

— سەن يەنىلا سىمىل پىررىرنىڭ يېنىغا بارغىن، — دېدى ئارفىلد.

سىمىل پىررى لۇننابىيەدىكى بىر تۆمۈرچى ئىدى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ چىشى ئاغرىسا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ چوڭ ئامبۇردا تارتقۇزۇۋېتەتتى.

— بىر تال چىش تارتىش ئۈچۈن قانچە پۇل ئالىدۇ؟ — يىغلاپ تۇرۇپ سورىدى لىنا.

— سائىتىگە ئەللىك ئېرل، — دېدى ئارفىلد.

بىر تال چىشنى تارتىش ئۈچۈن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت، شۇنچە كۆپ پۇل كېتىدىغىنىنى ئاڭلاپ لىنا قورقۇپ كەتتى.

لېكىن، ئېمىلنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە بىر چارە كەلدى.

— مېنىڭچە، مەن لىنانىڭ چىشىنى تارتىۋېتەلەيمەن، ئۇنىڭدىن تېز ھەم ئەرزان. مېنىڭ چارەمنى ئاڭلاڭلار، — ئۇ ئويلاپ تاپقان ئەپچىل چارىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى، — ماڭا پەقەت ئىككى نەرسىلا كېتىدۇ، لوكاس بىلەن ئۇزۇن ھەم پىششىق يىپ. يىپنىڭ بىر ئۇچىنى چىشىڭغا باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى بەلبېغىمغا چىگىپ، لوكاسنى مىنىپ چاپىدىغان بولسام، «ھوشت !» گەپ يوق چىشىڭنى يۇلۇۋالىمەن.

— ھوشت ئىمىش، تاپقان ئەقلىڭنى قارا. بولدى، رەھمەت ساڭا، ئات مېنى سۆرىگىنىچە يۇگۇرتۇپ يۈرمىسۇن يەنە، — دېدى لىنا.

ئەمما، ئۇنىڭ چىشى بايىقىدىنمۇ بەكرەك ئاغرىپ كەتتى، بۇنداق ئەھۋالدا دەرھال بىرەر چارە تاپماي بولمايتتى.

ئۇ چوڭقۇر بىر تىندى - دە، ئېمىلنىڭ چارىسىنى سىناپ باقماقچى بولدى.

— قېنى، بىر سىناپ باقايلى، خۇدانىڭ مەندەك بىر بىچارىگە ئىچى ئاغرىسا ئەجەب ئەمەس، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يىپ ئاچىققىلى ماڭدى.

ئېمىلمۇ ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ لوكاسنى ئاشخانا ئۆيىنىڭ پەشتىقىغا ئېلىپ كەلدى، يىپ بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا باغلىنىپ تەييار بولغاندىن كېيىن ئۇ ئاتقا مىندى. بىچارە لىنا قورقىنىدىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ چىشى يىپقا باغلاقلىق ئىدى. ئۇ ئاتنىڭ كەينىدە تۇردى، ئىدامۇ قورقىنىدىن تىترەۋاتاتتى، پەقەت ئارقىلىدلا رازىمەنلىك بىلەن:

— ئەمدى بىز «ھوشت !» دېگەن ئاۋازنى كۈتۈپ تۇرايلى، — دېدى.

ئېمىل ئېتنى قويۇپ بەردى.

— ھە، تېزلا بىر تەرەپ بولغۇدەك، — دېدى ئىدا سەل ئۈمىدلىنىپ.

لېكىن، ئىش ئۇنچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى، چۈنكى لىنامۇ ئات بىلەن بىللە يۈگۈرۈشكە باشلىغانىدى. پەقەت ھېلىقى يىپ چىڭ تارتىلغاندىلا، ئۇ چىش ئاندىن «ھۇشت !» قىلىپ چۈشەتتى. لېكىن، لىنانىڭ قورققىنىدىن جېنى چىقايلا دېگەنىدى، شۇڭا ئالاقزەدە بولۇپ كېتىپ لۇكاسقا ئەگىشىپ تېز يۈگۈرۈشكە باشلىدى. گەرچە ئېمىل ئۇنىڭغا «مىدىرلىماي جايىڭدا جىم تۇر» دېگەن بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى، لىنا يەنىلا ئات بىلەن تەڭ يۈگۈردى، يىپ چىڭ تارتىلمىغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە «ھۇشت !» بولمايدۇ ـ دە.

ئېمىلنىڭ مەقسىتى لىنانى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ چىشىنى تارتىۋېتىش ئىدى، شۇڭا ئۇ ئاتنى دەرھاللا ئەڭ يېقىن يەردىكى رېشاتكىغا قاراپ چاپتۇردى، لۇكاس رېشاتكىدىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر سەكرەپلا ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى، ئارقىسىدىن قالماي كېلىۋاتقان، قورققىنىدىن تاتىرىپ كەتكەن لىنامۇ بىر سەكرەپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئىدا كۆز ئالدىدىكى بۇ كۆرۈنۈشنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولدى، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتكەن، ئاغزىدا بولسا بىر تال يىپ سۆرىلىپ تۇرغان لىنانىڭ رېشاتكىدىن قانداق ئۆتۈپ، يالۋۇرغىنىچە: «توختا ! توختا ! بولدى، مەن ئەمدى ھۇشت !» قىلدۇرمايمەن ! — دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئىدا ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايدىغان بولدى.

لىنا ئۆزىنىڭ ئىشنى بۇزۇپ قويغىنىدىن كېيىن ناھايىتى خىجىل بولدى. لېكىن، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ - دە. ئۇ يەنىلا ئاشخانىنىڭ پەشتىقىدا ئېگىكىنى چاڭگاللىغىنىچە ئولتۇراتتى، روھى ناھايىتى چۈشكۈن ئىدى.

لېكىن، ئېمىل بوشاپ كەتمىدى.

— مەن يەنە بىر چارە تاپتىم، — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ، لېكىن سۇرئىتىڭ بەك تېز بولۇپ كەتمىسۇن، — دەپ يېلىندى لىنا، — ئۇ ئۆلگۈر قۇرت يېگەن چىشنى «ھۇشت !» قىلىپلا تارتىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئاستىراق تارتساڭمۇ بولىدۇ.

سەل ئويلانغاندىن كېيىن ئېمىل قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدى.

ئۇ لىنانى چوڭ بىر توپ نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئولتۇرغۇزدى، ئارقىلىق بىلەن ئىدا قىزىقىش ئىچىدە قاراپ تۇردى، ئاندىن ئېمىل ناھايىتى پىششىق تانا بىلەن لىنانى دەرەخكە باغلىدى.

— ئەمدى يۇگۈرگىنىڭنى كۆرەي، — ئۇ يىپنىڭ بىر ئۇچى بىلەن لىنانىڭ چىشىنى باغلىدى، يەنە بىر ئۇچىنى ئارقىلىق



دائىم ئورغاق چاقلايدىغان، دادىسى پالتا، پىچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى چاقلايدىغان بىلەينىڭ چاقىغا باغلىدى. تەييارلىقنىڭ ھەممىسى پۈتتى، باشلىسىلا بولىدىغان بولدى.

— ئەمدى بايىقىدەك «ھۈشت !» قىلىپ تارتىلماي، غىرىسلاپ تارتىلىدىغان، سەن تەلەپ قىلغاندەك ئالدىرىماي تارتىلىدىغان بولدى، — دېدى ئېمىل.

ئىدا يەنىلا قورقىنىدىن تىترەۋاتاتتى، لىنا بولسا ۋايجان - ۋايىيەيگە چۈشكەندى. ئېمىل چاقنى چۆرگۈلىتىشكە باشلىدى، يىپ باشتا يەردە سۆرىلىپ ماڭدى، كېيىن ئاستا - ئاستا چىڭىشقا باشلىدى، يىپ چىڭىغانسېرى، لىنانى تىترەك بېسىشقا باشلىدى. ئەمدى يۈگۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.


— غىرىسلاشقا ئاز قالدى، — دېدى ئىدا.

دەل بۇ چاغدا لىنا:

— بولدى توختا، مەن تارتقۇزمايمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، چاقماق تېزلىكىدە يانچۇقىدىن بىر كىچىك قايچىنى چىقىرىپ يىپنى كېسىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com





ئۇ يېپىنى كېسىپ بولۇپ ئۆزى خىجىل بولۇپ قالدى ھەم كۆڭلى يېرىم بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ ھېلىقى ئاغرىغان چىشىنى تارتقۇزۇۋەتكۈسى بار ئىدى. بۇ قىلىقى ھەقىقەتەن بىر قاملاشمىغان ئىش بولدى. ئېمىل، ئارفىلد، ئىدا خاپا بولدى.

— بولدى، قۇرت يېگەن قېرى چىشىڭ بىلەن نەگە بارساڭ بارغىن! ئىشقىلىپ مەن تىرىشتىم! — دېدى ئېمىل.

ئەمما، لىنا ئېمىلدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم سىناپ بېقىشنى ئۆتۈندى ھەم تىنىقسىلا بولىدىكەن، ھەرگىز ئەخمەقلىق قىلمايمەن، دەپ ۋەدە بەردى.

— ئەمدى مەيلى قانداقلا ئۇسۇل بىلەن بولسۇن، بۇ چىشىمنى تارتقۇزۇۋەتمىسەم بولمايدۇ، بولدى، بېشىمغا كەلگەننى كۆردۈم! — دېدى لىنا، — يىپ ئەكېلىڭلار!

ئېمىل يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشقا قوشۇلدى، ئارفىلد بىلەن ئىدامۇ قوللىدى.

— بۇ قېتىم تېز بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يولىنى قىلايلى، ئەمما بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، سەن گېپىڭدىن يېنىۋالساڭ بولمايدۇ، ھەرقانچە قورقساڭمۇ چىدىغىن، — دېدى ئېمىل.

ئېمىلنىڭ ھېيلىسى تولا بولغاچقا، بىردەمدىلا يېڭى بىر چارە

تاپتى.

— بىز سېنى قوتاننىڭ ئۈگزىسىگە چىقىرىپ قويايلى، سەن پەستىكى چۆپ دۆۋىسىگە سەكرىگىن، سەن چۈشۈپ بولغۇچە، چىشىڭ «ھۇشت !» قىلىپلا چۈشۈپ بولىدۇ، — دېدى.

— يەنە «ھۇشت !» ما؟ — دېدى ئىدا تىترەپ تۇرۇپ.

لېكىن، لىنا بايا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۈگزىگە چىقىشقا زادى ئۇنىمىدى.

— سەن تاپقان چارىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىكەن، ئېمىل، — دېدى لىنا ئاشخانىنىڭ پەشتىقىدا تۇرۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىماي.

لېكىن، چىشىنىڭ ئاغرىقى يەنىلا يامان كەلدى بولغاي، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ:

— بوپتۇ، گەرچە بۇنداق قىلسام باقىي ئالەمگە بېرىپ قېلىشىم مۇمكىن بولسىمۇ، يەنىلا بىر سىناپ باقايلى، — دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئارفىلد دەرھال بىر شوتا ئەكېلىپ قوتاننىڭ تېمىغا تىكلىدى، ئېمىل شوتىغا ياماشتى، قولىدا يىپنى چىڭ تۇتۇپ، خۇددى بىر ئىتنى سۆرىگەندەك لىنانى تارتىپ ماڭدى. لىنا رەنجىسىمۇ، قورقىنىدىن بويسۇنۇپ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىقىۋاتاتتى.

ئېمىل بولقىدىن بىرنى، ئالتە سانتىمېتىر كېلىدىغان مىختىن بىرنى ئېلىۋالغانىدى. ئۇ مىخنى ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىگە قاقتى، ئاندىن يىپنىڭ بىر ئۇچىنى لىنانىڭ ئاغرىق چىشىغا باغلىدى. ھەممە تەييارلىق پۈتتى.

بىچارە لىنا، ئۇ ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ پەسكە قاراپ ناھايىتى ئازابلاندى. پەستە ئارفىلد بىلەن ئىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ھەي، ئۇلار ھازىر لىنانىڭ خۇددى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك چۆپ دۆۋىسىگە چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا... لىنانىڭ يۈرىكىدىكى ۋەھىمە ھەممىنى بېسىپ چۈشتى.

— سەكرەشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، راستىلا جۈرئەت قىلالمىدىم! — دېدى لىنا.

— بوپتۇ، كارغا كەلمەس چىشىڭنى ساقلاپ يۈرۈۋەر، ماڭا بەرىبىر، — دېدى ئېمىل.



بۇنى ئاڭلىغان لىنا شۇنداق بىر چىرقىرىدىكى، پۈتۈن لۆننابىيەگە ئاڭلاندى. ئۇ پۇت - قوللىرى تىترىگەن ھالدا دەلدەڭشىگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزىنى يۇمۇپلا سەكرىمەكچى بولدى. ئىدا ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالماي كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى.

— ۋاي ئانىمەي، ۋاي ئانىمەي! — دەپ يىغلىدى لىنا.

دېمىسىمۇ، قوتاننىڭ ئۆگزىسىدىن سەكرەش تولىمۇ قورقۇنچلۇق، يەنە كېلىپ ئېزىق چىشىغا بىر تال يىپ باغلاقلىق تۇرسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، لىنا سەكرەپ چۈشكەندە «ھۇشت!» دېگەن ئاۋاز چىقىدۇ، بۇنىڭغا ھەرقانداق بىر نورمال كىشى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

— سەكرىگىن، لىنا، سەكرە، — دەپ توۋلىدى ئارفىلد.

لىنا نارازى بولغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

— مەن ساڭا ياردەملىشەي، — دېدى ئېمىل. ئۇ ھەمىشە شۇنداق مېھرىبان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچىمۇ تەس ئىش ئەمەس، لىنانىڭ كەينىدىن بىگىز بارمىقى بىلەن تۇرتۇپ قويسىلا ئىش پۈتەتتى. ئېمىل شۇنداقلا بىر تۇرتۇشى بىلەن، لىنا چىرقىرىغان پېتى ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتتى. ھەممەيلەن «ھۇشت!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى، لېكىن ھېلىقى ئالتە سانتىمېتىرلىق مىخمۇ يۇلۇنۇپ كەتتى. لىنا چۆپ دۆۋىسىدە ياتاتتى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاغرىق چىشى يەنىلا جايىدا ئىدى، يىپنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا ھېلىقى مىخ تۇراتتى.

ئەمدى ئېمىلغا ئاچچىقلاش نۆۋىتى لىناغا كەلگەنىدى:

— ھەي، سەن كەپسىزلىك قىلىپ چاتاق چىقىرىشنىلا بىلىدىكەنسەن، چىش تارتىشقا كەلگەندە ھېچقانداق ئامالىڭ يوق ئىكەن.

لىنانىڭ ئاچچىقى كېلىپ ياخشى بولدى، چۈنكى ئۇ شۇ ئاچچىقىدا سېمىل پېررېنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ ئادەم پىششىق ئامبۇرى بىلەن ئاغرىق چىشنى قىسىپ تۇرۇپ، «ھۇشت!» قىلىپلا تارتىۋەتتى. لىنا ئۇ چىشنى غەزەپ بىلەن ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەتتى.

سىز ئېمىلنىڭ ئەمدى قىلىدىغان ئىشى قالمىدى، دەپ قالماڭ. ئارفىلد نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئۇيىقۇغا



كەتكەنىدى، شۇڭا ئېمىل ئويناۋاتقان ئويۇن تاپالمىدى. ئۇ ئۇدۇل ئىدانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقاچ، ئاتا ــ ئانىسىنىڭ چىركاۋدىن قايتىپ كېلىشىنى، قەھۋە زىياپىتىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتمەكچى بولدى.

ــ بىز بىر ئويۇن ئوينايلى، مەن مارىئانىنالوند دوختۇر بولاي. سەن مېنىڭ بىمارىم بولغىن، ــ دېدى ئېمىل.

ئىدا تېزلا ماقۇل بولدى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ كارىۋاتتا ياتتى، ئېمىل خۇددى مارىئانىنالوند دوختۇر كېسەل كۆرگەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭ گېلىنى، يۈرەك سوقۇشىنى تەكشۈردى.

ــ مەن نېمە كېسەل بولۇپ قاپتىمەن، دوختۇر؟ ــ دەپ سورىدى ئىدا.

ئېمىل بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ سەن كېزىك بولۇپ قاپسەن، بۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق كېسەل، ــ دېدى.

شۇ زامان كىلۇشا مايانىڭ «كېزىك بولغان بىمارنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كېتىدۇ» دېگەن گېپى ئۇنىڭ يادىغا كەلدى. ئۇ ئەتراپقا قارىدى، بىرەر نەرسە تېپىپ بىمارنىڭ چىرايىنى كۆك قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولدى، بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئېمىل ئۇستا ئىدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزى نېرىدىكى شىرەدە تۇرغان ئاپىسىنىڭ سىياھ بوتۇلكىسىغا چۈشتى، ئۇنى ئاپىسى ئېمىلنىڭ كەپسىزلىكلىرىنى خاتىرىلەشكە، يەكشەنبىلىك قەھۋە زىياپىتىنىڭ باغاقلىرىنى يېزىشقا ئىشلىتەتتى. باغاقنىڭ كوپىيەسى تېخىچە شىرەنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ئېمىل باغاقتىكى «ئېھتىرام بىلەن» دېگەن خەتنىلا ئوقۇيالىدى، ئۇ شۇ تاپتا ئاپىسىدىن تولىمۇ پەخىرلەندى، ئۇ نېمىدېگەن قابىلىيەتلىك! قاراڭ، خەتنى شۇنداق چىرايلىق يېزىپتۇ. ھېلىقى ئادرېئان

www.uyghurkitap.com





بولسا «بىر ئېيىق» دېگەن خەتنى مىلك تەسلىكتە ئاران يازالىغانىدى.

ئەمدىلىكتە ئاپىسىغا بۇ كوپىيەنىڭ لازىمى قالمىغانىدى، شۇڭا ئېمىل ئۇ قەغەزنى پۇرلەپ سىياھقا مىلىدى، ئاندىن ئۇنى ئېلىپ ئىدانىڭ يېنىغا كەلدى.

— مانا، مانا، ئىدا، كېزىك كەلدى، — دېدى ئۇ.

ئىدا خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇر، سىياھ كۆزۈڭگە كىرىپ كەتمىسۇن، — دېدى ئېمىل.

ئۇ ئىدانىڭ يۈزىنى ئالا قويماي چىرايلىق قىلىپ كۆك رەڭدە بويىدى. ئۇ ناھايىتى ئەتراپلىق ئويلىغانىدى، ئىدانىڭ كۆزى ئەتراپىنى بويىمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىدانىڭ كۆك يۈزىدە ھەم چوڭ، ھەم ئاپپاق، خۇددى كامارغا ئوخشاش ئىككى كۆز چانقىلا كۆرۈنۈپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ئىدا راستىلا قورقۇنچلۇق كېسەل ھالىتىگە كىردى، بۇنىڭدىن ھەتتا ئېمىل ئۆزىمۇ قورقۇپ كەتتى، چۈنكى ئىدا ھازىر باستېرنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن «ھايۋاناتلار دۇنياسى» دېگەن كىتابتىكى كىچىك ئالۋاستى مايمۇننىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى.

— بەك ئوخشىدى، كىلۇشا مايانىڭ دېگىنى راست ئىكەن، كېزىك ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق كېسەل ئىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى ئېمىل.

دەل مۇشۇ چاغدا كىلۇشا مايا ئورمانىدىن سەنتۇرۇلۇپ ماڭغىنىچە چىقىپ كەلدى، ئۇ قورۇ دەرۋازىسىدا ئەمىدىلا تۆمۈرچىنىڭ يېنىدىن كەلگەن لىنانى ئۇچراتتى.

— قانداقراق، چىشىڭ يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىزىققان هالدا.

— بىلمىدىم.

— بىلمىدىم؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۇ هازىر سېمىل پېررېنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىدە، بېشىنى يەيدىغان ئۆلگۈر چىش! ئۇنى شۇ يەردە ئاغرىقتىن چىرقىراپ يىغلىۋەتسىكەن دەيمەن!

لىنا ئىككى مەڭزىدىكى ئىششىقنىڭ سەل يانغىنىدىن خۇش بولدى. ئۇ تارتىۋەتكەن چىشىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، نەشپۈت دەرىخى ئاستىدا ياتقان ئارقىلد تەرەپكە قاراپ ماڭدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





كىلۈشا مايا قەھۋە تەييارلاش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىردى. بالىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆزى ئامراق ئىدانى يوقلاپ ئۆتەي دەپ ھۇجرا ئۆيگە كىردى.

لېكىن، ئۇ ئامراق قوزىسىنىڭ كۆپكۆك يۈزى بىلەن ئاپپاق تېرىسى شۇنداق روشەن سېلىشتۇرما ھالەتتە كارىۋاتتا ياتقىنىنى كۆرگىنىدە، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقىنىچە ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى:

ــ يائاللا، ۋاي خۇدايىم ! بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟

ــ ئۇ كېزىك بولۇپ قاپتۇ، ــ دېدى ئېمىل ئىدانى شەرەتلىگىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

دەل شۇ ۋاقىتتا كوچىدىن ھارۋىلارنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى كەلدى. چېركاۋغا كەتكەنلەر قايتىپ كەلگەنىدى، ئېمىلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا دىنىي رايون باشلىقى قاتارلىق نۇرغۇن مېھمانلارمۇ كەلگەنىدى. كۆپچىلىك قوتاننىڭ ئالدىدا ھارۋىلاردىن چۈشۈپ ئۇدۇل زالغا قاراپ مېڭىشتى، ئۇلارنىڭ گاللىرى قۇرۇپ، ئاللىبۇرۇن قەھۋە ئىچكۈسى كېلىپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، كىلۈشا مايا يۈگۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، پەشتاقتىلا تۇرۇپ ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقىرىغىنىچە تۇردى:

ــ كىرمەڭلار ! كىرمەڭلار ! قورۇقىمىزدا كېزىك بار !

كۆپچىلىك ھودۇقۇپ تۇرۇپلا قېلىشتى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى:

ــ قالايمىقان سۆزلىمە، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ كىم كېزىك بولۇپ قاپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

بۇ چاغدا ئاپپاق ئىچ كۆڭلەك كىيگەن كۆك يۈزلۈك «ئالۋاستى

مايمۇن» ئىدا تۇيۇقسىز كلۇشا مايانىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولدى ـ دە، تاتلىق كۈلۈپ:

ـــ بۇ مەن، ـــ دېدى.

ئېمىلنىڭ دادىسىدىن باشقا ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى.

ـــ ئېمىل قېنى؟ ـــ دەپ سورىدى ئېمىلنىڭ دادىسى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

ئەمما، ئېمىل قاياققىدۇر غايىب بولغانىدى. ئۇ مېھمانلار قەھۋە ئىچكەن چاغدىمۇ كۆرۈنمىدى. قەھۋە ئىچىپ بولۇپ ئاشخانىدا ئولتۇرغان كلۇشا مايانىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇش ئۈچۈن، رايون باشلىقى ئۇ يەرگە كىردى، كلۇشا مايا ئۆزىنىڭ يالغانچى بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ ياكى كېزىكنىڭ يوق بولغىنىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر بىرنەرسىدىن خاپا بولۇپ ئولتۇراتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مانا مۇشۇ چاغدا مۆجىزە يۈز بەردى، دىنىي رايون باشلىقى ئېمىل ئورۇندۇق ئۈستىگە تاشلاپ قويغان بىر باغلام كونا خەتنى تۈيۈقسىز كۆرۈپ قالدى.

ئۇ خۇشاللىقىدىن تولۇپ تاشقىنىدى، دەرھال بېرىپ ئادرېسىدىكى ئامېرىكىدىن ئەۋەتكەن خەتنى قاماللىغىنىچە قولىغا ئالدى.

— ۋاي - ۋۇي، سىلەردە قانداقسىغا بۇ خىل ماركا بولىدۇ، مەن ئۇنى ئىزدىگىلى ئۇزاق بولغان!

دىنىي رايون باشلىقى ئەسلىدە ماركا توپلاش ھەۋەسكارى ئىدى، ئۇ بۇنداق ئاز ئۇچرايدىغان ماركىنىڭ قىممىتىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، يانچۇقىدىن دەرھاللا قىرىق كرونا چىقىرىپ بۇ ماركىنى سېتىۋالماقچى بولدى.

ئېمىلنىڭ دادىسى بۇنچە كۆپ پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىددىيلەشكەنلىكىدىن تەمتىرەپ كەتتى. ئويلاپ بېقىڭا، مۇشۇنداق كىچىككىنە بىر پارچە قەغەز قىرىق كروناغا يارىسا - ھە! ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ! ئۇ ئاچچىقىدىن بېشىنى چايقىدى... ھەي، ئېمىل نېمىدېگەن تەلەيلىك! مانا بۇ ئېمىلنىڭ ھېلىقى



كونا مەخمەل قۇتىنى سىتىۋېلىشى ناھايىتى ياخشى بىر سودا بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ، بۇ ئۇنىڭ تۇنۇگۈنكى كىمئارتۇق سودىسىدا قىلغان ئەڭ ياخشى بىر سودىسى ـ دە!

— قىرىق كرونا، بۇ پۇلغا مەن يېرىم ئىنەك سېتىۋالالايمەن، — دېدى دادىسى دىنىي رايون باشلىقىغا نارازى بولغاندەك.

بۇنى ئاڭلىغان ئېمىل مۇكۇۋالغان ياغاچ ساندۇقتا تۇرالماي، ئالدىراپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بېشىنى چىقاردى ـ دە:

— ئۇنداقتا، كالىنىڭ مۈڭگۈزى بار تەرىپىنى ئالامسەن ياكى قۇيرۇقى بار تەرىپىنىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تېزدىن ياغاچچىلىق ئۆيىگە بارغىن، ئېمىل، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى دادىسى.

ئېمىل كەتتى. نېمىلا بولمىسۇن، شاراقشىپ تۇرىدىغان ئون كرونالىق پۇلدىن تۆتكە ئېرىشتى. ئۇ ئەتىسىلا باكخۇۋاغا بېرىپ، ئادرىئاننىڭ خېتىنى، پۇلنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، باكخۇۋالىقنىڭ ياخشى تىلىكىنى ئېلىپ، ئېتىغا مىنىپ قايتىپ كەلدى ھەم يېڭى ـ يېڭى كەپسىزلىكلىرىنى باشلىدى.


— مەن كىمئارتۇق سودىسىغا كۆپرەك قاتنىشىپ تۇرسام بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، — سىنىڭچە قانداق، دادا؟



دادىسى بىرنېمىلەرنى دەپ غوتۇلدىدى، لېكىن ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

www.uyghurkitap.com





ئەمما، ئېمىل قەھۋە زىياپىتىدىن كېيىن دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە پۈتۈن بىر ئاخشام ياغاچچىلىق ئۆيىدە ئولتۇردى. ئۇ بىر يۈز ئوتتۇزىنچى ياغاچ بوۋاينى ئويۇپ بولغاندىن كېيىنلا، بۈگۈن يەكشەنبە ئىكەنلىكى يادىغا يەتتى، يەكشەنبىدە پىچاق بىلەن نەرسە ئويسا بولمايتتى، بۇ راستىلا بىر گۇناھ. بەلكىم چىش تارتىسىمۇ، باشقىلارنىڭ يۈزىنى كۆككە بويىسىمۇ بولمايدىغاندۇ. ئېمىل قولىدىكى ياغاچ بوۋاينى تاختاينىڭ ئۈستىدىكى بوۋايلار قاتارىغا تىزىپ قويدى. ئۇ كۆتەكتە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گۇناھلىرى ئۈستىدە ئويلاندى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇ ئاخىرىدا قوللىرىنى جۈپلەپ تىلاۋەت قىلىشنى باشلىدى:

— سۆيۈملۈك پەرۋەردىگار، مەن قايتا كەپسىزلىك قىلماسلىققا قەسەم بىرەي! سەممىمىي سالام بىلەن، لۆننابىيە، كارتخۇلدتىكى ئېمىل سۋېنسوندىن.

## 10 ـ ئاۋغۇست، سەيشەنبە

# ئېمىل پاقىنى قەھۋە سېۋىتىگە سېلىپ قويۇپ، ئارقىدىن ئېغىزغا ئالغۇسىز بالا تېرىدى

ئېمىلنىڭ دادىسىغا كىشىنىڭ بەزىدە ئىچى ئاغرىپ قالىدۇ. قايسى كۈندىكى كىم ئارتۇق سودىسىدا ئوغلى بولغان ئېمىل ئۆنچە كۆچەپ كەتمەيلا ئارقا ـ ئارقىدىن كارامەت ياخشى سودا قىلغان يەردە، دادىسى تۇرۇپ ئاران بىر مېكىجىنىنىلا سېتىۋالىدى. ھەي، كىم بىلسۇن، بۇ جانىۋار ئادەمنى قورقۇتۇپ بىر كېچىدە ئۇن بىرنى كۆچۈكلىدى، لېكىن شۇ كېچىسى ئۇن بالىسىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن بەرىبىر ھايۋان ـ دە. ئەگەر ئېمىل بولمىغان بولسا، ئاخىرقى بىرسىنىمۇ چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋېتەركەن. شۇ كۈنى كېچىدە ئېمىل قورسىقى ئاغرىپ، سىرتقا چىقىپ قوتان تەرەپتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر توراينىڭ جېنىنىڭ بارىچە چىرقىراۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن دەرھاللا ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، ھېلىقى رەزىل مېكىجىنىنىڭ يېنىدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر توراينى ئېلىپ چىقىشقا ئۈلگۈردى. ھەي، بۇ تازىمۇ نەس باسقان مېكىجىن ئىكەن، بۇ ئىشتىن كېيىنلا غەيرىي بىر كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئۈچىنچى كۈنىلا ئۆلۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئېمىلنىڭ دادىسىغا تەۋە ئەمدى بىر تورايلا قالغانىدى، مانا بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ كىمىئارتۇق سودىنىدىن سېتىۋالغان بىردىنبىر نەرسىسى بولۇپ قالغان تۇرسا، قانداقمۇ روھى چۈشمەي تۇرالىسۇن !

— باكخۇۋادا ئەسكى ئادەملەر بىلەن ئاپەتتىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن، — دېدى ئۇ ئېمىلنىڭ ئاپىسىغا شۇ كۈنى كەچتە ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا، — ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ ھەممە ماللىرىغا جىن تېگىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان ئېمىل دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئۇنداقتا، بۇ تورايىنى ماڭا بېرىۋەتكىن، مېنىڭ ئۇنىڭغا جىن تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكى بىلەن كارىم يوق، — دېدى.

ئەمما، ئېمىلنىڭ دادىسىغا بۇ گەپ پەقەتلا ياقمىدى.

— ماڭا بەر، ماڭا بەرلا دەيدىكەنسەن، ئۇنداقتا مەنچۇ، مېنىڭ ھېچنېمەم قالامدۇ ئەمدى؟ — دېدى بېخىللىق بىلەن.

ئېمىل ئۇشۇق گەپ قىلمىدى، خېلىغىچە بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتەي، بۇ توراي ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى كىچىك، ئورۇق، پۈتۈن بەدىنى كۆكىرىپ كەتكەن، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى. «ئۇنىڭغا چاپلاشقان جىن بەدىنىدىكى پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنى سۈمۈرۈپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئېمىل، — ئەگەر راست شۇنداق بولسا نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ! بۇ جىن دېگەن نەرسە نېمىدەپ بىر بىگۇناھ تورايغا چاپلىشىۋالىدىغاندۇ؟»



ئېمىلنىڭ ئاپىسىمۇ ئوخشاش ئويلايتتى.

— بىچارە جانىۋار، — دېدى ئۇ.

سمالاندتا كىشىلەر كىچىك جانىۋارلارغا ھېسداشلىق قىلغاندا دائىم مۇشۇنداق دەيتتى.

لىنانىڭمۇ كىچىك ھايۋانلارغا باغرى يۇمشاق ئىدى، بولۇپمۇ بۇ تورايغا شۇنداق بولدى.

— بىچارە جانىۋار، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دەيتتى ئۇ.

ئەگەر ئېمىل ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىغان بولسا، چوقۇم شۇنداق بولاتتى. ئېمىل ئۇنى ئاشخانا ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئىچىگە يۇمشاق رەخت سېلىنغان بىر سېۋەتكە ياتقۇزدى، بوۋاقلارغا سۈت بېرىدىغان ئېمىزگۈدە ئۇنىڭغا سۈت بەردى، ئۇ شۇ تۇرقىدا بۇ تورايىنىڭ ئاپىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئارفىلد ئېمىلنىڭ بىر ئامالالارنى قىلىپ بۇ بىچارە جانىۋارغا سۈت بېرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىپتۇ، بىرنېمە يېگۈسى يوق، — دېدى ئېمىل.

— شۇنداقمۇ، ئۇ خۇيلىنىپ قاپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى ئارفىلد.

— بۇ توراي خۇيلىنىپ قالمىدى، — دېدى ئېمىل، — ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىپ تېنى ئاجىزلاپ كەتكەچكە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ئەمما مەن ئۇنى چوقۇم داۋالىيالايمەن، ئۇنىڭ جىنىنى چوقۇم ساقلاپ قالىمەن، مەن قارار قىلىپ بولدۇم.

ئۇ راست دېگىنىنى قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي توراي سەمرىپ، تۈكلىرى پارقىراپ جانلىنىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— بىچارە جانىۋار، مەن ئۇنىڭ ئوڭشالغىنىغا راستىلا ئىشەندىم. بىچارە جانىۋار، — دېدى لىنا ئۇنى كۆرۈپ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تورايىنىڭ ئىسمى «بىچارە جانىۋار» بولۇپ قالدى.

— توغرا، ئۇ ھەقىقەتەن تىرىلدى. ياخشى قىلدىڭ، ئېمىل، — دېدى دادىسى.

دادىسىنىڭ ئۆزىنى ماختىغىنىدىن ئېمىل خۇش بولۇپ كەتتى ھەم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ سورىدى:

— مەن ئۇنىڭ جېنىنى قانچە قېتىم قۇتقۇزسام، ئاندىن ئۇ مېنىڭ بولىدۇ؟

ئېمىلنىڭ دادىسى چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە دىمىقىنى قېقىپ قويدى، بۇنى كۆرۈپ ئېمىل گەپ قىلمىدى، خېلى ئۇزاققىچە بۇ توغرۇلۇق قايتا گەپ ئاچالمىدى.

ئەمدى بىچارە جانىۋار قوتانغا قايتىسا بولىدىغان بولدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇ يەردە تۇرغۇسى يوق ئىدى. ئۇ خۇددى ئىتقا ئوخشاش ئېمىلغا ئەگىشىپ يۈرۈشنى بەكرەك خالايتتى، ئېمىلمۇ كۈنبويى ئۇنى تالادا ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتى.

— سېنى ئۆزىنىڭ ئاپىسى دەپ قالدى ئۇ، — دېدى ئىدا. بۇ بىچارە جانىۋار راستىلا شۇنداق دەپ قالغان ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇ



ئېمىلنى كۆرسىلا خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي يۈگۈرۈپ كېلەتتى. ئۇ ئېمىل بىلەن بىللە يۇرۇشنى ياقتۇراتتى، بولۇپمۇ بىرەرنىڭ دۈمبىسىنى قاشلاپ قويۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئېمىل ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى زادى رەت قىلمايتتى.

— قىچىشقان يېرىنى قاشلاپ قويۇشقا مەن ماھىر، — دەيتتى ئۇ، گىلاس دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى لىڭگىرتاقتاقتا ئولتۇرۇپ بىچارە جانىۋارنىڭ قىچىشقان يەرلىرىنى قاشلاپ قوياتتى. بىچارە جانىۋار كۆزلىرىنى يۇمۇپ خىرتىلدىغىنىچە تۇرۇپ بېرەتتى.

ياز پەسلىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى، گىلاسلار پىشىشقا باشلىدى. بىچارە جانىۋار دائىم دېگۈدەك گىلاس دەرىخىنىڭ ئاستىدا قىچىشقان يەرلىرىنى قاشلاتقۇزاتتى. بىچارە جانىۋار يەنە تېخى گىلاسقا بەك ئامراق بولغاچقا، ئېمىل ئاندا ـ ساندا تۇتاملاپ ـ تۇتاملاپ ئۈزۈپ بېرەتتى. بىچارە جانىۋار ئېمىلغا بەك ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى. ھەي ئىسىت، ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن! ياخشى كۈنلەر تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، بۇ بىچارە بەختىگە يارىشا ئېمىل ياشاۋاتقان بۇ جايغا كېلىپ مۇشۇنداق ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشەلىدى ئەمەسمۇ!

ئېمىلمۇ بۇ بىچارە جانىۋارغا بارغانسېرى ئامراق بولۇپ كېتىۋاتاتتى، بىر كۈنى ئۇ لىڭگىرتاقتاقتا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قىچىشقان يەرلىرىنى قاشلاۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا نەقەدەر ئامراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇ يەنە ئويلاپ قالدى، بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە كىمنى ياخشى كۆرىدۇ؟

«ئالدى بىلەن ئارفىلد، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئاندىن لۇكاس، ئىدا، ئاندىن قالسا بىچارە جانىۋار... ۋاي، ئاپامنى ئۇنتۇپ قاپتىمەنغۇ... ئەلۋەتتە، ئاندىن ئارفىلد، لۇكاس، ئىدا، ئاندىن قالسا بىچارە جانىۋار.»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، خېلى ئۇزاق ئويلاندى.

«يەنە دادام بىلەن لىنامۇ بار، — دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە، — هەي، مەن بەزىدە دادامنى ياخشى كۆرىمەن، بەزىدە ياخشى كۆرمەيمەن. لىناغا كەلسەم، ياخشى كۆرەمدىمەن - كۆرمەمدىمەن، بىلەلمىدىم... ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى مۇشۇكقا ئوخشاپ كېتىدۇ.»

ئەمەلىيەتتە، ئېمىل هەر كۈنى دېگۈدەك كەپسىزلىك قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ياغاچچىلىق ئۆيىدە ئولتۇرىدىغان قېتىم سانىمۇ كۆپەيمەكتە، بۇنى كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتەر ئارقىلىقلا ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. لېكىن، كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدە ئېمىلنىڭ ئاپىسى تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، شۇڭا بەزىدە «ئېمىل ياغاچچىلىق ئۆيىدە» دېگەندىن باشقا گەپ يازمايتتى.

هازىر ئېمىل هەر قېتىم ياغاچچىلىق ئۆيىگە سولانغىنىدا بىچارە جانىۋارنىمۇ بىللە ئېلىۋالىدىغان بولغانىدى، ئۇماق بىر توراي هەمراھ بولسا ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ هازىر ياغاچچىلىق ئۆيىدىكى هەممە ۋاقتىنى ياغاچ بوۋاي ئويۇشقىلا ئىشلەتمەي، بەلكى ۋاقىت چىقىرىپ بىچارە جانىۋارغا هەر خىل ماهارەتلەرنى ئۆگىتىۋاتاتتى، پۈتۈن لۈننابىيەدە كىشىلەر ئادەتتىكى بىر تورايىنىڭ بۇنداق ماهارەتلەرنى ئىگىلىيەلىشىنى ئويلاپمۇ باقمايتتى. مەشىق مەخپىي ئېلىپ بېرىلدى، بىچارە جانىۋار ئەقىللىك هەم چىداملىق ئىدى، هەر قېتىم بىر يېڭى ماهارەتنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېمىلدىن ياخشى يېمەكلىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئېمىلنىڭ بىر مەخپىي يېمەكلىك ئامبىرى بار ئىدى، ئۇ خىزمەت ئۆستىلىنىڭ كەينىدىكى ساندۇق ئىدى. ئۇنىڭدا هەمىشە قاتتىق بولكا،

پىچىنە، گىلاس قىىقى ۋە باشقا يېمەكلىكلەر ساقلاقلىق بولاتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق ۋاقىتتا بۇ يەرگە سولىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ھەم بۇ يەردە ئاچ قورساق ئولتۇرغۇسىمۇ يوق ئىدى.

— بىرنەچچە تال گىلاس قىىقى بىلەن ئازراقلا پەم ئىشلەتسەڭ بىر چوشقىغا ھەرقانداق ماھارەتنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ، — دەپ ماھارەت ئۆگىتىش جەريانىنى چۈشەندۈردى ئېمىل ئارفىلد بىلەن ئىداغا.

بۇ ھەپتە ئاخىرىدىكى بىر كېچە ئىدى، ئېمىل بىچارە جانىۋار بىلەن ئۇلارغا ئىلگىرى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ھەر خىل ماھارەتلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. ئويۇن قەلەمپۇر چەللىسىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئېمىل بىلەن بىچارە جانىۋارغا نىسبەتەن بۇ بىر تەستە قولغا كەلگەن ياخشى پۇرسەت ئىدى. ئارفىلد بىلەن ئىدا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، ھەيرانلىقتىن ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالغىنىچە بىچارە جانىۋارنىڭ ھەر خىل ئاجايىپ ماھارەتلىرىنى كۆردى. ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق بىر چوشقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئېمىل «تۇرغىن» دېسە، ئۇ ئىتقا ئوخشاش تىكلىنىپ تۇرالايدىكەن؛ «ئۆلگىن» دېسە، خۇددى ئۆلگەندەك



www.uyghurkitap.com



يەردە يېتىۋالىدىكەن؛ گىلاس قېقىمغا ئېرىشكەندە ئۇلۇك پۇتىنى چىقىرىپ رەھمەت ئېيتىدىكەن.

ئىدا خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— يەنە باشقا ماھارەتلىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆزىنى باسالماي.

بۇ چاغدا ئېمىل «يۇگۇر» دەپ بۇيرۇق بېرىۋىدى، بىچارە جانىۋار شۇ زامان قەلەمپۇر چەللىسىنى ئايلىنىپ يۇگۇرۇشكە باشلىدى، ئېمىل تۇرۇپ - تۇرۇپ «سەكرە» دېسە، بىچارە جانىۋار ئېگىزگە سەكرەيتتى، ئاندىن ئۆزىدىن قانائەتلەنگەندەك قىلىپ يۇگۇرۇشنى داۋاملاشتۇراتتى. مەيدانىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى.

— ۋاھ! ئۇ نېمىدېگەن ئوماق، — دېدى ئىدا. بىچارە جانىۋار چەللىدە ھەر خىل سەكرەش ماھارىتىنى كۆرسەتكەندە قىلىقلىرى ھەقىقەتەن ئوماق ئىدى.

— لېكىن، بىر تورايغا نىسبەتەن بۇ خىل ماھارەت تازا دېگەندەك تەبىئىي كۆرۈنمەيدىكەن، — دېدى ئارفىلد.

لېكىن، ئېمىل ئۆزىنىڭدىن تولىمۇ رازى بولدى ھەم پەخىرلەندى. چۈنكى، پۈتۈن لۆننابىيە بويىچە، ھەتتا پۈتۈن سمالاند بويىچىمۇ بىچار جانىۋاردەك چوشقىدىن يەنە بىرنى تېپىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. «چوقۇم شۇنداق، ھەرگىز يەنە بىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئېمىل كېيىنچە بىچارە جانىۋارغا ئارغامچا سەكرەشنى ئۆگەتتى. سىز تورايىنىڭ تانا سەكرىگىنىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ياق، چوقۇم كۆرۈپ باقمىغان، ئېمىلنىڭ دادىسىمۇ كۆرۈپ باقمىغاندى. لېكىن، بىر كۈنى ئۇ قوتان تەرەپتىن كېلىۋېتىپ،



ئېمىل بىلەن ئىدانىڭ قولىدا بىر تانىنى چۆرگۈلىتىۋاتقىنىنى، بىچارە جانىۋارنىڭ تۈيىقىدىن «تاق، تاق» ئاۋاز چىقىرىپ سەكرەۋاتقىنىنى كۆردى.

— بۇ ئۇنىڭغا چوقۇم قىزىق تۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دەپ جەزملەشتۈردى ئىدا.

لېكىن، دادىسى دەرھاللا رەددىيە بەردى:

— بۇ بىر ھايۋان تۇرسا، قىزىق - قىزىق ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلىدۇ؟ بىز ئۇنى مىلاد بايرىمىدا سويۇپ يەيمىز، ئۇنى تايغاندەك سەكرىتىپ يۈرسەڭلار، ئۇ ئورۇقلاپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلىشىڭلارغا قوشۇلمايمەن.

بۇنى ئاڭلاپ ئېمىل چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بىچارە جانىۋارنىڭ مىلاد بايرىمىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى! ئۇ: «بۈگۈن دادامنى ئەڭ ياخشى كۆرمەيدىغان كۈنۈم» دەپ ئويلىدى.

10 ـ ئاۋغۇست، سەيشەنبە، ئېمىل دادىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرمەيدىغان كۈن بولدى. بۇ دەل قۇياش ئىللىق نۇر چېچىپ تۇرغان ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مۇشۇنداق بىر ياخشى كۈنى سەھەردە دادىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ يېرىم قىلىدىغان ئاشۇنداق گەپنى قىلىپ كېتىپ قالدى، چۈنكى بۇ كۈنى كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەر قارا بۇغداي ئورۇشنى باشلايتتى. ئېمىلنىڭ دادىسى قاش قارايغۇچە ئېتىزدا بولاتتى.

— ساڭا دېسەم، بىچارە جانىۋار، سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ تايغاندەك ئورۇقلۇقۇڭنى ساقلاش، شۇنداق سەن ياشىيالايسەن، بولمىسا... سەن دادامنى چۈشەنمەيسەن، — دېدى ئېمىل دادىسى كەتكەندىن كېيىن.

ئېمىل پۇتۇن بىر كۈن بىچارە جانىۋارنىڭ ئىشى بىلەن خاپا يۈرگەچكە، جىق كەپسىزلىك قىلالمىدى، ھېچكىم بۇنى سەزمىدى. ئۇ ئىدانى ئات ـ كالىلارنى سۇغىرىدىغان كونا ئولاققا سېلىپ، ئۇنى قېيىق قىلىپ ئوينىدى، ئاندىن قېيىققا سۇ كىرىپ كەتتى، دەپ ئىداغا سۇ چاچتى، ئىدانىڭ ئۈستىبېشى ھۆل بولۇپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئىدا ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ رەگەتكە بىلەن كىرخانىدىكى ئاپىسى قويۇپ قويغان جياڭيۇ ئىدىشىنى ئاتتى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ رەگەتكە ئېتىش ماھارىتىنى سىناپ باقماقچىدى، كىم بىلسۇن، ئىدىش سۇنۇپ كەتتى. بۇ قېتىم دادىسى ئۆيدە بولمىغاچقا، ئاپىسى ئۇنى ياغاچچىلىق ئۆيىدە ئۇزاق تۇرغۇزمايلا چىقىرىۋەتتى. ئاپىسى ئېمىلغا ئامراق ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغاندا، ئېمىل ھازىر ئورما ئورۇۋاتقانلارغا قەھۋە ئاپىرىپ بەرمىسە بولمايتتى. چۈنكى پۇتۇن لۇننابىيە، پۇتۇن سىمالاندتا ئادەتتە قەھۋەنى ئېتىزغا بالىلار ئاپىرىپ بېرەتتى.

سىمالاندىكى بالىلار ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىق ئەلچىلىرى ئىدى، ئۇلار قەھۋە قاچىلانغان سېۋەتنى كۆتۈرۈشۈپ، ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللاردا مېڭىپ، ئوتلاق بىلەن ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىملىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنۇمسىز بىر ئېتىزغا يېتىپ باراتتى. ئېتىز تاشلىق بولغاچقا، بۇ يەرگە ھەربىر قارىغىنىدا ئادەمنىڭ يىغلىغۇسى كېلەتتى. لېكىن، سىمالاندىكى بالىلارنىڭ بۇنداق قىلغۇسى يوق ئىدى، چۈنكى تاشلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ياۋا بۆلجۈرگەن بار، يەنە كېلىپ ئۇلار بۆلجۈرگەنگە تولىمۇ ئامراق ئىدى.

بۈگۈن ئاپىسى ئېمىل بىلەن ئىدانى قەھۋە ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار دەل ۋاقتىدا ئۆيدىن چىقىپ، سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئېتىزغا قاراپ ماڭدى، لېكىن ئېمىل زادى تۈز ماڭمايتتى، بىرەر ياخشى نەرسە ئۇچراپ قالارمۇ، دەپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ ماڭاتتى. ئېمىل نەگە ماڭسا، ئىدا كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئېمىل يولدىن قايرىلىپ بىر سازلىققا باردى، ئۇ يەردە ساز پاقىلىرى بار ئىدى، بۇ قېتىم ئۇ پاقىدىن يەنە بىرنى تۇتتى. ئۇ پاقىنى ئوبدان بىر تەتقىق قىلماقچى بولدى، ئېمىل پاقا مۇھىت



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالماشتۇرۇشى، كۈنبويى سازلىقتا تۇرنۇەرمەسلىكى كېرەك، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ پاقىنى سېۋەتكە سېلىپ، ئاغزىنى يېپىپ قويدى، ئەمدى ئۇ قاچالمايدىغان بولدى.

— بولمىسا مەن ئۇنى نەگە قويىمەن؟ — دېدى ئېمىل ئىدانىڭ «پاقىنى قەھۋە سېۋىتىگە سېلىپ قويسا بولامدۇ؟» دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋابەن. ئۇ يەنە ئارقىدىنلا قوشۇپ قويدى، — ئىشتىنىمنىڭ يانچۇقى تۆشۈك، ئۇنىڭغا سالسام بولمايدۇ، بىلدىڭمۇ؟ يەنە كېلىپ، مەن ئۇنى ئازراقلا تۇتۇپ تۇرىمەن، ئاندىن ئۇنى سازلىققا قويۇپ بېرىمەن. قانداق، گېپىم يوللۇقتۇ؟

يىراقتىكى ئېتىزدا ئېمىلنىڭ دادىسى، ئارفىلد چالغا بىلەن بۇغداي ئورۇۋاتاتتى، لىنا بىلەن كىلۇشا مايا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ئورۇغان بۇغداينى يىغىپ باغلاۋاتاتتى. بۇرۇن كىشىلەر ئېتىزدا ئاشۇنداق ئىشلەيتتى.

ئېمىل بىلەن ئىدا قەھۋە سېۋىتىنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىزلىققا يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنى خۇشاللىق ئەلچىلىرىدەك كۆرۈپ قارشى ئالماقتا يوق، ئەكسىچە ئەيىبلەپ كېتىشتى،



چۈنكى ئۇلار تولىمۇ كىچىكىپ كەلگەنىدى. ئەسلىدە بۇ يەردىكى كىشىلەر ۋاقتىدا قەھۋە ئىچىشنى، بىر مىنۇتمۇ ئۇيان - بۇيان بولماسلىقىنى تەلەپ قىلاتتى.

— ھە، ئۇسساپ كەتكەندە قەھۋە ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟ — دېدى ئارفىلد ئېمىلنىڭ دادىسى يەنە بۇ ئىشقا ئېسىلىۋالمىسۇن، دەپ گەپنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن.

ئەگەر سىز ئاۋغۇستنىڭ تومۇز كۈنلىرى لۆننابېيەگە كېلىپ، ئېتىز بويىدا قەھۋە ئىچىپ ئارام ئېلىش پۇرستىگە ئېرىشەلىسىڭىز، بۇ ئىشنىڭ ھوزۇرىنى سۈرگەن بولاتتىڭىز، كىشىلەرنىڭ يوغان تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپ قەھۋە ئىچىشىپ، يەنە تېخى قەھۋەگە ساندۇۋاچنى تۈگۈرۈپ يېيىشكەچ ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئارام ئالغىنىنى كۆرەتتىڭىز. لېكىن، ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ ئاچچىقى يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئېمىلنىڭ قولىدىن سېۋەتنى تارتىپ ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى. ماۋۇ چاتاقنى كۆرۈڭ! ھېلىقى پاقا سەكرەپ چىققىنىچە ئۇنىڭ مەيدىسىگە چاپلىشىپ، كېيىن كۆڭلىكى ئىچىدە غايىب بولدى،



كۆن ئىسسىق بولغاچقا، دادىسى كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەنىدى. پاقىنىڭ پۇتلىرى مۇزدەك بولغاچقا، ئېمىلنىڭ دادىسى ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى، قولى قەھۋە چەينىكىگە تېگىپ كېتىپ ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالدى، تەلىيىگە ئېمىل چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى، پەقەت ئازراقلا قەھۋە تۆكۈلۈپ كەتتى. پاقا يوقاپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىغا كىرىۋالغانىكەن. ئېمىلنىڭ دادىسى بۇنى سەزگەندىن كېيىن ئاچچىقىدىن ييرىلاي دەپ قالدى. ئۇ قالايمىقان سەكرەپ، ئۇنى سىلكىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن تولىمۇ ئەپسۇس، قەھۋە چاينىكىگە يەنە قولى تېگىپ كەتتى. بۇ قېتىم چاققان ئېمىل چەينەكنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان قەھۋەسى يوق بولدى. تازا نەس باستى ــ دە.

ئۇ پاقىنىڭ ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ پۇچقىقىدا پەقەت تۇرغۇسى



يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ يەردىن تېزلا قېچىپ چىقتى، ئېمىل ئۇنى تۇتۇۋالدى. لېكىن، ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ ئاچچىقى يانمىغاندەك ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ بۇ قېتىمقى ئىشنى يەنىلا ئېمىلنىڭ كەپسىزلىك خۇمارى تۇتۇپ كېتىپ قىلغان ئىش، دەپ قارىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، نەدىمۇ ئۇنداق بولسۇن؟ ئېمىل: «سېۋەتنىڭ ئاغزىنى لىنا ئاچسا، ئۇماق بىر پاقىنى كۆرۈپ چوقۇم خۇش بولۇپ كېتىدۇ»، دەپ ئويلىغانىدى. سىلەرگە بۇنى دېيىشتىكى مەقسىتىم، ئاساسلىقى سىلەرگە ئېمىلنىڭ ھەمىشە خۇشال يۈرەلمەيدىغانلىقىنى، بەزىدە ئۇنى كەپسىز دېسە ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن. مەسىلەن، مېنىڭچە كىشىلەر ئېمىلنىڭ دادىسىدىن: «ئېمىلنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئىككىلىك يانچۇقى يىرتىلىپ كەتكەنىكەن، پاقىنى قەھۋە سېۋىتىگە سالماي، نەگە سالسا بولاتتى؟» دەپ سورىسا بولىدۇ.

لىنا دائىم ئېمىلنى كۆرسىتىپ:

— مەن ئەزەلدىن بۇنداق كەپسىز بالىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئۆزى كەپسىزلىك قىلماي دېسىمۇ، بۇنداق ئىشلار ئۇنىڭغا ئۇچراپ تۇرىدۇ! — دەيتتى.

«ئۇچراپ تۇرىدۇ!» لىنانىڭ بۇ گېپى راست ئىدى.

شۇ كۈنى يۈز بەرگەن يەنە بىر ئىش لىنانىڭ بۇ گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئېمىل چاتاققا يولۇقتى، ئۇنى قەستەن قىلدى، دېگىلى بولمايتتى، ھەتتا پۈتۈن لۆننابېيەدە بۇ ئىش توغرۇلۇق خېلىغىچە سۆز - چۆچەك بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى، بىرى، ئېمىلنىڭ ئاپىسى ناھايىتى ئۆگلۈق، چاققان ئايال بولغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىرى، كارتخۇلد قورۇقىنىڭ بۇ يىل گىلاستىن مول ھوسۇل ئالغانلىقىدىن، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاراشقىنىمۇ بولاتتى. مەيلى قانداقلا سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئېمىل بۇ ئىشقا ئۆزىمۇ بىلمەيلا يولۇقۇپ قالدى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسىنى ھەر خىل مېۋىلەرنى مۇراببا قىلىشنىڭ «پېشۋاسى» دېيىشكە بولاتتى، بۇ ئىشتا ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى، مەيلى ئورماندا ئۆسكەن ياۋا مېۋىلەر بولسۇن ياكى ئۆزىنىڭ بېغىدىكى مېۋىلەر بولسۇن، ھەممىسىدىلا شۇنداق يېيىشلىك مۇراببا قىلالايتتى. ئۇ قىزىل ئېيىقئۈزۈمى، كۆك شىرنىلىك مېۋە، تاغ بۆلجۈرگەنلىرىنى يىغاتتى، ئالما مۇرابباسى، زەنجىۋىل تەملىك نەشپۈت قىيامى، قىزىل قارىقات ئۈيۈتمىسى، بۆلجۈرگەن مۇراببىاسى ۋە گىلاس شىرنىسى قاتارلىقلارنى قايناتاتتى. ئۇ ئالما، نەشپۈت، گىلاس قاتارلىق مېۋىلەرنى قۇرۇتۇپ، ئۇلارنى ئاق داكا خالتىغا سېلىپ يېمەكلىك ساقلايدىغان ئۆينىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قوياتتى. ھەي، بۇ يەردىكى ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ھوزۇر ئىدى.

گىلاس ئۈزىدىغان مەزگىلدە ۋىموربىدىكى پېتىر خانىم كارتخۇلد قورۇقىغا مېھماندارچىلىققا كەلدى.

— بۇ يىل گىلاستىن بەك كۆپ ھوسۇل ئالدۇق، ئۇنىڭدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمىدىم، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئاغرىنغاندەك.

— مېنىڭچە، گىلاس ھارىقى قىلسىڭىز بولىدۇ، ئارما، — دېدى پېتىر خانىم.

— خۇدايىم ساقلىسۇن، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

چۈنكى، ئۇ ھاراق توغرۇلۇق گەپ ئاڭلاشنى خالىمايتتى.

كارتخۇلد قورۇقى هاراق مەنئى قىلىنغان جاي ئىدى. ئېمىلنىڭ دادىسى ئاق هاراق تۇگۇل، هەتتا پىۋىمۇ ئىچمەيتتى. يەكشەنبىلىك بازارغا بارغاندا باشقىلار ئۇنى مېهمان قىلىپ قالغاندا ئەھۋال ئەلۋەتتە باشقىچە بولاتتى، ئۇ چاغدا ئىچمەي ئامال يوق. بىرسى زورلاۋاتسا، يەنە كېلىپ مېهمان قىلىۋاتسا، نېمە ئامال، ئامالسىز بىر ياكى ئىككى بوتۇلكا ئىچىپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان، ئىككى بوتۇلكا پىۋا دېگەن ئوتتۇز ئېرل، ئوتتۇز ئېرلنى شۇنداقلا تاشلىۋەتسە بولامدۇ؟ مەيلى خالىسۇن ـ خالىمىسۇن، مۇشۇ ئوتتۇز ئېرلنى دەپ بولسىمۇ ئىچەتتى. لېكىن، ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ گىلاس هارىقنى ئەزەلدىن قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ئېمىلنىڭ ئاپىسىغا ئايان ئىدى.

— كارتخۇلد قورۇقىدا ئىچىدىغانلار بولمىسا، باشقا يەردە بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى پېتىر خانىم، — ئۇلار ئاغزىدا دېمىگىنى بىلەن، بەلكىم بىر ـ ئىككى رومكا ئىچكۈسى باردۇ، — ئۇ چۈشەندۈرگەچ، ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتسا بىرنەچچە بوتۇلكا گىلاس هارىقنى ساقلاپ ئىچكۈسى بارلىقىنى، گىلاسنى بىر كۆپكە سېلىپ بەرەڭگى ئورىسىغا سېلىپ ئېچىتىپ قويسا، هېچكىم بىلمەيدىغانلىقىنى، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ قانچە پۇل دېسە شۇنچە پۇل بېرىپ هاراقنى ئەكېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى باشقىلارنىڭ هەرقانداق تەلىپىنى يەردە قويمايدىغان ئايال ئىدى، بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ ناهايىتى ئېدىتلىق ئايال بولۇپ، هېچ نەرسىنى ئىسراپ قىلمايتتى، شۇڭا يېتەرلىك گىلاس قېقىنى ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغانىدى. هاراق ئېچىتىشقا كەلسەك، بۇ بەكلا تۇيۇقسىز بىر ئىش بولدى، گەرچە تازا ئىشەنچى بولمىسىمۇ، لېكىن پېتىر خانىمغا ماقۇل دېدى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئوغرىلىقچە ئىش قىلمايدىغان بولغاچقا، بۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئېمىلنىڭ دادىسىغا دېدى.

ــ ئۆزۈڭ بىلگىن، لېكىن ئۇ قانچە پۇل بېرىدىغىنىنى ئېنىق دېگەندۇ؟ ــ دېدى دادىسى ئاخىرىدا بىرئاز غوتۇلداپ.

پېتىر خانىم پۇل توغرۇلۇق ئېنىق بىرنېمە دېمىگەنىدى. بىر نەچچە ھەپتىگىچە گىلاس ھارىقى بەرەڭگى ئورىسىدا ئېچىتىلدى. دەل ئاۋغۇستىنىڭ مۇشۇ كۈنى ئېمىلنىڭ ئاپىسى ھاراقنى ئېچىپ بولدى، دەپ قاراپ، بوتۇلكىغا قاچىلاپ قويماقچى بولدى. بۇ كۈنى ئېمىلنىڭ دادىسى قارا بۇغداي ئورۇغىلى ئېتىزغا كەتكەنىدى. «پۇرسەتنى چاڭ تۇتۇپ ئىشنى پۈتكۈزۈۋېلىش كېرەك، بولمىسا ئۇ كۆرۈپ قالسا خۇددى گۇناھ قىلغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئوغرىلىقچە ھاراق ئىشلىدى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى بىردەمدىلا ئۇنى بوتۇلكا قاچىلاپ بولدى، بىرەرىنىڭ ئىچىۋېلىپ ئىش تېرىپ قويماسلىقى ئۈچۈن، سېۋەتكە سېلىپ بەرەڭگى ئورىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ قويۇپ، پېتىر خانىم كەلگەندە ئېلىپ بەرمەكچى بولدى.

ئېمىل بىلەن ئىدا قەھۋە ئېلىپ بارغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئېتىزدىن قايتىپ كەلگەندە ئاشخانا ئۆيىنىڭ سىرتىدا گىلاس ھارىقى ئېچىتقان كۆپنى كۆردى.


ــ ئېمىل، ئاۋۇ كۆپنى ئاچىقىپ ئىچىدىكى گىلاسنى ئەخلەتخانىغا كۆمۈۋەت، ــ دېدى ئاپىسى.

ئېمىلنىڭ قولىقى يۇمشاق بولغاچقا، كۆپنى كۆتۈرۈپ ئەخلەتخانا تەرەپكە ماڭدى. ئەخلەتخانا چوشقا قوتىنىنىڭ ئارقىسىدىلا ئىدى، بىچارە جانىۋار ئۇ يەردە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ ئېمىلنى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ ئېمىل بىلەن بىللە ئوينىغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ خورتۇلداشقا

باشلىدى.

— چىقساڭ بولىدۇ! — ئېمىل شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى كۆپنى قويۇپ قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، بىچارە جانىۋار خۇش بولۇپ يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئېمىلنى ئۆزىگە يەيدىغان نەرسە ئەكەلدى، دەپ ئويلاپ ئۇدۇل بېرىپ تۇمشۇقىنى كۆپكە تىقتى. بۇنى كۆرۈپ ئاندىن ئېمىلنىڭ يادىغا ئاپىسىنىڭ: «كۆپتىكى گىلاسنى ئەخلەتخانىغا كۆمۈۋەت» دېگىنى كەلدى. تازا غەلىتە ئىشقۇ بۇ، كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەر ئەزەلدىن يەيدىغان نەرسىنى بىكاردىن ـ بىكار كۆمۈۋەتمەيتتى. بۇ گىلاسلارنى چوقۇم يېگىلى بولىدۇ، چۈنكى بىچارە جانىۋار بىرنەچچىنى يەپ بولدى. ئېمىل ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭغا گىلاسلارنى كۆمۈۋەت دېگىنىنى بىرئازدىن كېيىن دادىسى ئېتىزلىقتىن كەلسە كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ، دېگىنى دەپ ئويلىدى.

«ئۇنداقتا، بىچارە جانىۋار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتسۇن، ئۇ گىلاسقا شۇنداق ئامراق تۇرسا!» دەپ ئويلىدى ئېمىل.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





قارىغاندا، بىچارە جانىۋار كۆپتىكى گىلاسلارنى يېيىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ خورتۇلدىغىنىچە توختىماي يەيتتى، تۇمشۇقى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئېمىل گىلاسنى يەرگە تۆكۈپ بەردى. بۇنى كۆرۈپ ئۆيدىكى خورازمۇ كېلىپ تەڭ بەھرىمەن بولماقچى بولدى. بىچارە جانىۋار ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارىدى ـ يۇ، يەنىلا يول قويدى. خوراز گىلاستىن بولۇشىغا يېدى. بۇ چاغدا توكۇر لوتا باشچىلىقىدىكى بىر توپ مېكىيانلار خورازنىڭ قانداق نازۇنېمەت يەۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ كېلىشكەنىدى، لېكىن ئۇلارغا ئاشمىدى. بىچارە جانىۋار بىلەن خوراز ئۇلار يېقىنلاپ كەلسىلا يۇز ـ خاتىر قىلماي ھەيدىۋەتتى. ئېنىقكى، ئۇ ئىككىسى بۇ گىلاسلارنى يالغۇز يېمەكچىدى.

ئېمىل كۆپىنى دۇم قىلىپ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزى ياسىۋالغان پۇشتەكنى چالغىنىچە ھېچنېمىنى ئويلىماستىن ئۇلارغا قاراپ ئولتۇردى. لېكىن، ئۇ بىردىنلا ھېلىقى خورازنىڭ



دەلدۈگۈنۈپ يىقىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئورنىدىن تۇرسىمۇ يەنە يىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. قوغلىۋەتكەن مىكىيانلار بولسا ئۆز ھەمراھىنىڭ غەلىتە قىلىقىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن قاقاقلىشىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ يەردە ياتقان خورازنىڭ ئاچچىقى كەلدى بولغاي، ئۇلارغا غەزەپ بىلەن قارىدى، ئەجەبا ئۇنىڭ خالىغاندا ياتىدىغان، خالىغاندا تۇرىدىغان ھوقوقى يوقمۇ؟

ئېمىل بۇ خورازغا زادى نېمە بولغىنىنى بىلەلمىدى، لېكىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، بېرىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى. خوراز ئورنىدا بىرئاز تۇرۇۋېلىپ، پۇتلىرى كارغا كېلەمدۇ ـ يوق، سىناپ باقماقچى بولغاندەك، ئالدى ـ كەينىگە بىرنەچچىنى دەسسەپ باقتى، كېيىن خۇددى جىن چاپلاشقاندەك، تۇيۇقسىزلا قاناتلىرىنى قېقىپ قىچقىرىپ، غەزەپ بىلەن مىكىيانلار توپىغا قاراپ ئېتىلدى. بۇنى كۆرگەن مىكىيانلار ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى، چۈنكى ئۇلار خورازنىڭ ئېلىشىپ قالغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئېمىلمۇ كۆردى، ئۇ خورازنىڭ ساراڭلارچە ھەرىكەتلىرىگە قاراش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىچارە جانىۋارغا دىققەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ساراڭ بولدى دېسە دەل بىچارە جانىۋار ساراڭ بولغانىدى. ئۇمۇ مىكىيانلارنى قوغلاشقا قاتناشماقچى بولدى. ئۇ خورتۇلدىغىنىچە خورازنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئېمىل بارغانسېرى ھەيران بولغىلى تۇردى، ئۇ زادى نېمە ئىش بولغىنىنى چۈشىنەلمەيلا قالغانىدى. بىچارە جانىۋار يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ساراڭلاردەك خورتۇلدايتتى، قارىماققا ئىنتايىن خۇشالدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن پۇتلىرى راستلا ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتاتتى، خۇددى كونتروللۇقىنى يوقاتقاندەك دەلدەڭشىپ

www.uyghurkitap.com



قالغانىدى، ئەگەر تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن بولسا ئۇمۇ چوقۇم يېتىپ قالغان بولاتتى. بۇ قېتىم ئېمىل ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن سەكرەش ماھارىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا زور پايدىسى بولغانىدى.

لېكىن، ئەڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغىنى مېكىيانلار ئىدى. ئۇلار بىر چوشقىنىڭ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان قىلمىشىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، قورققىنىدىن قىنقىلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەمراھىنىڭ ئالجىغىنى يەتمىگەندەك، تېخى بىر ياۋايى توراي كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۇلارنى قوغلاۋاتاتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق ئەمەسمۇ؟!

دېمىسىمۇ راست، تولىمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى! مېكىيانلار ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ كەتسە، ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، بۇنى ئېمىل بىلەتتى، ئۇ شۇلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ مېكىيانلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوق تەگكەندەك يىقىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئوتلاقنىڭ ھەممە يېرى توخۇ ئۆلۈكلىرى بىلەن تولۇپ، تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرە ھاسىل بولغانىدى. ئېمىل نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي يىغلاپ كەتتى. ئەگەر ئاپىسى بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىنىڭ توخۇلىرىنى بۇ ھالەتتە كۆرسە نېمىلەرنى دەپ كېتەر؟ ئاھ! توكۇر لوتا، ئېمىلنىڭ توخۇسىمۇ خۇددى جېنى يوق لايدەك يەردە ياتاتتى. ئېمىل ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ قولىغا ئالدى. راست، ئۇ ئۆلۈپتۇ، ئۇنىڭدا ھاياتلىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالماپتۇ. بىچارە توكۇر لوتا، ئۇ تۈگىشىپتۇ، يەنە تېخى ئۇنىڭ تۇخۇملىرىمۇ تۈگەشتى! ئېمىلنىڭ بىردىنبىر قىلالايدىغىنى ئۇنىڭغا ئوبدان يەردىن يەرلىك تېپىپ دەپنە قىلىش. ئۇ قەبرىگە

يازىدىغان سۆزىنىمۇ ئويلاپ قويدى: «بۇ بىچارە جانىۋاردىن چۆچۈپ ئۆلۈپ كەتكەن توكۇر لوتانىڭ قەبرىسى.»

ئېمىل بىچارە جانىۋارغا ئۆچ بولدى.

— مەن بۇ ئەبلەخنى چوقۇم قوتىنىغا سولاپ قويۇپ مەڭگۈ چىققىلى قويمايمەن، — دېدى ئۇ.

ئۇ توكۇر لوتانى ۋاقتىنچە ياغاچچىلىق ئۆيىگە قويۇپ تۇرسا بولىدۇ. ئۇ لوتانى ياغاچچىلىق ئۆيىدىكى ئۆزى ھەمىشە ئولتۇرىدىغان ھېلىقى كۆتەكنىڭ ئۈستىگە پەم بىلەن ئاستا قويدى، بۇ مېكىيان بۇ يەردە يەرلىكىدە يېتىشنى كۈتمەكتە ئىدى، بىچارە لوتا!

ئېمىل ياغاچچىلىق ئۆيىدىن چىققىپ، خوراز بىلەن بىچارە جانىۋارنىڭ يەنە گىلاسنىڭ يېنىغا بېرىۋالغانلىقىنى كۆردى. قارا بۇ ئىككى ئەبلەخنى! بىرمۇنچە مېكىيانىنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە يېپىشكە چۈشكىنىنى! ھېچبولمىغاندا ھېلىقى خوراز خىجىل بولۇشى كېرەكقۇ؟ بىردەمدىلا ھەممە خوتۇنلىرىنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قويۇپ، غېمىدە يوق يۇرگىنىنى !

ئەمما، ئاچ قالغان بۆرىدەك گىلاس يەيدىغان ئىش قايتا يۈز بەرمىدى. دەل شۇ چاغدا خوراز يەنە دەلدەڭشىشكە باشلىدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىچارە جانىۋارمۇ دەلدەڭشىگىلى تۇردى. ئېمىل ئۇلاردىن راستلا رەنجىگەنىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكى بىلەنمۇ كارى بولمىدى. تۇرۇپلا ئېمىل ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ھېلىقى ئۆلۈك توخۇلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى سەزدى. خوراز بوشقىنا بىر قىچقىرىپ قويۇپ پۇتلىرىنى سوزدى، بىچار جانىۋار بولسا كۆزلىرىنى يۇمۇپ يەردە ياتاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆزىنى ئېچىپ خىرتىلداپ قوياتتى.

ئوتلاقتا يەنە خېلى كۆپ گىلاس ئېشىپ قالغانىدى، ئېمىل بىرنى ئاغزىغا سېلىپ تېتىپ باقتى. ئۇنىڭ تەمى ئادەتتىكى گىلاسنىڭ تەمىگە ئوخشىمايۋاتاتتى، تەمى راستلا خېلى بولىدىكەن ! ئاپامنىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق ياخشى گىلاسلارنى كۆمۈۋەتكۇسى كەلگەندۇر؟

«ئاپا ! چاتاق !» ئۇ بىرىپ ئاپىسىغا توخۇلارنىڭ ئۆلگىنىنى دېمىسە بولمايتتى، لېكىن ئۇنىڭ زادى بارغۇسى يوق ئىدى. يەنە كېلىپ، ھازىرلا بېرىپ دېگۇسى يوق. ئۇ گىلاس يېگەچ ئويلاندى... ئارقىدىن يەنە بىرنەچچىنى يېدى... ياق، ھەرگىزمۇ ھازىرلا بېرىپ دېگۇسى يوق ئىدى !

ئاشخانا ئۆيدە ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئورما ئورۇپ كەلگەنلەرگە كەچلىك تاماق تەييارلاۋاتاتتى، ھازىر ئۇلار قايتىپ كەلگەنىدى، ئېمىلنىڭ دادىسى، ئارفىلد، لىنا ۋە كلۇشا مايالار بىر كۈن ئورما ئورۇپ، باغ باغلاپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. كۆپچىلىك شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇردى. ئېمىلنىڭ ئورنى بوش قالدى، بۇنى كۆرۈپ ئېمىلنىڭ ئاپىسى تۇيۇقسىز ئېمىلنى كۆرمىگىلى خېلى



ئۇزاق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— لىنا، چىقىپ قاراپ باققىن، ئېمىل بىچارە جانىۋارنىڭ يېنىدا ئويناۋاتامدۇ، يوق؟ — دېدى ئۇ.

لىنا چىقىپ كېتىپ بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كىردى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئەكەلگەن قورقۇنچلۇق خەۋەرنى كۆپچىلىك تەڭ ئاڭلىسۇن، دېگەندەك قىلىپ ھەم كۆپچىلىكنى ئۆزىگە قارىتىش مەقسىتىدە بوسۇغىدا يۆلىنىپ تۇرۇۋالدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىدەپ ئۇ يەردە تۇرىسەن؟ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

لىنا كۈلۈپ كەتتى.

— ئەگەر بىرەر ئىش بولغان بولسا، ھەي، قانداق دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم... ئىشقىلىپ، توخۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ! خوراز مەست بوپتۇ! بىچارە جانىۋارمۇ مەست بوپتۇ! ئېمىلغا كەلسەك ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئېمىلغا نېمە بوپتۇ؟ چاپسان ئېيت! — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئەنسىرەپ.

— ئېمىل، — دېدى لىنا چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ، — ئېمىلمۇ مەست بولۇپ قاپتۇ!

ئېيتمايلا قويۇڭ! كارتخۇلد قورۇقىنىڭ بۇ كېچىدىكى قالايمىقانچىلىقىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدۇ!

ئېمىلنىڭ دادىسى ۋارقىراپ ـ جارقىرىسا، ئېمىلنىڭ ئاپىسى توختىماي يىغلىدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىچىك ئىدا، لىنامۇ يىغلىدى، كىلۇشا مايا بولسا توختىماي ئۇھ تارتىپ، كەچلىك تاماقنىمۇ يېمەي كەتتىكە قايتىپ كەتتى، بۇ ئىشنى بىرگە ئىككىنى قوشۇپ ھەممە كىشىگە يېيىۋەتتى:

— ۋاي خۇدايىم! ۋاي خۇدايىم! كارتخۇلد قورۇقىدىكى سۈپىنسون ئائىلىسىدىكىلەرنى نەس باستى! ئېمىل دېگەن جېدەلخور خۇدىنى بىلمىگۇدەك ھاراق ئىچىپ، ھەممە توخۇلىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ۋاي تۇۋا، خۇدايىم كۆرسەتمىسۇن!



ئارفىلد بىردىنبىر ئەقلىنى يوقاتمىغان كىشى ئىدى. لىنا ئۇ شۇم خەۋەرنى كۆپچىلىككە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئارفىلد دەرھال باشقىلار بىلەن بىللە يۈگۈرۈپ چىقىپ، خوراز بىلەن بىچارە جانىۋارغا يېقىن بىر چىملىقتىن ئېمىلنى تاپتى. ھەي، لىنانىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن، ئېمىل راستىلا غەرق مەست، بىچارە جانىۋارغا يۆلەنگىنىچە كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىپتۇ، چىرايىدىن ناھايىتى قىينالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئوغلىنىڭ بۇ بىچارە تۇرقىنى كۆرۈپلا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى، ئۇنى كۆتۈرۈپ دەرھال ياتاق ئۆيگە ئەكىرمەكچى بولدى. لېكىن، بۇ جەھەتتە تەجرىبىلىك ئارفىلد بۇنىڭغا قوشۇلماي:

— ئەڭ ياخشىسى سىرتتا تۇرسۇن، سىرتنىڭ ھاۋاسى ساپ، — دېدى.

ئارفىلد ئېمىلنى قۇچىقىدا تۇتقىنىچە بىر كېچە ياتاق ئۆينىڭ ئالدىدىكى پەشتاقتا ئولتۇردى، ئېمىل ياندۇرماقچى بولغاندا ياردەم قىلدى، يىغلىغاندا تەسەللى بەردى. ھەي، ئېمىل بىردەم - بىردەم ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە يىغلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەست بولۇپ قالغىنىنى باشقىلاردىن ئاڭلىدى، لېكىن قانداق بولۇپ مەست بولۇپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. گىلاستا ھاراق ياسىغاندا گىلاسنى ئېچىتىدىغىنىنى، ئېچىتىلغان گىلاسنى يېسە مەست بولىدىغانلىقىنى ئېمىل قانداقمۇ بىلسۇن؟ شۇنداق بولغاچقا ئېمىلنىڭ ئاپىسى گىلاسلارنى كۆمۈۋەتكىن، دەپ جېكىلىگەن ئەمەسمۇ؟ لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلماي، ئەكسىچە ئۇنى يەۋالغان، خوراز بىلەن بىچارە جانىۋارمۇ يېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازىر ئارفىلدنىڭ قۇچىقىدا غەرق مەست ھالدا ياتاتتى. ئۇ خېلى ئۇزاق ياتتى. كەچ بولدى، كۈن ئولتۇردى، ئايمۇ چىقتى، ئارفىلد ئېمىلنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





— قاندىراق بولۇپ قالدىڭ، ئېمىل؟ — دەپ سورىدى ئارفىلد ئېمىلنىڭ كۆزىنى چىمچىقلاتقىنىنى كۆرۈپ.

— ھە، مەن تېخى ھايات ئىكەنمەنغۇ؟ — دېدى ھالسىراپ كەتكەن ئېمىل ئارانلا، ئاندىن يەنە بوش ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم، لۇكاس ساڭا قالىدۇ، ئارفىلد.

— سەن ئۆلمەيسەن، قالايمىقان سۆزلىمە، — دېدى ئارفىلد جەزملەشتۈرۈپ.

ئۇ توغرا دېگەنىدى، ئېمىلمۇ، بىچارە جانىۋارمۇ، خورازمۇ ئۆلمىدى، مېكىيانلارمۇ ئۆلمىدى. دېمىسىمۇ بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە بولدى. ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى:

ئېمىلنىڭ ئاپىسى ناھايىتى ئازابلانغىنىچە ئىدانى بىر سېۋەت ئوتۇن ئەكىرىشكە بۇيرۇدى. ئىدامۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلامسىرىغىنىچە ئوتۇنخانىغا قاراپ ماڭدى، چۈنكى بۇ تولىمۇ ئەنسىز بىر كېچە بولغانىدى. ئۇ ئوتۇنخانىدىن قايتىپ چىققاندا يەنىلا يىغلاۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز لوتانى كۆرۈپ

قالدى.

— بىچارە لوتا، — ئۇ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن لوتانى سىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۆجىزە يۈز بېرىپ لوتا تىرىلدى! لوتا كۆزلىرىنى ئېچىپ غەزەپ بىلەن بىر قىقىقلىۋېتىپ، كۆتەكتىن سەكرەپ چۈشكىنىچە ئاقساپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئىدا كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشقا ئىشەنگۈسى كەلمەي تۇرۇپلا قالدى. سىزنىڭچە، ئۇنىڭ قولىدا سېھىر بارمىدۇ؟ ئەجەب بىر سىلاپ قويسىلا لوتا تىرىلىپ قالدۇغۇ؟

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئېمىلدىن ئەنسىرەپ، يەردە ياتقان مېكىيانلار بىلەن كارى بولمىغانىدى. لېكىن، ئىدا كېلىپ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ سىلىغانىدى، ھەممىسى تىرىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار تېخى ئۆلمىگەنىدى، پەقەت بىچارە جانىۋار ئۇلارنى قوغلاپ قورقىتىۋەتكەچكە ھوشىدىن كەتكەن، بەزىدە توخۇلاردا بۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى نورمال ئىش ئىدى.

ئىدا پەخىرلەنگەن ھالدا ئاشخانا ئۆيگە كىرگىنىدە، ئاپىسى، دادىسى ئازابلىق كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە غەمكىن ئولتۇرۇشاتتى. ئىدا ئۇلارغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كىرگەنىدى.

— بولدى، غەم قىلماڭلار! مەن ھەممە توخۇلارنى ئۆلۈم گىردابىدىن قايتۇرۇپ كەلدىم، — دېدى ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلەنگىنىچە.



خوراز، بىچارە جانىۋار، ئېمىل ھەممىسى ئەتىسى ئاساسەن ئەسلىگە كەلدى، لېكىن خوراز ئۈچ كۈن چىللىمىدى، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




چىللىغۇسى يوق ئەمەس، بەلكى ئاۋازى پۈتۈپ قالغان، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن «قې - قې - قىق...» دەپ سوزۇپ چىللىيالمىغاچقا خىجىل بولغانىدى. مېكىيانلار ئۇنىڭغا ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قارىشاتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇ خىجىل بولۇپ دەرەخلىككە كىرىۋالاتتى.

بىچارە جانىۋار بۇنداق تۇيغۇدا بولمىدى. ئېمىل بولسا پۈتۈن بىر كۈن خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ يۈردى. لىناغا پۇرسەت كەلگەنىدى، ئۇ ئېمىلنىڭ چىشىغا تېگىپ:

— قارا سېنى، مەست بولۇپ بىر چوشقا بىلەن بىر يەردە ياتقىنىڭنى، قالتىس ئىكەنسەن! بىر جۈپ مەست چوشقىلار، بۇنىڭدىن كېيىن سېنى مۇشۇنداق چاقىرىمەن، — دېدى.

— بولدى قىلغىن ئەمدى، — دېدى ئارفىلد لىناغا ئالىيىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ زۇۋانى بېسىقتى.

لېكىن، ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى. ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن چىرايىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئۈچ كىشى كارتخۇلد قورۇقىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى، ئۇلار لۆننابىيە هاراق چەكلەش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ھە توغرا، سىز بەلكىم هاراق چەكلەش كومىتېتىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى بىلمەيسىز. مەن سىزگە دەپ بېرەي، بۇ ئىلگىرى لۆننابىيە بىلەن سىمالاندىتا چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك تەشكىلاتلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ئورغۇنلىغان ئائىلىلەرنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان هاراقنا بېرىلىپ كېتىش ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈگىتىشكە مەسئۇل ئىدى. هازىر هويلىغا كىرىپ كەلگەن كىشىلەر دەل شۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، بۇ تەشكىلات تا هازىرغىچە بار ئىدى.



دېمەك، كلۇشا مايا تارقاتقان ئېمىلنىڭ غەرق مەست بولۇپ قالغانلىق كوچا خەۋىرى هاراق چەكلەش كومىتېتىدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتكەندى. هازىر بولسا ئۇلار بۇ يەرگە ئېمىلنىڭ دادىسى ۋە ئاپىسى بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولۇپ كېلىشكەندى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ئېمىل هاراق چەكلەش كومىتېتى ئۆتكۈزىدىغان كەچلىك پائالىيەتكە قاتناشسا، پاك دۇنياغا قايتىپ كېلەلەيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئېمىلنىڭ ئاپىسىنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدى، ئۇ كەلگەنلەرگە ئېمىلنىڭ ئىچىدىغان گىلاسنى يەپ سالغانلىقىنى چۈشەندۈرسىمۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئىشەنمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، ئارىسىدىكى بىرسى:

— هە، لېكىن بىخ هالىتىدە ئالدىنى ئالغانغا يەتمەيدۇ، بالىڭىز بۈگۈن كەچتە بىرىپ پائالىيەتكە قاتنىشىپ تەربىيە ئالسا، زىيىنى يوق ئەمەسمۇ، — دېدى.

ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىنى قوللىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇش بولۇپ كەتمىدى، چۈنكى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆز پەرزەنتىنىڭ خاتالىقىنى بويىنىغا ئېلىش خۇش بولىدىغان ئىش ئەمەسقۇ. لېكىن، ئېمىلنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىغاندا، ئۇ يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بارمىسا بولمايتتى.

ــ ئۇنى مەن ئېلىپ باراي، ــ دېدى دادىسى مەيۈس هالدا.


ــ بولدى، بارمىسا بولمايدىغان ئىش بولسا مەن ئېلىپ باراي. ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم ئىگە، مەن هاراق ياسايمەن دەپ بولغان ئىش تۇرسا، مەسئۇلىيەتنى سىزگە ئىتتىرىپ قويسام بولمايدۇ ـ دە. ئەمەلىيەتتە، هاراق چەكلەش تەربىيەسىنى مەنىلا ئالسام بولاتتى، لېكىن سىلەر زۆرۈر دەپ قارىساڭلار، ئېمىلنى ئېلىپ بارىمەن، ــ دېدى ئاپىسى. ئۇ نېمىدېگەن جۈرئەتلىك ئانا ـ هە!

كەچ بولغاندا ئېمىل يەكشەنبىلىك كىيىمىنى، كەپكىسىنى كىيدى. ئۇ تەربىيە ئېلىشقا بېرىشنى خالايتتى. ئادەم كۆپ يەرگە بېرىپ ئايلىنىپ كەلسە چوقۇم كۆڭۈللۈك بولىدۇ.



بىچارە جانىۋارمۇ شۇنداق ئويلايتتى. ئېمىل ئاپىسى بىلەن يولغا چىققاندا، ئۇ غىڭشىپ كەينىدىن ئەگەشتى، ئۇنىڭمۇ بارغۇسى بار ئىدى. ئېمىل «يات!» دەپ بۇيرۇق بەرگەندە، گەپ ئاڭلاپ يەردە مىدىرلىماي يېتىپ قالغىنى بىلەن، كۆزى ئېمىلدا ئىدى.

بۇ كۈنى كەچتە هاراق چەكلەش كومىتېتىنىڭ زالىدا بوش ئورۇن قالمىدى، دېسەم پو ئاتقانلىق بولمايدۇ! پۈتۈن لۆننابېيەلىكلەر ئېمىلغا بېرىلىدىغان تەربىيەنى ئاڭلاشقا كەلگەنىدى. هاراق چەكلەش كومىتېتىنىڭ خور ئۆمىكى رەئىس مۇنبىرىنىڭ بىر يېنىدا تۇراتتى، ئېمىل ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ئۇلار يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئوقۇدى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سەن، ھەي يىگىت، سەن كۆتۈرگەن رومكىدا
كىشىنى ئۆلۈمگە ئۈزىتىدىغان زەھەر باردۇر ...

— نەنىڭ رومكىسى ئىكەن ئۇ؟ — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئاچچىقلىنىپ، ئەمما ئۇنىڭ گېپىنى ئېمىلدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

ناخشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر كىشى سەھنىگە چىقتى، ئۇ ئېمىل بىلەن خېلى ئۇزاق ھەم جىددىي سۆزلەشتى. ئاخىرىدا ئېمىلدىن:

— ئۆمۈرۋايەت ھاراق ئىچمەسلىككە كاپالەتلىك قىلالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— كاپالەتلىك قىلىمەن، — دېدى ئېمىل.

دەل شۇ چاغدا كىشىلەر ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان چوشقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئوغرىلىقچە ئېمىلغا ئەگىشىپ بۇ يەرنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. ئۇ ئېمىلنىڭ ئالدى تەرەپتىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن زالنىڭ ئىچىدە غەلىيان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەزەلدىن چوشقىنىڭ ھاراق چەكلەش زالىغا كەلگىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. كومىتېتنىڭ ئەزالىرىمۇ بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتى ھەم چوشقا بۇنداق سورۇندا پەيدا بولسا مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارايتتى. لېكىن ئېمىل:

— ئۇمۇ قەسەم قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ گىلاسنى مەندىنمۇ كۆپ يىگەن، — دېدى.

بىچارە جانىۋار ھاياجانلىنىپ كەتتى، شۇڭا ئېمىل ئۇنىڭغا «تۇر !» دەپ بۇيرۇق بەرگەندە، ئۇ خۇددى ئىنتتەك كەينى پۇتى



بىلەن ئۆرە تۇردى، بۇنى كۆرۈپ لۇننابېيەلىكلەر ھەيران قالدى. ئۇنىڭ يەردە ياتقان قىياپىتى شۇنداق رايىش ھەم ئوماق كۆرۈنەتتى. ئېمىل يانچۇقىدىن بىر نەچچە تال گىلاس قېقىنى ئېلىپ بېرىۋىدى، ئۇ دەرھال ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ رەھمەت ئېيتتى، لۇننابېيەلىكلەر كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى بىچارە جانىۋارغا يۆتكەلگەچكە، ئۇلار ھاراق تاشلاشقا قەسەم قىلىدىغان ئىشنى چورتلا ئۇنتۇپ قالغانىدى. بۇ ئىش يەنىلا ئېمىلنىڭ يادىغا كەلدى.

— قانداق قىلىمىز، مەن تېخى قەسەم بېرەتتىمغۇ؟ — دېدى ئېمىل.

ئالفرېد ئۇ قەسەمنى باشلىدى:

— بۈگۈندىن كېيىن ھاراققا ھەرگىزمۇ يېقىن يولىمايمەن ھەم تەڭتۇشلىرىم ئىچىدە ئىلاجى بار ھاراق چەكلەش تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرىمەن.

بۇ چىرايلىق گەپلەرنىڭ مەنىسى «ئېمىل ئۆمۈرۋايەت ھاراققا يېقىن بارمايدۇ، يەنە باشقىلارنىڭ ھاراق ئىچىشىنى توسۇيدۇ»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دېگەنلىك ئىدى.

— سەن! سەنمۇ هاراقنى تاشلايسەن، — دېدى ئېمىل قەسەم بېرىپ بولغاندىن كېيىن بىچارە جانىۋارغا.

كېيىن لۆننابېيەلىكلەرنىڭ ھەممىسى:

— ئېمىلدىن باشقا ھېچكىم چوشقا بىلەن بىللە ھاراق تاشلاش قەسىمىنى بېرىپ باقمىغان، — دېيىشتى.

— ئەمما، كارتخۇلد قورۇقىدىكى ئۇ شۇمتەك ھەقىقەتەن يامان ئىكەن، — دېدى ئۇلار.

ئېمىل ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بىچارە جانىۋار بىلەن ئالدى ـ كەينى بولۇپ ئاشخانىغا كىرگەندە، دادىسى ئۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرغانىدى. جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ئېمىل دادىسىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دادىسىنىڭ يىغلىشىنى ياخشى كۆرمەيتتى، لېكىن دادىسى هازىر قۇلاققا تولىمۇ خۇشياقىدىغان چىرايلىق گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى.

— ئاڭلاپ تۇرغىن، ئېمىل، — دېدى ئۇ ئېمىلنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ قەتئىيلىك بىلەن، — ئەگەر سەن ئۆمۈرۋايەت هاراق ئىچمەسلىككە كاپالەتلىك قىلالىساڭ، ھېلىقى ئۆلگۈر چوشقا سېنىڭ بولسۇن... ماڭا ئۇنىڭ گۆشىمۇ لازىم ئەمەس، ئۇ سەكرەپ ئويناقشىپ يۈرسە، تېخى هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ساراڭلىق قىلسا، ئۇنىڭ گۆشىنىڭ تەمىمۇ چوقۇم ياخشى چىقمايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئېمىل خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى. ئۇ ئۆمۈرۋايەت هاراق ئىچمەسلىككە يەنە بىر قېتىم ۋەدە بەردى. ئۇ ۋەدىسىدە راستلا تۇردى، كېيىن تېخى بىردىنبىر هاراق ئىچمەيدىغان ئاھالىلەر كومىتېت رەئىسى بولدى، بۇنداق ئىشنى كىشىلەر لۆننابېيەدە، ھەتتا پۈتۈن سمالاندىمۇ ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە

ئېچىتىلغان گىلاسنى بىلمەي يەپ قويۇپ، مەست بولۇپ قېلىشمۇ يامان ئىش بولماپتىكەن.

كەچتە ئېمىل كارىۋىتىدا يېتىپ، ئىدا بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتى.

— هازىر مېنىڭ بىر ئېتىم، بىر ئىنىكىم، بىر چوشقام، يەنە تېخى بىر مېكىيىنىم بار بولدى، — دېدى ئۇ پەخىرلەنگەندەك.

— ئۇ مېكىيانىنى مەن ئۆلۈك توخۇلار ئارىسىدىن ئېسىگە كەلتۈرگەنىدىم، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى ئىدا. ئېمىل ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

ئۇچىنچى كۈنى ئارفىلد بىلەن لىنانىڭ ئاشخانىدا قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلىشىۋاتقىنى قۇلىقىغا كىرگەن ئېمىل بەك سەھەر ئويغاندى، ئۇ كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، بىچارە جانىۋارنىڭ ئۇنىڭ بولغانلىق خەۋىرىنى ئارفىلدغا ئېيتماقچى بولدى.

— كاتتا چارۋىدار ئېمىل سۋېنسون، — دېدى ئارفىلد كۈلۈپ تۇرۇپ، لېكىن لىنا بويىنىنى شىلتىڭ ئېتىپ، بايا ئىنەك ساغقاندا ئۆزى قارىغۇلارچە توقۇۋالغان مۇنۇ قوشاقنى ئېيتىشقا چۈشتى:

لېكىن، ئاپىسى ئۇنى هاراق چەكلەش زالىغا ئېلىپ باردى،
ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇ مەست چوشقىغا ئايلاندى،
ئۇ شۇ چاغدا قەسەم قىلدى مەڭگۈ هاراق ئىچمەيمەن دەپ،
ئەمدىلىكتە ئۇ بىر چوشقىغا ئىرىشتى، دەل ئىلگىرىكى ئۆزى.

بۇنىڭدىنمۇ بىمەنە قوشاقنى ئاڭلاپ باقمىغان بولغىيدىڭىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



«ئەمدىلىكتە ئۇ بىر چوشقىغا ئېرىشتى، دەل ئىلگىرىكى ئۆزى»، نېمىدېگەن ئېتىقسىز، لېكىن بۇ قوشاقنى لىنا توقۇغان، ئۇ ئانچە ئەقىللىك ئەمەس، ئەلۋەتتە ئۆزىگە لايىق بولىدۇ ـ دە.

ۋاقىت توشتى، ئارفىلد بىلەن لىنا، ئېمىلنىڭ دادىسى، كلۇشا مايا قارا بۇغداي ئورۇغلى ئېتىزغا قاراپ ماڭدى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى باللار بىلەن ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن خۇشال ئىدى، چۈنكى پېتىر خانىم بۇگۈن گىلاس هارىقىنى ئەكەتكىلى كېلەتتى، ئاپىسى بۇنداق چاغدا دادىسىنىڭ ئۆيدە بولۇشىنى خالىمايتتى.

«هاراقنى ئۆيدىن تېزرەك كەتسە مەنمۇ خاتىرجەم بولاتتىم» دەپ ئويلىدى ئۇ ئاشخانىدا ئۇنى ـ بۇنى قىلغاچ. پېتىر خانىم هەر ۋاقىت كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئەسلىدە يول تەرەپتىن كەلگەن هارۋا ئاۋازىنى ئاڭلىسا توغرا بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا باشقا بىر ئاۋاز ــ يىراقتىكى بەرەڭگى ئورىسىدىن كەلگەن بوتولكىنىڭ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئېمىلنى كۆردى. ئۇنىڭ قولىدا ئوت چۇخچىلىغۇچ، ئالدىدا بىر قاتار بوتۇلكىلار تىزىقلىق تۇراتتى، ئۇ بوتۇلكىلارنى قولىدىكى ئوت چۇخچىلىغۇچ بىلەن بىر ـ بىرلەپ چېقىۋاتاتتى، ئەينەك پارچىلىرى ئارىلاشقان گىلاس هارىقى تەرەپ ـ تەرەپكە چاچراۋاتاتتى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى دېرىزىنى ئېچىپ ۋارقىرىدى:

ــ ۋاي تووۋا ! سەن نېمە قىلىۋاتىسەن، ئېمىل؟

ئېمىل بىرهازادىن كېيىن ئاپىسىغا جاۋاب بەردى:

ــ مەن هاراق تاشلاشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتىمەن، ئىشنى ئالدى بىلەن پېتىر خانىمدىن باشلاي دېدىم !

# ئادەتتىكى كۈنلەردە ئېمىلنىڭ كەپسىزلىكلىرىمۇ ئادەتتىكىچە بولدى، ئارىدا ياخشىلىقلىرىمۇ بار

نەس باسقان گىلاس ۋەقەسى چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ، لۆننابېيەلىكلەر خېلى ۋاقىتقىچە بۇ ئىشنى ئۇنتۇمىدى. ئېمىلنىڭ ئاپىسىنىڭ بولسا تېزرەك ئۇنتۇپ كەتكۈسى بار ئىدى. ئېمىلنىڭ ئاشۇ كۆڭۈلسىز 10 - ئاۋغۇستتىكى قىلمىشى توغرۇلۇق ئۇ كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتىرىگە ھېچنېمە يازمىغانىدى. لېكىن، 11 - ئاۋغۇست كۈنى ئاز - تولا بىرنېمە يېزىپتۇ، ئەگەر سىز بۇنى ئوقۇسىڭىز چوقۇم قورقۇپ كېتىسىز، لېكىن بۇنىڭغا نېمە ئامال.

*پەرۋەردىگار مېنى ئوغلۇم ئۈچۈن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ بۈگۈن ھاراق ئىچمىدى.*

خاتىرە دەپتىرىگە مۇشۇلا يېزىلغان، بۇنىڭدىن ئارتۇق بىرمۇ سۆز يوق ئىدى. سىز ئوقۇپ بولۇپ نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟ چوقۇم ئېمىلنىڭ ھاراق ئىچمەيدىغان كۈنى ئاز بولسا كېرەك، دەپ چۈشەنگەنسىز؟ مېنىڭچە، ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى ئېنىق دېيىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئالدىدا دېگىنىمدەك، بۇنداق قىلىشنى ئۇ خالىمايتتى.

www.uyghurkitap.com



15 ـ ئاۋغۇست كۈنى ئۇ يەنە ئازراق يازدى:

ئېمىل بىلەن ئارفىلد كېچىدە چوڭ راك لىچىنكىسىدىن جەمئىي بىر مىڭ ئىككى يۈزنى تۇتۇپتۇ، لېكىن كېيىن ئۇ يەنە چاتاق تېرىدى، ھەي، مېنىڭ يۈرەك پارەم...

بىر مىڭ ئىككى يۈز، سىز بۇنچە كۆپ چوڭ راك لىچىنكىسىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە! ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز ساناپ بېقىڭ! سىزگە دېسەم، بۇ كېچە ئېمىل ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بىر كېچە بولدى. ئەگەر سىز ئاۋغۇستنىڭ قاراڭغۇ كېچىلىرىدە سمالاندنىڭ كىچىك كۆلىگە چوڭ راك تۇتقىلى بېرىپ باققان بولسىڭىز، نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايتتىڭىز، ئۇستىبېشىڭىز ھۆل بولۇپ كېتەتتى، ھەممە نەرسە سىزگە قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى، كۆل ئەتراپىدىكى ئورمان قاپقاراڭغۇ، جىمى جاھان جىمجىت ئىدى، پەقەت سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئاققان ئاۋازىنىلا ئاڭلىغىلى بولاتتى، كىشىلەر بولسا قىرغاقتا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. ئەگەر سىزنىڭمۇ قولىڭىزدا ئېمىل بىلەن ئارفىلدقا ئوخشاش مەشئەل بولغان بولسا، كۆل ئاستىدا ھەم چوڭ، ھەم قارا راكلارنىڭ تاشلار ئارىسىدا ئۆمىلەپ يۈرگىنىنى كۆرەلىگەن بولاتتىڭىز. قولىڭىزنى سۇغا تىقىپلا ئۇلارنى دۈمبىسىدىن تۇتۇپ خالتىغا سالسىڭىزلا ئىش پۈتەتتى.

ئېمىل بىلەن ئارفىلد تاڭ سەھەر ئۆيگە قايتقاندا تۇتقان چوڭ راكنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆتۈرەلمەيلا قالدى. لېكىن، ئېمىل بەك خۇشال ئىدى، يول بويى ئىسقىرتىپ، ناخشا ئېيتىپ ماڭدى.


«دادامنى تۇيۇقسىز خۇش قىلىۋېتىدىغان بولدۇم» دەپ

ئويلىدى ئۇ. گەرچە دائىم مەغلۇپ بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇ تاپتا دادىسىنىڭ ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا، شۇنچە كۆپ چوڭ راكىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىنى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇڭا ئۇ چوڭ راكلارنى چوڭ مىس قازانغا تۆكۈپ، قازاننى ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ دادىسى ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى.

«ئۇ ئويغىنىپ شۇنچە كۆپ راكنى كۆرسە، قانچە ھەيران، قانچە خۇش بولۇپ كېتەر ـ ھە!» دەپ ئويلىدى ئۇ، ئاندىن ھاياجانلانغان ھالدا ھارغىن تېنىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ياتاق ئۆي جىمجىت ئىدى، پەقەت دادىسىنىڭ يېنىك خورەك ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە چوڭ راكلارنىڭ ئۆز ـ ئارا چىشلىشىۋاتقان بوش ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئېمىلنىڭ دادىسى ھەر كۈنى ئورنىدىن سەھەر تۇراتتى، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ياتاق ئۆيدىكى قوڭغۇراقلىق سائەت



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بەشكە جىرىڭلىغاندا قوپۇپ، پۇتىنى كارىۋاتتىن ساڭگىلىتىپ بىردەم ئولتۇرۇپ ئۇيقۇسىنى ئاچاتتى، كېيىن تازا بىر كېرىلىپ، ئەسنەپ، باشلىرىنى قاشلىغاچ، پۇت-بارماقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ سول پۇتىنىڭ باش بارمىقىنى ئېمىل قويغان تاختىمۇشۇك قىسىۋالغاچقا، ئادەتتە ئۇيۇشۇپ قالاتتى، شۇڭا ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ بارمىقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇ بارمىقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋېتىپ تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى، ئۇنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئېمىلنىڭ ئاپىسى بىلەن ئىدانى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى. ئۇلار بىرەرى ئېمىلنىڭ دادىسىغا قەست قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئېمىل دادىسىنى خۇش قىلىۋېتىش ئۈچۈن قويۇپ قويغان بىر چوڭ راك ئۇنىڭ تاختىمۇشۇك قىسىۋالغان بارمىقىغا يامىشىپ چىقىۋالغانىدى. ئەگەر بىر چوڭ راك سىزنىڭمۇ بارماقلىرىڭىزنى قىسىۋالغان بولسا، ئۇ ئاغرىقنىڭ تاختىمۇشۇك قىسقان چاغدىكى ئاغرىقتىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايتتىڭىز. شۇنداق بولغانىكەن، ئېمىلنىڭ دادىسى ئەلۋەتتە ۋارقىراپ كېتىدۇ-دە. چوڭ راك ئىنتايىن جاھىل، ئۇ جېنىنىڭ بارىچە چىرمىشىپ،



بارغانسېرى چىڭ قىسىدۇ، شۇڭا ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىرىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنىمۇ سەمىگىزگە سېلىپ قوياي، ئېمىلنىڭ ئاپىسى بىلەن ئىدامۇ قورققىنىدىن چىرقىرىۋەتتى، چۈنكى ئۇلار نەچچە يۈز چوڭ راكىنىڭ پول ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۈرگىنىنى كۆردى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ھەي، ئۇلار قانداقمۇ ھەيران بولماي تۇرالىسۇن؟

— ئېمىل! — دەپ ۋارقىرىدى دادىسى بارلىق كۈچىنى يىغىپ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاچچىقلاندى، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتىنى قىسىۋالغان چوڭ راكنى ئاجرىتىۋېتىش ئۈچۈن ئامبۇر كېرەك بولغاچقا، ئېمىلنى ئامبۇر ئەكېلىشكە بۇيرۇماقچىدى. لېكىن، ئېمىل قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى، شۇ تاپتا ھەرقانداق نەرسە ئۇنى ئويغىتالمايتتى. ئېمىلنىڭ دادىسى ئامالسىز بىر پۇتى بىلەن سەكرەپ مېڭىپ ئاشخانىدىكى سايمان ساندۇقىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئامبۇرنى ئالدى، ئىدا دادىسىنىڭ پۇت بارمىقىنى چوڭ راك قىسىۋالغان ھالەتتە پولدا بىر پۇتى بىلەن سەكرەپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى، ئۇ ئېمىل دادىسىنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرەلمەي قالىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى.

— تېز ئورنۇڭدىن تۇر، ئېمىل، چاقىقان بۇ يەرگە كەل، نېمىدېگەن قىزىقارلىق! — دېدى ئۇ بالىلارچە گۆدەكلىك بىلەن، ئارقىدىنلا دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىغىنىنى كۆرۈپ دەرھاللا ئۈنىنى ئۆچۈردى. ئېنىقكى، بۇنىڭ نېمىسى قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى دادىسى چۈشەنمىگەندى.

شۇ تاپتا ئېمىلنىڭ ئاپىسى پولدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىۋاتقان چوڭ راكلارنى تۇتۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى، ئۇ بۇنىڭغا ساق ئىككى سائەت سەرپ قىلدى، ئېمىل ئۇيقۇسىدىن ئويغانغىنىدا، ئاشخانا تەرەپتىن كېلىۋاتقان پىشۇرۇلغان چوڭ

راكىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىقىغا ئۇرۇلدى ـ دە، خۇشاللىقىدىن دەرھال كارىۋىتىدىن چۈشۈپ ئاشخانىغا يۈگۈردى.

كارتخۇلد قورۇقىنىڭ ئۈچ ۋاخلىق تامىقىدا ئۈچ كۈنگىچە چوڭ راك ئۈزۈلمىدى، كۆپچىلىك بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئېمىل تاشلىۋېتىلگەن چوڭ راكىنىڭ قۇيرۇقىنى يېغىپ باستېر قەسرىدە تۇرىدىغان دىنىي رايون باشلىقىنىڭ خانىمىغا بىر لىتىرىنى يىگىرمە بەش ئېرىدىن سېتىپ بەردى، يەنە تېخى پۇلنىڭ يېرىمىنى ھەممىشە پۇلدىن قىسىلىپ يۈرىدىغان ئارفىلدقا ناھايىتى ئادىللىق بىلەن بۆلۈپ بەردى، ئارفىلد يەنە بىر قېتىم ئېمىلنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتتى.

ـــ سېنىڭ تىجارەتكە تولىمۇ ئېپىڭ بار ئىكەن، ئېمىل، ـــ دېدى ئارفىلد.

بۇ راست. ئېمىلنىڭ پۇل يىغىش ساندۇقىدا ئاللىبۇرۇنلا ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تاپقان ئەللىك كىرونا يىغىلىپ بولغانىدى، ئۇ ھازىر چوڭ بىر تىجارەتكە تۇتۇش قىلىۋاتاتتى، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ھەممە ياغاچ بوۋايلىرىنى پېتىر خانىمغا سېتىپ بېرىش ئىدى. چۈنكى پېتىر خانىم بۇ ياغاچ بوۋايلارنى تولىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، لېكىن بۇ سودا تېخى پۈتمىدى، شۇڭا ياغاچ بوۋايلار ھازىرچە يەنىلا جايىدا تۇراتتى. پېتىر خانىمنىڭ يەنە ئېمىلنىڭ ياغاچ مىلتىقىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزى تونۇيدىغان، ئادەمنى تولىمۇ بىزار قىلىدىغان بىر كىچىك بالىغا سوۋغا قىلغۇسى بار ئىدى، لېكىن ئاقىۋەتتە بۇ سودىمۇ پۈتمىدى. چۈنكى، ئېمىل ئۆزىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى، ياغاچ مىلتىقىنىڭ ئەمدى ئۇنىڭغا ماس كەلمەيدىغىنىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى سېتىۋېتىشكە زادىلا چىدىمىدى. ئۇ

مىلتىقنى ياغاچچىلىق ئۆيىنىڭ تېمىغا مىخلاپ قويدى، تېخى ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل قەلەم بىلەن: «ئارفىلدتىن يادىكار» دەپ يېزىپ قويدى.

بۇنى كۆرگەن ئارفىلد كۈلۈپ كەتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئېمىلنىڭ بۇ قىلغىنىنى ياقتۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

شەپكىنى ئېمىل ئىزچىل هالدا ئىشلىتىپ كەلدى، ئۇ شەپكىدىن ئايرىلالمايتتى، تۇنجى قېتىم مەكتەپكە بارغىنىدا شەپكىسىنى كىيىپ بارغانىدى. هە راست، چوڭ بولۇپ قالغان ئېمىل مەكتەپ يېشىغا يەتكەنىدى. بۇنىڭدىن پۈتۈن لۆننابېيەلىكلەر جىددىيلىشىشكە باشلىدى.

لىنا ئېمىلنىڭ مەكتەپكە بېرىشىنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى.

— ئۇ چوقۇم سىنىپنىڭ پارتىلىرىنى ئويۇپ، ئوقۇتقۇچىسىغا ئوت قويۇۋېتىدۇ، — دېدى.

لېكىن، ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا دەرهاللا زەردە بىلەن رەددىيە بەردى:

— ئېمىل ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك بالا، گەرچە ئۇ يېقىندا دىنني رايون باشلىقىنىڭ خانىمىغا ئېهتىياتسىزلىقتىن ئوت قويۇپ بەرگىنى بىلەن، بۇ ئىش ئۇچۇن ياغاچچىلىق ئۆيىگە سولىنىپ تېگىشلىك جازاسىنى تارتتىغۇ؟ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى تەرگەۋەرمىگىنە.

ئۇ 17 - ئاۋغۇست كۈنى يۈز بەرگەن ئىش بولۇپ، ئېمىل دىنني رايون باشلىقى خانىمىنىڭ چىچىغا ئوت قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ياغاچچىلىق ئۆيىگە سولانغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ خانىم كارتخۇلد قورۇقىغا ئېمىلنىڭ ئاپىسىدىن بىر كەشتە نۇسخىسىنى ئالغىلى كەلگەنىدى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قەلەمپۇر چەللىسىنىڭ ئاستىغا باشلاپ، قەھۋە ئىچكەچ كەشتە نۇسخىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋاتاتتى. دىنىي رايون باشلىقىنىڭ خانىمىنىڭ كۆزى تازا ياخشى كۆرمىگەچكە، سومكىسىدىن بىر لوپا ئەينەكنى چىقىرىپ شۇنىڭ بىلەن ئىنىقراق كۆرمەكچى بولدى. ئېمىل ئەزەلدىن ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، بۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقتى.

— ئالغىن، بۇنى سەن ئويناپ تۇرساڭ بولىدۇ، — دېدى دىنىي رايون باشلىقىنىڭ خانىمى مەردلىك بىلەن. ئۇ ئېمىلنىڭ قولىغا چىققانلا نەرسە بىلەن كەپسىزلىك قىلالايدىغىنىنى نەدىن بىلسۇن، لوپا ئەينەك كەپسىزلىك قىلىشقا تازا مۇۋاپىق نەرسە — دە. ئېمىل ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى فوكۇسلاش ئەينىكى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغىنىنى بىلىۋالدى. كۈن نۇرى ئەينەككە چۈشكەندە، نۇر مەلۇم بىر نۇقتىغا (فوكۇس نۇقتىسىغا) يىغىلىدىكەن. ئېمىل ھەقىقىي فوكۇسلىغىلى بولىدىغان نۇقتىنى تېپىش ئۈچۈن ئەتراپقا قارىدى. خانىم ئۇ يەردە ئۆز سالاپىتى بىلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ ئېمىلنىڭ ئاپىسى بىلەن توختىماي پاراڭلىشىۋاتاتتى، قىممەت باھالىق شىلەپىسىدىكى يۆگىشىپ تۇرغان تۆگىقۇش پېيى قارىماققا ناھايىتى مۇۋاپىق نۇقتا بولىدىغاندەك ئىدى. ئېمىل پەقەت سىناپ باقايلا دەپ ئويلىغان، سىناقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن؟ ئۇ بىلىش ئۈچۈن چوقۇم تەجرىبە قىلىپ بېقىش كېرەك، دەپ قارايتتى، بولمىسا ئىنسانلار دۇنيادىكى نەرسىلەرنى قانداق چۈشىنىدۇ؟

ئاقىۋەت بۇ تەجرىبىمۇ كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتىرىگە خاتىرىلەندى.

*بۇ چاغدا خانىمنىڭ شىلەپىسىدىكى پەيدىن تۇيۇقسىز كۆيۈك پۇرىقى كەلدى، لېكىن كۆيمىدى، قارىداپ كەتتى. مەن تېخى ئېمىل هاراق چەكلەش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغاندىن كېيىن ئوڭشىلامدىكىن، دەپتىكەنمەن. ھەي، بۇ مېنىڭ خام خىيالىم ئىكەن ئەمەسمۇ؟ هاراق چەكلەش كومىتېتىنىڭ بۇ ئەزاسى ياغاچچىلىق ئۆيىگە قامىلىپ، شۇ كۈنىنىڭ قالغان ۋاقتىنى ئىلاجسىز ياغاچ بوۋايلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزدى. ئىش مانا مۇشۇنداق بولدى.*

25 - ئاۋغۇست كۈنى ئېمىل مەكتەپكە باردى. ئەگەر لۆننابىيەلىكلەر ئېمىلنى «تارتىنىدۇ» دەپ ئويلىغان بولسا، ئۇلار خاتالاشقان بولاتتى. ئوقۇتقۇچى بەلكىم دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان بۇ بالىنىڭ كەلگۈسىدە ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولىدىغانلىقىنى تونجى بولۇپ ھېس قىلغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئېمىل سىنىپنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇدى. مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۇ خەت



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوقۇشنى، يەنە ئازراق يېزىشنىمۇ بىلەتتى، ھېسابنى ھەممە باللاردىن تېز ئىشلەيتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ يەنە كەپسىزلىك قىلىشنى ئۈنتۈپ قالمايتتى، لېكىن كەپسىزلىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتمىگەن بولغاچقا، ئوقۇتقۇچى بەرداشلىق بېرەتتى... ھە راست، ئۇ تېخى بىر قېتىم ئوقۇتقۇچىنى سۆيۈپ قويدى، لۆننابىيەلىكلەر بۇ توغرۇلۇق خېلىغىچە سۆز - چۆچەك قىلىشىپ يۈردى.

ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغانىدى. ئېمىل دوسكىغا چىقىپ ناھايىتى قىيىن بىر ھېسابنى تېز ھەم توغرا ئىشلىدى، ئۇ ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا:

— ناھايىتى ياخشى، ئېمىل، ئەمدى ئورنۇڭغا قايتساڭ بولىدۇ، — دېدى.

ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى، لېكىن ئۇ دوسكىدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، سەل ئېگىشكىنىچە مۇنبەردە ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىنىڭ لېۋىگە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈپ قويدى.

ئەزەلدىن بۇنداق ئىشقا يولۇقۇپ باقمىغان ئايال ئوقۇتقۇچى



قىزىرىپ كەتكىنىچە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— سەن... نېمە... نېمە دەپ بۇنداق قىلىسەن، ئېمىل؟ — دەپ سورىدى.

— ياخشى نىيەت بىلەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئېمىل قىلچە تەمتىرىمەستىن. بۇ گەپ كېيىن لۈننابىيەدە ئايىغى چىقماس بىر گەپكە ئايلىنىپ قالدى.

«كارتخۇلدلىق ئوغۇل بالىنىڭ ئۆز ئايال ئوقۇتقۇچىسىنى سۆيۈپ قويۇشى ياخشى نىيەت بىلەن.» ئۇلار بۇ گەپنى دائىم تىلغا ئالاتتى. بىلىشىمچە، تا ھازىرغىچە ئۇلار مۇشۇنداق دەپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

دەرس ئارىلىقىدىكى ئارام ۋاقتىدا، چوڭراق بىر ئوغۇل بالا ئېمىلنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى شۇ ئىش توغرۇلۇق زاڭلىق قىلماقچى بولدى.

— ئوقۇتقۇچىنى سۆيۈۋالغان سەن ئىكەنسەن ـ دە؟ — دەپ غەلىتە ھىجايدى ئۇ.

— توغرا، يەنە بىر سۆيۈپ باقسۇن دەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئېمىل.

ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. شۇ بىر قېتىملا، شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىش يۈز بەرمىدى. ئوقۇتقۇچىمۇ بۇ ئىش تۈپەيلى ئېمىلدىن قىلچە رەنجىمىدى.

ئېمىلنىڭ قىلغان ئىشلىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان ئىشلار ئىدى. مەكتەپتە ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇ ھەمىشە نامراتلار ساناتورىيەسىگە بېرىپ، ستولدىن يوك ۋە باشقا ئىگە ـ چاقىسىز قېرىلارغا «سمودلاند گېزىتى» نى ئوقۇپ بېرەتتى، شۇڭا «ئېمىل پەقەت ياخشى ئىش قىلىپ باقمىدى» دېگەن گەپلەرگە ھەرگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ئىشەنمەڭ!

ئېمىل كەلگەن كۈنلەرنى ساناتورىيەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ كۆڭۈللۈك كۈن دەپ قارايدۇ. ستوللېر يوك بەلكىم تازا ئاڭلاپ چۈشىنەلمەيدۇ، چۈنكى ئېمىل ئېكسىيو شەھەر مېھمانخانىسى ھەپتە ئاخىرىدا چوڭ ئىپتىكى تانسا كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرىدىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئوقۇپ بەرگەندە، ئۇ خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ:

— ئامىن، ئامىن! ياخشى بوپتۇ، ئۆتكۈزۈلسۇن! — دەپ كەتتى.

ئەڭ مۇھىمى، ستوللېر يوك بىلەن باشقىلار ئېمىلنىڭ گېزىت ئوقۇپ بەرگىنىنى ئاڭلاشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، پەقەت ئايال باشلىقلا ياخشى كۆرمەيتتى. ئېمىل كەلگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ بالىخانىسىدىن چۈشمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئېمىل كولىغان ھېلىقى بۆرە تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغان ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ قورساق كۆپۈكى بوشىمىغانىدى.

سىز بەلكىم ئېمىل ئەمدى مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن كەپسىزلىك قىلىشقا چولىسى تەگمەي قالارمۇ، دەپ ئەنسىرەپ قېلىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇنداق ئەنسىرىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق! قاراڭ، ئېمىلنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا مەكتەپلەر بىر كۈن دەرس ئۆتسە، بىر كۈن قويۇپ بېرەتتى، ئۇ ئېمىدىگەن تەلەيلىك ـ ھە!

— شاكىچىك، ھازىر نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ستولىلىر يوك بىر كۈنى ئېمىل گېزىت ئوقۇۋاتقان بەرگىللى ساناتورىيەگە بارغاندا.

ئېمىل بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن راستىنى ئېيتتى:

— بىر كۈن مەكتەپكە بارسام، يەنە بىر كۈن كەپسىزلىك قىلىمەن.

# 14 ـ نويابىر، يەكشەنبە

## كارتخۇلت قورۇقىدا ئائىلە دىنىي ئەقىدىسىدىن ئىمتىھان ئېلىنىۋاتقاندا، ئېمىل دادىسىنى ھاجەتخانىغا سولاپ قويىدۇ

كۆز كېلىپ قالدى، ھاۋامۇ بارغانسېرى كۆزنىڭ ھاۋاسىغا ئوخشىغىلى تۇردى. كارتخۇلتنىڭ، پۈتۈن لۆننابېيەنىڭ، پۈتۈن سمالاندنىڭ كۈندۈزى كۈندىن ـ كۈنگە قىسقىرىدى.

— ئەجەب زېرىكتىم، — دېدى لىنا، مەيلى كۈن ھەرقانچە بالدۇر ئولتۇرۇپ، قانچىلىك قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ سائەت بەشتە چوقۇم قوتانغا بېرىپ ئىنەكلەرنى ساغمىسا بولمايتتى. گەرچە بىر پەنەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بېرىدىغان يورۇقىمۇ چاغلىق ئىدى. گۇڭگا، تۇگىمىگەن گۇڭگىلىق، پۈتۈن كۈز پەسلى مانا مۇشۇنداق گۇڭگىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى، بۇنداق گۇڭگىلىقلارغا پەقەت بىر ـ ئىككى قېتىم زىياپەت بەرگەندىلا ياكى ئائىلە دىنىي ئەقىدىسى توغرىسىدا سوئال ـ جاۋاب قىلىنغاندىلا ئاز ـ تولا خاتىمە بېرىلەتتى.

ئائىلە دىنىي ئەقىدىلىرى توغرۇلۇق مېنىڭچە سىز ھېچنېمىنى بىلمەيسىزغۇ دەيمەن. ئەينى چاغلاردا كىشىلەردە چوقۇم «ئىنجىل»، «دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار»

دىكى مەزمۇنلار توغرۇلۇق چۈشەنچە بولۇشى كېرەك بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى بىلىملەرنى ئىگىلەش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن، باستېر ئائىلىلەرگىچە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ تۇراتتى. مەيلى چوڭ ئادەم بولسۇن ياكى كىچىك بالا بولسۇن، بۇ سوئال ـ جاۋاب ئۆتكىلىدىن ئۆتمەي بولمايتتى. بۇ خىل ئىمتىھان لۆننابىيەدىكى ھەربىر قورۇدىن ئايرىم ـ ئايرىم ئېلىناتتى. ئىمتىھان قىزىمايدۇ، لېكىن ئىمتىھان ئاياغلاشقاندىن



كېيىن بېرىلىدىغان زىياپەت ئالامەت قىزىيدۇ. بۇنداق زىياپەتكە رايوندىكى ھەرقانداق كىشىنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ھەتتا ياشانغانلار ساناتورىيەسىدىكىلەرمۇ كەلسە بولىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، مىدىرلىيالايدىغانلىكى ھەرقانداق ئادەم كېلىپ قاتناشسا بولىۋېرىدۇ، چۈنكى ھەر قېتىملىق ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بېرىلگەن بۇنداق زىياپەتتە خالىغانچە يەپ ـ ئىچسە بولىۋېرىدۇ، شۇڭا كۆپ ساندىكىلەر بۇ خىل ئىمتىھاننى ياخشى ئىش، دەپ قارايتتى.

نويابىرنىڭ بىر كۈنى كارتخۇلد قورۇقىدا دىنىي ئەقىدە ئىمتىھانى ئېلىندى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ لىنا ناھايىتى خۇشال بولدى، چۈنكى ئۇ بۇنداق ئىمتىھاننى تولىمۇ ياقتۇراتتى.

— گەرچە سورىغان سوئالنىڭ ھەممىسىگە تولۇق جاۋاب بېرەلمىسەممۇ، ھەتتا بەزىدە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىسەممۇ، يەنىلا بۇ خىل ئىمتىھاننى ياقتۇرىمەن، — دېدى ئۇ.

ئېنىقكى، لىنا «ئىنجىل» دىكى مەزمۇنلارغا دېگەندەك پىششىق ئەمەس ئىدى، بۇنى دىنىي رايون باشلىقىمۇ بىلەتتى، شۇڭا ئۇ لىنادىن ئاددىي سوئاللارنى سورايتتى، چۈنكى ئۇ ناھايىتى مېھرىبان كىشى ئىدى. ھازىر ئۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئېرەمباغدا ياشايدىغان ئادەمئاتا بىلەن ھەۋائانا توغرۇلۇق سۆزلىدى، ئۇلارنىڭ يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق توختالدى. ئۇ بىز، ھەتتا لىنانىڭمۇ بۇنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا لىنادىن سوئال سوراش نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇ ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن:

— خوش، لىنا، بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادىمىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— تور بىلەن فرىيا، — دەپ جاۋاب بەردى لىنا قىلچىمۇ ئىككىلەنمەي. لىنانىڭ ئەخمىقانە جاۋابىنى ئاڭلىغان ئېمىلنىڭ ئاپىسىنىڭ خىجىللىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ھەي، تور بىلەن فرىيا دېگەن مىڭ يىل ئىلگىرى غەيرىي دىنغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردىكى سىمالاندلىقلار تېۋىنغان قەدىمكى ئىلاھلار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار «ئىنجىل» دىكى ھېكايىلەر ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى.

— سەن مەڭگۈ بىر بىدئەتچى بولىدىغان ئوخشايسەن، — دېدى كېيىن ئېمىلنىڭ ئاپىسى لىناغا. لېكىن لىنا:

— ئۇلار ھەممىسى بىر - بىرىگە شۇنداق ئوخشىشىپ كېتىدىغان تۇرسا، نېمىدەپ مەنلا ھەممىنى شۇنداق ئېنىق بىلىشىم كېرەك ئىكەن؟ — دېدى.

شۇنداقتىمۇ، دىنىي رايون باشلىقى سوئال سوراش جەريانىدا ناھايىتى مۇلايىم بولدى. ئۇ لىنانىڭ خاتا جاۋابىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ دۇنيانى قانداق يارىتىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى، بارلىق كىشىلەرنىڭ خۇدا ياراتقان مۇشۇ زېمىندا ياشايدىغانلىقى، ھەتتا لىنانىڭمۇ خۇدا ياراتقان ھەققىي بىر نادىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئاندىن لىنادىن:

— تەڭرىنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇدات ياشايدىغان بۇ دۇنيانى ياراتقانلىقىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

لىنا ئۆزىنىڭمۇ بۇ ئىشتا ئوخشاش كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى دېدى، ئاندىن ئويلىنىپ:

— توغرا، ئەلۋەتتە شۇنداق، لېكىن مېنىڭ نادىر ئەسەر دېگەنلەر بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتىم يوق، شۇنداقتىمۇ قۇلىقىم ئاڭلىغان ھەر خىل - ھەر ياڭزا ئىشلارنى ھازىرغىچە ئېسىمدە

تۇتالىغىنىمغا قارىغاندا، مەنمۇ قالتىس ئىكەنمەن! — دېدى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى يەنە بىر قېتىم بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، لىنانىڭ بۇ ئەخمىقانە جاۋابى تۇپەيلى كارتخۇلد قورۇقىنىڭ يۈزى پۈتۈنلەي تۆكۈلگەنىدى. بىچارە ئېمىلنىڭ ئاپىسىنىڭچە بولغاندا، دىنىي ئەقىدە ئىمتىھانى ئېلىنىۋاتقاندا ھەرگىزمۇ ئويۇن - كۈلكە قىلماسلىق كېرەك ئىدى، دەل مۇشۇ پەيتتە ئېمىل تۇرغان بۇلۇڭدىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئاپىسى ئاچچىقتىن بىر قىزىرىپ، بىر تاتارغىنىچە ئولتۇردى، ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولغاندەك چوڭقۇر نەپەس ئالدى، ئارقىدىن زىياپەت باشلاندى.

ئېمىلنىڭ دادىسى غودۇراپ تۇرغان بولسىمۇ، ئېمىلنىڭ ئاپىسى زىياپەت ئۈچۈن بۇرۇنقىدەكلا نۇرغۇن تائاملارنى تەييارلىدى.

— قانداقلا بولمىسۇن، يەنىلا «ئىنجىل» بىلەن «دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدە سوئال - جاۋابلار» بەكرەك مۇھىم، لېكىن سەن شۇنچە كۆپ گۆش كۇمىلچى بىلەن پىشلاق قاتلىمىسى تەييارلىۋېتىپسەن! — دەپ ئاغرىندى دادىسى.

— مەيلى «دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدە سوئال - جاۋابلار» بولسۇن ياكى پىشلاق قاتلىمىسى بولسۇن، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا رولى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئاپىسى ئاقىللارچە.

توغرا دېدى، پىشلاق قاتلىمىسىنى كەلگەنلەر تويغۇچە يېدى، كارتخۇلد قورۇقىدىكى «دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدە سوئال - جاۋابلار» پائالىيىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى رازى بولدى. ئېمىل پىشلاق قاتلىمىسى بىلەن مېۋە ئۆيۈتمىسى ئارىلاشتۇرۇلغان قايماقنى بولۇشىغا يەۋالدى، ئەمدى يەپ بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئاپىسى كېلىپ ئۇنىڭغا:



— ئېمىل، بېرىپ سىرتتىكى توخۇلارنى كاتەككە سولىۋەت، گېپىمنى ئاڭلا، تېز بولغىن! — دېدى.

توخۇلار بۈگۈن بىر كۈن سىرتتا ئەركىن لاغايلىۋالغانىدى، ئۆيىنىڭ دوقمۇشىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان تۈلكىنىڭ ئۇلارنى يەۋالماسلىقى ئۈچۈن كەچتە كاتەككە سولاپ قويۇش كېرەك ئىدى.

بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن، سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ گەرچە پىشلاق قاتلىمىسىنى ئەمدى يېيەلمىسىمۇ، لېكىن ئۆيدىكى دىمىقچىلىقتىن، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلغىنىغا ئېمىل يەنىلا خۇش بولدى. ھەممە توخۇلار دېگۈدەك كاتەككە سولىنىپ قونداقتا چىقىپ بولدى، پەقەت توكۇر لوتا بىلەن ساراڭلىقى تۇتۇپ قالغان مېكىيانلا يامغۇردا پەرۋاسىزلارچە سەيلىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى، لېكىن ئېمىل يەنىلا بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇلارنى ھەيدەپ كاتەككە كىرگۈزۈپ، ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويدى، ئەمدى تۈلكە كىرىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





كاتەكنىڭ يېنىدا چوشقا قوتىنى بولغاچقا، ئېمىل قايتقاچ بىچارە جانىۋارنى يوقلاپ ئۆتتى ھەم كەچتە ئۇنى راۋۇرۇس تويدۇرىدىغانغا ۋەدە بەردى.

— ئۇ ئاچ بۆرىلەر يەپ ـ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن تەخسىلىرىدە چوقۇم ئېشىپ قالغان يېمەكلىكلەر بولىدۇ، — دېدى ئېمىل. بىچارە جانىۋار بولسا زور ئۈمىد بىلەن خورتۇلداپ قويدى.

— مەن سەل تۇرۇپ كېلىمەن، — دېگەچ ئېمىل قوتاننىڭ ئىشىكىنىڭ ئىلغۇچىنى ئېلىپ قويدى.

قوتاننىڭ ئارقىسىدا خالا بار ئىدى. ھە، ئەينى ۋاقىتتا ھاجەتخانىنى مانا مۇشۇنداق ئاتايتتى. مۇنداق ئاتىلىش سىزگە سەل قوپال ئاڭلانسىمۇ، لېكىن ئارفىلدىنىڭ ئۇ يەرنى نېمىدەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىڭ، ئۇ بۇ يەرنى... بولدىلا، سىزگە بۇنداق سەت گەپلەرنى ئۆگىتىپ يۈرمەي ! كارتخۇلد قورۇقىنىڭ خالاسىنىڭ ئەمەلىيەتتە چىرايلىق بىر ئىسمى بار ئىدى، ئۇلار ئۇ يەرنى «ترىس» دەپ ئاتايتتى، بۇ بىر يىللىقچىنىڭ ئىسمى ئىدى، چۈنكى ئۇ يىللىقچى ئېمىلنىڭ بوۋىسىنىڭ ۋاقتىدا كەم بولسا



بولمايدىغان بۇ كىچىك ئۆينى سالغان كىشى ئىدى.

ئېمىل كاتەك بىلەن قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن تىرسىنىڭ ئىشىك ئىلغۇچىنىمۇ ئېلىپ قويدى. ئەسلىدە ئۇ ئىچىدە ئادەم بار ـ يوقلۇقىغا قاراپ بېقىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ ھەممە ئىشتا ئالدىراڭغۇ، كاللىسىنى تازا ئىشلەتمەيدىغان بولغاچقا، ئىشىكنى ئىلىۋېتىپلا يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ:

— ئەمدى ئىشىكنى تاقاپ بولدۇم، تاقاپ بولدۇم، ھەممە ئىشىكنى تاقاپ بولدۇم! — دەپ ناخشا توۋلىدى.

خالادا ئولتۇرغان ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇنىڭ بۇ زوق بىلەن ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپلا جىددىيلەشكىنىدىن دەرھاللا ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى. خاتالاشماپتۇ، ئىشىك تېشىدىن تاقىۋېتىلگەنىدى.

— ئېمىل ...ئېمىل! — دەپ كۆچىنىڭ بارىچە توۋلىدى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





ئېمىلنىڭ دادىسى.

لېكىن، ئېمىل «ھەممە ئىشنى تاقاپ بولدۇم» دېگەن ناخشىسىنى بار ئاۋازى بىلەن ئېيتىپ ئاللىبۇرۇن پېشىنى قېقىپ كېتىپ بولغانىدى، دادىسىنىڭ تووۋلىغان ئاۋازى قانداقمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرسۇن؟

بىچارە ئېمىلنىڭ دادىسى ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، ۋاي خۇدايىم، ئۇ ئەمدى قانداق چىقىپ كېتەر؟ ئۇ خۇددى ساراڭدەك ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلىدى، لېكىن كارغا كەلمىدى، كەينىدىن زەرب بىلەن ئىشىكنى تېپىشكە باشلىدى، پۇتى ئاغرىپ كەتتى، لېكىن يەنىلا پايدىسى بولمىدى، ھېلىقى ترىس دېگەن نېمە ئىشنى تولىمۇ پۇختا قېپتىكەن، ئىشىك تەپكەنگە ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس. ئېمىلنىڭ دادىسى ساراڭ بولايلا دەپ قالدى، قەلەمتىرىشىنى ئېلىپ بىر يوچۇق چىقىرىپ، قەلەمتىراشنىڭ ئۇچى بىلەن ئىلغۇچنى ئېچىۋېتەي دېسە، قېرىشقاندەك قەلەمتىرىشى خىزمەت كىيىمىنىڭ يانچۇقىدا قاپتۇ. ئۇ بۈگۈن ئەڭ ياخشى، ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىۋالغانىدى. ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇ يەردە خېلى ئۇزاققىچە تۇردى، ئاچچىقتىن مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، لېكىن ئادەم تىللىمىدى، راستىلا تىللىمىدى، چۈنكى ئۇ دېگەن چېركاۋنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى - دە! ئەمما، ئېمىل بىلەن ھېلىقى ترىسنى بولۇشىغا ئەيىبلىدى، ھېلىقى ترىس دېگەن نېمە

دەپ بۇ خالاغا ئىشىكنىڭ ئۈستىدىكى كۆزنەكتىن باشقا دېرىزە ئورناتمىغان بولغىيدى! ئېمىلنىڭ دادىسى كۆزنەككە غەزەپ بىلەن قارىدى، ئاندىن ئىشىكنى يەنە بىرنەچچىنى تەپتى، ئاخىردا ئولتۇرۇپ ساقلاشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ خالانىڭ تەرەت قىلىدىغان يېرى ئۈچ تۆشۈكلۈك بولۇپ، ئۇ بىرىدە ئولتۇردى، ئاچچىقىدا چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇپ، بىرەرىنىڭ خالاغا كېلىشىنى ساقلىدى.

«كەچۇرۇڭ، كىم بىرىنچى بولۇپ كەلسە، شۇنى گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئېمىلنىڭ دادىسى تولىمۇ ئەسكى ئىكەن، بۇنداق قىلسا ئادىل بولامدۇ؟ شۇنداقتىمۇ كىشىلەر ئۇنى چۈشەندى، چۈنكى ئۇنىڭ بەكلا ئاچچىقى كەلگەنىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ترىسنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى، ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ ساقلىدى، ساقلىغاندىمۇ ئۇزاق ساقلىدى، ھېچكىم كەلمىدى. ئۇ يامغۇرنىڭ تورۇسقا ئۇرۇلۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى، ئۇ ئاۋاز شۇنداق ئېچىنىشلىق ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ غەزىپى بارغانسېرى تاشتى، دېمىسىمۇ بۇ تازا قاملاشمىغان ئىش بولدى، ئۇ قاپقاراڭغۇ خالادا يالغۇز ئولتۇرۇپ ساراڭ بولاي دېدى، باشقىلار بولسا يوپيورۇق زالىدا خۇشال ـ خۇرام يەپ ـ ئىچىشىۋاتاتتى. بۇنداق بولىۋەرمىسۇن، ئەمدى ئاخىرلاشسۇن، ئۇ چىقىپ كېتىشى كېرەك! كاماردىن چىقىشقا توغرا كەلسىمۇ چىقىپ كېتىشى كېرەك!

ـــ مېنىڭ راستلا ئاچچىقىم كەلدى، چىدىمىدىم! ـــ ئۇ ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن دەس تۇردى.

خالادا ۋاقتى ئۆتكەن گېزىتلەرنى سېلىپ قويىدىغان بىر ساندۇق بار ئىدى. ئۇ ساندۇقنى تىكلەپ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، ئېگىز ـ پەسلىكىنىڭ ناھايىتى مۇۋاپىقلىقىنى بايقىدى، سىرتتىكى ھەممە نەرسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئۇ ھېچقانچە كۈچىمەيلا كۆزنەكنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋېتىپ، ياردەم سوراش ئۈچۈن بېشىنى كۆزنەكتىن چىقاردى.

لېكىن، ئۇ ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمىدى، بەلكى قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇر ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ بويۇنلىرىدىن سارقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئەمما، ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى، شۇ تاپتا ھەتتا «ئىنجىل» دا دېيىلگەن توپان سۈيى ئۇنى ئېقىتىپ كەتسىمۇ پەرۋايى پەلەك ئىدى.

ئۇ خېلى كۈچەپ ئاران دېگەندە بېلىكى بىلەن مۈرىسىنى كۆزنەكتىن چىقىرىپ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا سىرتقا قاراپ سۈرۈلدى.



«غەزەپ بەزىدە مۆجىزە يارىتىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ بېلى كۆزنەككە قىسىلىپ قالدى، قىسىلغاندىمۇ ناھايىتى چىڭ قىسىلىپ قالدى! ئاغرىق دەستىدىن ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى، پۇتلىرىنى تېپىرلىتىپ، دەسسەپ تۇرغان ساندۇقنى ئۆرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يا چىقالماي، يا چۈشەلمەي ئېسىلىپ قالدى، ھەي بىچارە!

چېركاۋنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى بولغان بىر ئادەم ئۈچۈن نېمە سەتچىلىك بۇ! ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئۈستى قىسمى يامغۇردا، ئاستى قىسمى خالادا قالدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ توۋلاش كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىزمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئۇ بىر چېركاۋنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى، يەنە كېلىپ ئۇ لۇننابىيەلىكلەرنى ئوبدان بىلەتتى، ئەگەر بۇ ئىش تارقىلىپ كەتسە، خەقنىڭ كۈلكە دەستىكى بولۇپ قالىدىغىنىنى، لۇننابىيە بىلەن سىمالاندتا ئادەملەر ھاياتلا بولىدىكەن، بۇ ئىشنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا جان چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىرىسا بولمايتتى.

ئىشنى كۆڭلىدىكىدەك پۈتكۈزگەن ئېمىل خۇشال ھالدا زىياپەتكە قايتىپ كەلگەنىدى. ھازىر ئۇ ھەر ئاماللارنى بىلەن سىڭلىسى ئىدانى خۇش قىلىپ ئوينىتىۋاتاتتى.

ئىدا: «ئائىلە دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدىكى سوئال ـ جاۋابنىڭ



ۋاقتى بەك ئۇزاق ئىكەن» دېگەچكە، ئېمىل ئۇنى ئايۋانغا ئېلىپ چىقىپ ئوينىتىۋاتاتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە كەش كىيدۈرۈپ ئوينىدى. كەشلەر قاتار تىزىقلىق تۇراتتى، چوڭلىرىمۇ، كىچىكلىرىمۇ بار ئىدى. ئېمىل دېنىي رايون باشلىقىنىڭ كەشىنى كىيىۋېلىپ ئۇنىڭ ئاۋازىنى دوراپ: «بۇ... بۇ...، ھە...»، «ئۇ... ئۇ...، ھە... »دېگىنىدە، ئىدا خۇشاللىقىدىن كۈلەتتى. ئاخىرىدا ئايۋاندىكى پول قالايمىقان تاشلانغان كەشلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئېمىل ئېدىتلىق بالا بولغاچقا، كەشلەرنى تېرىپ كېلىپ پولنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلىۋىدى، كەشلەر خۇددى بىر كىچىك تاغدەك دۆۋىلەندى.

تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ يادىغا بىچارە جانىۋار كەلدى. ئۇ كەچلىك تاماقتا ئۇنى راسا تويدۇرۇشقا ۋەدە قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇ دەرھال ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، ئېشىپ قالغان تاماقلارنى بىر داسقا تۆكتى، بىر قولىدا داسنى، بىر قولىدا پەنەرنى كۆتۈرۈپ، ئاشۇ تورايىنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا يامغۇردا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە

شۇڭغۇدى.

ئەمما، دەل شۇ چاغدا... هەي! ئويلىسامىلا پۇتۇن بەدىنىمنى تىترەك باسىدۇ. ئۇ دادىسىنى كۆردى! دادىسىمۇ ئۇنى كۆردى. هەي - هەي - هەي... بەزىدە ئىشلار مانا مۇشۇنداق ئۇدۇل كېلىپ قالىدۇ.

— تېز... يۇگۇر! ئارفىلدنى...چاقىر! — دەپ ھۆركىرىدى دادىسى، — ئۇنىڭغا دېگىن، بىر كىلو پارتلاتقۇچ دورا ئالغاچ كەلسۇن، بۇ ئۆلگۇر ترسنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتمىسەم!

ئېمىل ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا يۇگۇردى. ئارفىلد كەلدى، ئۇ پارتلاتقۇچ دورا ئەمەس، بەلكى بىر ھەرە ئەكەلگەنىدى. چۈنكى، خالانى پارتلىتىۋېتىش دادىسىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئەمەس ئىدى. ئارفىلد ئەكەلگەن ھەرە ئېمىلنىڭ دادىسىنى قۇتقۇزۇپ چىقىشتىكى زۆرۈر سايمان بولۇپ، بۇنى ئىشلەتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

ئارفىلد ئىشىكنىڭ ئۇستۇنكى رامكىسىنى ھەرىدەشكە باشلىدى، ئېمىل بولسا شوتىغا چىقىپ، لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتقان بىچارە دادىسىغا كۇنلۇك تۇتۇپ بەردى. سىز بەلكىم ئېمىلنىڭ ھازىرقى كۆڭۈلسىز كەيپىياتىنى چۇشىنەلەيسىز، چۇنكى دادىسى ئېمىل ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇنچە ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىپ كۇنلۇك تۇتۇپ بېرىۋاتسا، رەھمەت دېمەكتە يوق، كۇنلۇك ئاستىدا تۇرۇپ:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بۇ يەردىن چىقىپلا ئېمىلنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، — دەپ توختىماي ۋارقىراپ - جارقىراۋاتاتتى.

— پۇتۇن بەدەن ھۆل بولۇپ بولغاندا كۆنلۈك تۇتقاننىڭ نېمە پايدىسى، چوقۇم زۇكامداپ ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قالىدىغان بولدۇم، — دەيتتى دادىسى.

— ياق، سىز زۇكام بولمايسىز، چۈنكى ئەڭ مۇھىمى پۇت ھۆل بولمىسا بولدى، — دېدى ئېمىل.

بۇ گەپكە ئالفرېد قوشۇلدى.

— توغرا دەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى پۇت ھۆل بولمىسا بولدى.

ئېمىلنىڭ دادىسىنىڭ پۇتى ئەلۋەتتە ھۆل بولمىغانىدى، بۇنى ئۆزىمۇ ئىنكار قىلالمايتتى، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ. شۇڭا، ئېمىل دادىسىنىڭ بۇ يەردىن ئازادلىققا چىقىدىغان دەقىقىلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇردى.

ئالفرېد كۈچەپ ھەرىدىدى، ھەرە كېپىكى تەرەپ - تەرەپكە چاچرايتتى، ئېمىل بولسا ھەر ۋاقىت قېچىشقا تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى. ئالفرېد ھەرىدەپ بولۇپ، دادىسى «پوك» قىلىپ





يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ، ئېمىل كۆنلۈكنى تاشلاپلا، ياغاچچىلىق ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر سېكۇنتتا — دادىسى تۇتۇۋالايلا دەپ قالغاندا ئىشىكنى قۇلۇپلىۋالدى. دادىسى ئىشىكنى تولا ئۇرۇپ تويۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئېمىلغا بىرنەچچە ئېغىز ۋارقىراپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. هازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش ئېمىلنى جازالاش بولماستىن، بەلكى ئۆيگە كىرىپ مېهمانلار ئالدىدا پەيدا بولۇش ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئالدى بىلەن هۇجرا ئۆيگە كىرىپ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ ئاندىن چىقتى.

— شۇنچە ئۇزاق يوقاپ كېتىپ نەگە باردىڭىز؟ — خاپا بولۇپ سورىدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

— كېيىن دەپ بېرەي، — دەپ جاۋاب بەردى ئېمىلنىڭ دادىسى غودۇڭشىپ.

كارتخۇلد قورۇقىدىكى ئائىلە دىنىي ئەقىدىلەر هەققىدە سوئال - جاۋاب پائالىيىتى مانا مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى. دىنىي رايون باشلىقى هېلىقى ئاددىي مۇناجاتنى ئوقۇدى، لۇننابىيەلىكلەر چىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





دىلىدىن ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئەگىشىپ ئوقۇدى، ئوقۇمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى.

«بۇ بىر كۈن مانا مۇشۇنداق ئاخىرلىشىپ مەڭگۇ كەلمەسكە كەتتى» دەپ ئوقۇشتى ئۇلار. ئاندىن نويابىرنىڭ ئاي قاراڭغۇسىدا ئۆيلىرىگە قايتماقچى بولدى، لېكىن ئۇلار كەشلىرىنى كىيگىلى ئايۋانغا چىققاندا، غۇۋا جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا كەشلەرنىڭ پولنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاغدەك دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى.

— بۇنداق يامان ئىشنى پەقەت ئېمىللا قىلىدۇ، — دېدى لۇننابىيەلىكلەر.

ئاندىن دىنىي رايون باشلىقى ۋە ئۇنىڭ خانىمى قاتارلىق كۆپچىلىك پولدا ئولتۇرۇپ كەشلىرىنى ئىككى سائەتچە ئىزدەشتى، ئاخىرىدا ئۇلار ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا رەھمەت ئېيتىشىپ خوشلاشتى ــ دە، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. ئۇلار ئېمىل بىلەن خوشلاشمىدى، چۈنكى ئۇ ياغاچچىلىق ئۆيىدە ئولتۇرۇپ بىر يۈز سەكسەن تۆتىنچى ياغاچ بوۋاينى ئويۇۋاتاتتى.

## 18 ـ دېكابىر، شەنبە

## ئېمىل ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ھەرىكىتى ئارقىلىق پۈتكۈل لۆننابېيەلىكلەرنىڭ ماختىنىشىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ بارلىق كەپسىزلىكلىرىنى كىشىلەر كەچۈردى ھەم ئۇنتۇدى

مىلاد بايرىمى يېقىنلىشىپ قالدى. كەچتە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئاشخانا ئۆيدە ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى چاقتا يىپ ئېگىرىۋاتاتتى، دادىسى ئاياغ ياماۋاتاتتى، لىنا يۇڭ تىتىۋاتاتتى، ئارفىلد بىلەن ئېمىل تىرنىنىڭ چىشىنى ئۇچلاۋاتاتتى، ئىدا بولسا بارماق ئويۇنى ئوينايلى، دەپ لىناغا چاپلىشىۋالسىمۇ، لىنا قولىدىكى ئىشنى قويۇپ قويمىدى.

— بىراق، قاراپ تۇر، غىدىقلاشتىن قورقىدىغان بىر كىشى بار، — دېدى ئىدا. لىنا ئەلۋەتتە ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ئىدى.

ئىدا لىنانىڭ كۆڭلىكىنى بويلاپ بارمىقىنى مىدىرلاتقاچ قوشاق ئېيتتى:

سۆيۈملۈك ئاپا ـ دادا،
ئازراق ئۇن ـ تۇز بەرسەڭلار ماڭا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مىلادلىق قاۋاننى ئۆلتۈرمەك ئىدىم،
تىقسام پىچاقنى، قىلىدۇ نالە.

ئىدا «قىلىدۇ نالە» دېگەن سۆزنى دېيىش بىلەن تەڭ، بارمىقىنى لىناغا سانجىيتتى، ھەر قېتىمدا لىنا چىرقىراپ كۆلۈپ كېتەتتى، تاكى ئىدا رازى بولغۇچە كۈلەتتى.

ئېمىلنىڭ دادىسى «مىلادلىق قاۋاننى ئۆلتۈرمەك ئىدىم» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىر ئىش يادىغا كەلدى ــ دە، تۈيۇقسىز ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئىشنى يەنە تىلغا ئالدى:

ــ ھە، مىلاد بايرىمى يېقىنلىشىپ قالدى، ئەمدى سېنىڭ ھېلىقى چوشقاڭنى ئۆلتۈرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، ئېمىل.

ئېمىل بۇ گەپتىن چۆچۈپ كېتىپ، قولىدىكى پىچىقى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دادىسىغا ھاڭۋاقىنىچە تىكىلىپ قارىدى.

ــ نېمە؟ بىچارە جانىۋارنى ئۆلتۈرەمسەن، بولمايدۇ، ئۇ... مېنىڭ... مېنىڭ... ھاراق تاشلىغان چوشقام، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

ئۇ ئەلۋەتتە ئۇنتۇمىدى. بىراق ئۇ ئېمىلغا:

ــ پۈتۈن سىمالاندىتا چوشقىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئويناش ئۈچۈن باقىدۇ، دېگەن ئىشنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان، ــ دېدى دادىسى.

بىر ياخشى دېھقاننىڭ چوشقا بېقىشتىكى مەقسىتى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئىكەنلىكى ئېمىلنىڭمۇ كۆڭلىگە ئايان ئىدى، بولمىسا ئۇنى بېقىپ نېمە قىلىدۇ؟

ــ ئەجەبا، بۇنى سەن بىلمەمسەن؟ ــ سورىدى ئېمىلنىڭ دادىسى.

ئۇ ئەلۋەتتە بىلىدۇ، بىراق دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ بىدان جاۋابتىن بىرنى ئويلاپ چىقتى.

— بىر ياخشى دېھقانىنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىمەن، يەنە شۇنىمۇ بىلىمەنكى، بەزى قاۋانلارنى ساقلاپ قېلىپ نەسىللىك قاۋانغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، مەن بىچارە جانىۋارنىمۇ شۇنداق قىلماقچى.

بۇنى ئېمىل بىلگىنى بىلەن، سىز بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. نەسىللىك قاۋان دېگەن بىر توپ تورايلارغا دادا بولىدىغان قاۋان، ئېمىل: «ئەگەر بىچارە جانىۋار بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى، ئۇنىڭ كاللىسى ئىشلەپ قويىدۇ جۇمۇ! ئۇ دادىسىغا بىچارە جانىۋارغا بىر مېكىجىن تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى چوشقىنىڭ نۇرغۇن تورايلىق بولىدىغىنىنى چۈشەندۇردى. بۇنىڭغا ئېمىلنىڭ ئىشەنچى بار ئىدى.

— ھە، ئاڭلىماققىمۇ خېلى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى، — ئۇنداقتا، كارتخۇلد قورۇقىنىڭ مىلاد بايرىمى غورىگىل ئۆتىدىغان بولدى، سورلەنگەن سان، قىزا دېگەندەكلەرنى قىلغۇدەك گۆش يوق بولدى، چوشقا قىنىدا قىلىنىدىغان پۇرچاق ئۆيۈتمىسىمۇ يوق بولدى، ھەممە نەرسە يوققا چىقتى.

ئازراق ئۇن - تۇز بەرسەڭلار ماڭا،
پىشۇراتتىم قاندا پۇرچاق ئۆيۈتما.

دەپ قوشاق توقۇدى ئىدا، لېكىن ئېمىل ئۇنىڭغا:

— ئاغزىڭنى يۇم، ئىككىنچى قاندا قىلىنىدىغان پۇرچاق ئۆيۈتمىسىنى تىلغا ئالغۇچى بولما! — دەپ ۋارقىرىدى.

چۈنكى، ئۇ قاندا قىلىنىدىغان پۇرچاق ئۆيۈتمىسى ئېتىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئۇچۇن تۈز بىلەن ئۇندىن باشقا يەنە چوشقا قېنى كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، بىچارە جانىۋارنىڭ قېنىنى ئىشلىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ! ئېمىل ھاياتلا بولىدىكەن، چوقۇم بولمايدۇ!

ئاشخانىنىڭ ئىچى خېلىغىچە ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان سۈكۈتكە چۆمدى، دەل شۇ چاغدا ئارفىلد تۇيۇقسىز ئاغزىنى بۇزۇپ ۋايساپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ھېلىقى ئۆتكۈر پىچاقتا باش بارمىقىنى كېسىۋالغان، ئۇ بارمىقىدىن قان توختىماي ئېقىۋاتتى.

— ئاغزىڭنى بۇزمىساڭ بولمامدۇ، ئۆيۈمدە بۇنداق سەت گەپنى ئاڭلىغۇم يوق، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى جىددىي يوسۇندا.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى پاكىز داكا ئەكېلىپ ئارفىلدنىڭ



بارمىقىنى تېڭىپ قويدى. ئارفىلد يەنە ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ تولىمۇ ياخشى قىلىنىق ئەمگەك بولۇپ، ھەممە تىرىننىڭ چىشىنى يېڭىلاشقا توغرا كېلەتتى، شۇندىلا ئەتىيازدا خاتىرجەم ئىشلەتكىلى بولاتتى.

— بايا مەن دېگەندەك، كارتخۇلد قورۇقى غۇربەتچىلىكتە قالىدىغان بولدى، — دېدى ئېمىلنىڭ دادىسى غەمكىن ھالدا ئالدى تەرەپكە قاراپ.

ئۇ كۈنى كەچتە ئېمىل خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى، ئەتىسى پۇل يىغىدىغان قۇتىسىنى چېقىپ، ئىچىدىكى ئوتتۇز بەش كروناني ئالدى، لۇكاسقا كونا بىر چانىنى قېتىپ، باستفارغا قاراپ يولغا چىقتى، ئۇ يەردە چوشقا كۆپ ئىدى، ئۇ شۇ يەردىن بىر سېمىز چوشقىنى سېتىۋېلىپ كېلىپ، بىچارە جانىۋارنىڭ قوتىنىغا سولاپ قويدى، ئاندىن دادىسىنىڭ يېنىغا باردى.

— ئەمدى قوتاندا چوشقا ئىككى بولدى، بىرىنى ئۆلتۈرسەك بولىدۇ، لېكىن ئەسكەرتىپ قوياي، خاتا ئۆلتۈرۈپ سالما.

بەزىدە ئېمىلمۇ ئۆزى بىلەن گەپ قىلىشىۋاتقان ئادەم كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ. باشقا بىر چوشقىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق بىچارە جانىۋارنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش تولىمۇ رەھىمسىزلىك، لېكىن ئۇنىڭدا نېمە ئامال، ئەگەر بۇنداق قىلمىسا، دادىسىنىڭ توختىماي كوتۇلداپ قۇلاق - مېڭىسىنى يەۋېتىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان، چۈنكى دادىسى چوشقا بىلەن بىللە ئويناشنىڭ نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى قىلچە چۈشەنمەيتتى.

ئېمىل ئۈچ كۈنگىچە قوتان تەرەپكە ئۆتمىدى، چوشقىنىڭ يېمىكىنى لىنادىن ئەۋەتىپ تۇردى. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئويغانغىنىدا، تېخى تاڭ يورۇمىغانىدى. ئۇ بىر چوشقىنىڭ جىنىنىڭ بارچە چىرقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى خىرىلداشقا ئۆزگەردى ـ دە، بىردىنلا يوقاپ كەتتى.

ئېمىل ئاغزىنىڭ هورى بىلەن دېرىزىدىكى قىرووۋنى ئېرىتىپ سىرتقا قارىدى. چوشقا قوتىنىدا پەنەر ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇيان ـ بۇيان مېڭىۋاتقان ئادەم كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈۋاتاتتى. شۇندىلا ئېمىل هېلىقى چوشقىنىڭ جان بەرگەنلىكىنى بىلدى. لىنا ئۇ يەردە چوشقا قېنىنى تىلەشتۇرمەكتە ئىدى، ئەمدى ئېمىلنىڭ دادىسى بىلەن ئارفىلد چوشقا تۈكلىرىنى ئادالاپ، تېرىسىنى پاكىزلاپ، گۆشلىرىنى پارچىلايدۇ، كلۇشا مايامۇ كېلىدۇ، لىنا ئىككىسى چوشقىنىڭ پاقالچاقلىرىنى يۇيىدۇ. ئېمىل باستىفاردىن سېتىۋالغان چوشقا مانا مۇشۇنداق تۈگەشتى.

ئېمىل «تىقسام پىچاقنى، قىلىدۇ ناله» دېگەن قوشاقنى غىڭشىغاچ، كارىۋىتىغا چىقىپ خېلى ئۇزاققىچە يىغلىدى.

لېكىن، ئادەم دېگەن بەزى ئىشلارنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئېمىلمۇ شۇنداق بولدى. چۈشتىن كېيىن ئۇ چوشقا قوتىنىغا بېرىپ بىرهازا ئولتۇرۇپ، بىچارە جانىۋارنىڭ دۈمبىسىنى قاشلاپ قويدى. ئۇ ناھايىتى غەمكىن هالدا:

— سەن تېخى هايات ئىكەنسەن، بىچارە جانىۋار! دۇنيادىكى ئىشلار راستلا هەر خىل بولىدىكەن، سەن تېخى هايات ئىكەنسەن! — دېدى.

كېيىن ئۇ باستىفاردىن سېتىۋالغان هېلىقى چوشقىنى تېزرەك ئۇنتۇپ كېتىشنى نىيەت قىلدى. ئەتىسى كلۇشا مايا بىلەن لىنا ئاشخانا ئۆيدە ئولتۇرۇپ گۆش توغراش، ئاپىسى قىزا تەييارلاشقا كېتىدىغان خورۇچلارنى تەييارلاش، چوشقا قېنى بىلەن پۇرچاق ئۇيۇتمىسى تەييارلاش، مىلاد بايرىمىلىق سورلەنگەن چوشقا

سېنىنى تەييارلاپ ئۆنى كوزىغا سېلىپ چىلاپ قويۇش دېگەنـدەك ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولدى، لىنا «كەلدى دېگىزدىن سالقىن شامال» دېگەن ناخشىنى ئېيتىۋاتاتتى، كلۇشا مايا باستېرنىڭ قەسىرىنىڭ بالخانىسىدىكى بېشى يوق ئالۋاستىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىۋاتاتتى. ئېمىل ھازىر يەنە بۇرۇنقى تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالدى، باستىقاردىن سېتىۋالغان ھېلىقى چوشقىنى ئويلىماي، بەلكى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان مىلاد بايرىمىنى ئويلىدى. يەنە قار ياغىدىغاندەك تۇراتتى، شۇنداق بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە !

— قار ئادەم بويىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى ئىدا. قار بەك كۆپ ياغقاندا سىمالاندلىقلار مۇشۇنداق دەيتتى.

قار راسا يېغىشقا باشلىدى، چۈنكى كەچكە يېقىن ھاۋا بارغانسېرى ناچارلاشقىلى تۇرغانىدى، تېخى شىۋىرغان چىقىپ قارلارنى ئۇچۇرتۇپ، ھەتتا ئۆدۆلدىكى ئوتلاقنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

— ھەي، ناچار ھاۋانىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بىر كەلدىمۇ نېمە، ئۆيگە قانداق بېرىۋالارمەن؟ — دېدى كلۇشا مايا.

— مۇشۇ يەردە قونۇپ قالغىن، لىنا بىلەن بىللە ئاشخانا ئۆيدىكى سافادا ياتساڭلار بولىدۇ، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى.

— بۇنىڭغا بولىدۇ، لېكىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ياتقاندا ئۇيان ـ بۇيان مىدىرلىماي ياتسىڭىز. بىلىسىزغۇ، مېنىڭ غىدىقىم بەك يامان، — دېدى لىنا.

— بارمىقىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئارفىلد كەچلىك تاماق ۋاقتىدا.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى داكىنى ئېچىپ زادى نېمە بولغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ساقايمايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئەھۋال بەك چاتاق ئىدى، ھەي، بەك قورقۇنچلۇق، يارا ئېغىزى قىزىرىپ، يىرىڭلاپ، بىر تال قىزىل سىزىق بېغىشنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭغىلى تۇرۇپتۇ.

كلۇشا مايانىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— قان زەھەرلىنىپتۇ، بۇ بەك خەتەرلىك، — دېدى ئۇ.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى يود ئەكېلىپ ئارفىلدنىڭ قولى ۋە بىلىكىگە سۈرۈپ قويدى.

— ئەگەر ئەتە يەنە ساقايمىسا، ئەڭ ياخشىسى مارىئاننالوندقا بېرىپ دوختۇرغا كۆرۈنگىن، — دېدى ئۇ.

كېچە سمالاندتا قار تېخىمۇ كۆچىيىپ كەتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ بىلىشىچە، بۇ يەردە ئەزەلدىن بۇنداق ناچار ھاۋا كۆرۈلۈپ باقماپتىكەن. ناچار ھاۋا داۋاملىشىۋاتاتتى، يېغىۋاتقان قاتتىق قار بىلەن ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان شىۋىرغان كىشىلەرنى



ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى، شىۋىرغان ھەتتا مورىدىن غۇيۇلداپ ئۆيگە كىرەتتى. ۋاي - ۋۇي، بۇنداق ناچار ھاۋانى ئەمدى نىمە دېگۈلۈك؟

— ئەمدى ئارفىلدقا كۈندە قار تازىلايدىغان ئىش چىقتى، — دېدى لىنا، — لېكىن قار توختىمىسا، تازىلىغاننىڭ پايدىسى يوق.

ئارفىلد بۇ كۈنى قار تازىلىمىدى. ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئورنى بوش قالدى، تاماققا كەلمىدى. ئېمىل ئەنسىرەپ قالدى. ئۇ شەپكىسىنى ئېلىپ، پاختىلىق چاپىنىنى كىيىپ، ئالدىراپ سىرتقا چىقتى. ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىكى يېنىدىكى گۈرجەكنى ئېلىپ، ياغاچچىلىق ئۆيىگە بارىدىغان يولنى ئاچماقچى بولدى. دېرىزىدىن بۇنى كۆرگەن لىنا ئۇنىڭدىن تولىمۇ رازى بولۇپ:

— ئېمىل قارلارنى تازىلاپ يولنى ئېچىپ قويسا، ياغاچچىلىق ئۆيگە بېرىش ئاسانغا توختايدۇ، چۈنكى ھېچكىم ئۇنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئۇ يەرگە پالىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ - دە. ئۇنىڭ كاللىسى بەك ئىشلەيدۇ جۇمۇ؟ — دېدى.

كالۋا لىنا، ئۇ ئېمىلنىڭ ئارفىلدنىڭ يېنىغا بارماقچى

www.uyghurkitap.com



ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ بىلسۇن!

ئېمىل يىلىلىقچىلار ئۆيىگە كىردى، ئۇ يەر بەك سوغۇق ئىدى. ئارفىلد قاتلىنىدىغان سافادا ياتاتتى، ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇسى، ھەتتا تاماقمۇ يېگۈسىمۇ يوق ئىدى.

— قورسىقىم ئاچمىدى، — دېدى ئۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئېمىل تېخىمۇ ئەنسىرىگىلى تۇردى. ئەگەر ئارفىلدنىڭ بىرنېمە يېگۈسى بولمىسا، بۇ ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئېمىل ئالدى بىلەن مەشكە ئازراق ئوتۇن سېلىپ، ئوت ياقتى، ئاندىن بېرىپ ئاپىسىنى چاقىردى. ئاپىسى كەلدى، ئېمىلنىڭ دادىسى، لىنا، كلۇشا مايا ۋە كىچىك ئىدامۇ كەلدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئارفىلدنىڭ كېسىلىدىن ئەنسىرىگىلى تۇرغانىدى.

بىچارە ئارفىلد كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ياتاتتى. بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەن بولسىمۇ، توڭلىغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى. بىرنەچچە قىزىل سىزىق قولتۇقىغا يېقىنلىشىپ قالغان، قارىماققا بەك قورقۇنچلۇق ئىدى.



كلۇشا مايا بىشىنى چايقىغىنىچە:

— ئۇ قىزىل سىزىقلار يۇرىكىگە بارسا، ئۇ تۈگىشىدۇ، جېنىدىن ئايرىلىدۇ، — دېدى ئاشۇرۇپ.

— تولا جۆيلۈمىگىنە، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى. لېكىن، كلۇشا مايانىڭ ئاغزىنى بېسىشمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇ لۇننابىيەدىلا ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قان زەھەرلىنىشتىن ئۆلگەنلىكىنى بىلەتتى، ھەتتا ئۆلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرەلەيتتى.

— لېكىن، بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئارفىلدتىن ۋاز كەچسەك بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

ئۇ ئەگەر ئارفىلدنىڭ بىر تۇتام چېچى بىلەن كۆكلىكىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئازراق كېسىپ، يېرىم كېچىدە ئۆيىنىڭ شىمال تەرىپىگە كۆمۈپ قويۇپ، ئاندىن دۇرۇت ئوقۇسا، ئۇمىد بارلىقىغا ئىشىنەتتى.

— دۇرۇتنى ئۆزۈم ئوقۇيمەن، سۇف، سۇف - سۇف، قايسى جىننىڭ يېنىدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يېرىڭگە كەت، شۇنداق قىلغىن، سۇف - سۇف - سۇف، — دېدى ئۇ.

ئېمىلنىڭ دادىسى ئېغىز ئاچتى:

— ئارفىلد قولىنى كېسىۋالغاندا دۇرۇت ئوقۇغان، يەنە ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇ يېتىدۇ. ھاۋا بۇنداق ناچار تۇرسا، ئەگەر چوقۇم يېرىم كېچىدە ئۆيىنىڭ شىمال تەرىپىگە بىرنېمە كۆمۈشكە توغرا كەلسە، ئۇنداقتا كلۇشا مايانى ئاۋارە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كلۇشا مايانىڭ يېلى چىقتى.

— ھەي، ئۇنداقتا پۇشايمان پۇتۇلگەننى كۆرمەي ئامال يوق، ھەي - ھەي! — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئېمىلنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— بۇ قېرىنىڭ نېمە دېگىنى! ئارفىلد ساقىيىپ كېتىدۇ، ئاڭلىدىڭمۇ؟

بۇ چاغدا كلۇشا مايا دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتتى:

— توغرا دېدىڭ، ئۇ ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

ئۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرماقچى بولغاندەك، يەنە ياتقان ئارفىلدنى پەپىلەپ قويۇپ، زور ئىشەنچ بىلەن:

— ماڭا ئايان، چوقۇم ئوڭشىلىپ كېتىسەن، ئارفىلد، — دېدى. ئارقىدىن يىللىقچىلار ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ تۇرۇپ، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك شىۋىرلىدى، — لېكىن ئىشىك شۇنچە تار تۇرسا، مېيىت ساندۇقىنى قانداق ئەكىرىش كېرەك.

ئېمىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاۋازىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئەنسىرىگىنىچە دادىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ئاپام دېگەندەك، ئارفىلدنى مارىئاننالوندتىكى ھېلىقى دوختۇرنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ باقايلى، — دېدى.

بۇ چاغدا ئېمىلنىڭ ئاتا - ئانىسى «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى. بۇنداق ھاۋادا ئۇ يەرگە قانداقمۇ بارغىلى بولسۇن؟ بولمايدۇ، بۇ ئۇلارغا ئايان ئىدى. راستىلا چارە قالمىدى، لېكىن ئېمىلغا بۇنى چۈشەندۈرۈش تولىمۇ تەس ئىدى. دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئەلۋەتتە ئامال قىلىپ ئارفىلدقا ياردەم قىلغۇسى بار، پەقەت قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇلار ئېمىلنىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدى. ئېمىلنىڭ دادىسى ھېچنېمە دېمەي سىرتقا چىقىپ كەتتى، لېكىن ئېمىل بولدى قىلمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ كەينىگە كىرىپلىۋالدى. دادىسى نەگە بارسا شۇ يەرگە باردى،

خۇددى سارائدەكلا يىغلىدى، غەلۋە قىلدى، ئۆتۈندى، ۋارقىرىدى، ھەتتا قورقۇتتى. خۇداغا شۈكۈر، ھەرنېمە بولسا دادىسى ئاچچىقلانمىدى، پەقەت ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:


— ئامال يوق، ئېمىل، سەنمۇ بىلىسەن، ئامال قىلالمايمىز، — دېدى.

لىنا بولسا ئاشخانا ئۆيدە ئولتۇرۇپ خىرتىلداپ يىغلاۋاتاتتى:

— ئەسلىدە ئەتىيازدا توي قىلارمىز دېگەنىدىم، ھەي، ئەمدىلىكتە ھەممىسى كۆپۈككە ئايلاندى. ئارفىلد ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ، مەن يالغۇز بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتىمەن، تۆت دانە يوتقان قېپى، نېمىدېگەن چىرايلىق ئىدى - ھە!

ئارفىلدقا ھېچكىمنىڭ ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ئېمىل ئاخىر چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يىللىقچىلار ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ئارفىلدنىڭ يېنىدا ساق بىر كۈن ئولتۇردى، بۇ كۈن ئېمىلنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزاق بىر كۈن بولدى. ئارفىلد كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغان پېتى ياتاتتى، ئاندا - ساندا كۆزىنى ئېچىپ قاراپ قويۇپ:

— سەنمىدىڭ، ئېمىل! — دەپ قوياتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېمىل دېرىزە سىرتىدىكى لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قارىدى. شۇ تاپتا ئۇ قارغا شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭ غەزەپ ئوتلىرى پۈتۈن لۆننابېيە، پۈتۈن سمالاندتىكى قارلارنى ئېرىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئىدى. قارىغاندا، تەڭرىم پۈتۈن دۇنيانى قار بىلەن كۆمۈۋەتمەكچى ئوخشايدۇ، چۈنكى قار توختىماي يېغىۋاتاتتى.

قىش پەسلىنىڭ كۈندۈزى تولىمۇ قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئېمىلغا ئوخشاش بىمارنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇرغان كىشىگە تولىمۇ ئۇزاق تۇيۇلىدۇ. كۈن بىر دەمدىلا ئولتۇرۇپ، ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

— سەنمىدىڭ، ئېمىل، — دېدى ئارفىلد يەنە بىر قېتىم، ئۇنىڭ گەپ قىلىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ قېلىۋاتاتتى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئېمىل بىلەن ئارفىلدنى ئىچسۇن دەپ شورپا ئەكىردى، لېكىن ئارفىلدنىڭ تاماققا رايى يوق ئىدى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە چىقىپ كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ خېلىدىن كېيىن لىنا ئېمىلنى قايتىپ كىرىپ ئۇخلاشقا دەۋەت قىلىپ كىردى. ھەي، قارا ئۇلارنى، مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئۇخلاش يادىغا كەلگىنىنى!

— مەن ئارفىلدنىڭ يېنىدىكى پولدىلا ئۇخلايمەن، — دېدى ئېمىل، ئۇ راستىلا شۇنداق قىلدى.

ئۇ كونا بىر تۆشەك بىلەن ئاتقا يېپىپ قويىدىغان ئەدىيالنى تېپىپ چىقتى، بۇنىڭدىن ئوشۇق نەرسىنىمۇ ئۇ كېرەك قىلمايتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۇيقۇسىمۇ كەلمىگەنىدى. ئۇ مۇشۇ يەردە ئوچاقتىكى قىپقىزىل ئوت يالقۇنىغا قارىغىنىچە سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتتى، ئارفىلدنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئىڭرىغىنى ۋە تېز - تېز نەپەس ئالغىنى ئاڭلىناتتى.

بەزىدە ئۇنىڭ كۆزىمۇ ئۇيقۇغا كېتىپ قالاتتى، لېكىن ھەر قېتىم تېزلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قەلبى قاتتىق ئازابلىناتتى... كېچە ئۇزارغانسېرى، بىرەر ئىش چىقمىدىغاندەك، بۇ ئىشنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ياق، بۇنداق بولۇشىغا يول قويماسلىق كېرەك.

بۇ چاغدا تاڭ سەھەر سائەت تۆت بولغانىدى، ئېمىل يولدا ئۆلۈپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ، تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، ئارفىلدنى مارىئاننالوندقا ئېلىپ بېرىپ دوختۇرغا كۆرسىتىش قارارىغا كەلدى.

«سەن بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتساڭ بولمايدۇ، ئارفىلد، ياق، سەن بۇنداق قىلساڭ ھەرگىز بولمايدۇ!»

ئۇ بۇ گەپنى تېشىغا چىقارماي، پەقەت ئىچىدە ئويلىدى، لېكىن ئۇ نېمىدېگەن ئەتراپلىق ئويلىغان - ھە! ئۇ دەرھال ھەرىكەتنى باشلىدى. باشقىلار ئويغىنىشتىن بۇرۇن ياكى توسالغۇغا ئۇچراشتىن بۇرۇن يولغا چىقىپ كېتىشى كېرەك. لىنانىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنەكلەرنى سېغىشىغا يەنە بىر سائەت بار، بۇ بىر سائەت ئىچىدە ئۇ بارلىق ئىشلارنى پۈتكۈزۈشى كېرەك.

بىر سائەت ئىچىدە ئېمىل قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بارلىق تەييارلىقلارنى قانداق پۈتكۈزگىنىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇ لاپاستىن چاننى، ئېغىلدىن لۇكاسنى ئاچىقىپ ئۇنىڭغا چاننى قاتتى، ئارفىلدنى كارىۋاتتىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، بىر ئاماللارنى قىلىپ چانىغا چىقاردى، ئارفىلد ھەممە سالمىقىنى ئېمىلغا چۈشۈرگەنلىكتىن، ئۇنى ھارۋىغا چىقىرىش كىچىككىنە ئېمىلغا تولىمۇ تەسكە توختىدى. ئارفىلد چانىغا ئەپلەپ چىقىۋالغاندىن كېيىن، قوي تېرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈكتەك يېتىپ قالدى.

ئېمىل ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى مەھكەم يۆگەپ، پەقەت بۇرنىنىلا ئوچۇق قويدى، ئاندىن ئۆزى چانىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، لۇكاسنىڭ بوجىسىنى يېنىككىنە بىر سىلكىدى ـ دە، چانىنى ئورنىدىن قوزغىدى. لۇكاس گۇمان بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئېمىلغا قاراپ قويىاتتى. دېمىسىمۇ، بۇنداق قېلىن قاردا سىرتقا چىقىش زادىلا بولۇپ باقمىغان تەۋەككۇلچىلىك ـ دە، بۇنى ئېمىل بىلمەمدۇ؟


— مۇشۇنداق بولسۇن، مەن بىر نىيەتكە كېلىپ بولدۇم، بۇ ساتا باغلىق، لۇكاس! — دېدى ئېمىل لۇكاسنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك.

ئاشخانا ئۆيىنىڭ چىرىغى يورۇدى، دېمەك لىنا ئورنىدىن تۇرغاندى. ئاخىرقى بىر مىنۇتتا ئېمىل چانىنى ھەيدەپ كارتخۇلد قورۇقىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۇچقاندەك چىقتى ـ دە، قار ـ شىۋىرغان قاپلىغان يولدا كۆزلىگەن مەنزىلگە يۈرۈپ كەتتى.

ۋاھ ! نېمىدېگەن ناچار ھاۋا بۇ ! قارلار ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا



كىرىپ، كۆزلىرىنى توسۇۋېلىۋاتاتتى. ئۇ ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى، ھېچبولمىغاندا يولنى بولسىمۇ پەرق ئېتەلىسە بولاتتى. يۈز - كۆزلىرىدىكى قارنى سۈرتۈپ تۇرسىمۇ، يەنىلا يولنى كۆرەلمىدى، چاندىكى ئىككى پەنەرمۇ كارغا كەلمىدى. يەر يۈزىدە يولنىڭ ئىزناسى يوق، ھەممە يەر قېلىن قار بىلەن قاپلانغانىدى. لېكىن، لۇكاس مارىئاننالوندقا كۆپ قېتىم بارغاچقا، ئۆزىنىڭ ھايۋانلارغا خاس تۇغما سېزىمىگە تايىنىپ يولنى توغرا تېپىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كارامىتىنى كۆرسەتتى، قېلىن قار ئىچىدە چاننى بىخەتەر سۆرەپ كېتىۋاتاتتى، ھەر قېتىم چانا پېتىپ قالغاندا، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالدىغا سىلجىيتتى، شۇڭا ئۇلار بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئېمىل پات - پات چاندىن چۈشۈپ ئالدىنى توسۇۋالغان قارلارنى بىر يانغا تۈرتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قوتازدەك كۈچى بار تۇرسا! ئېمىل بۇ كېچىدە قار تۈرتكىنىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ئادەم ماڭىدىغان يولى قالمىغاندا قەيسەر بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ لۇكاسقا.

ئېمىل راستىلا قەيسەر ئىكەن، ئالدىنقى بەش كىلومېتىر يولنى خېلى ئوڭۇشلۇق باسقىنى بىلەن، كېيىنكى يولنى ماڭماق تەس بولۇپ، ئېمىلغا نىسبەتەن بىر ئاپەت بولدى. ئۇ ھارغىنىدى، قولىدىكى گۈرجەكمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئېمىل ئاخىر ئۇنى تۇتالمايلا قالدى. ئۆتىكىنىڭ ئىچى قار بىلەن توشۇپ كەتكەچكە، پۇتلىرى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى، قوللىرى، قۇلاقلىرى ئاللىقاچان ئۇششۇپ قالغان، گەرچە شىۋىرغاندا ئۈچۈپ كەتمىسۇن دەپ قۇلاقچىسىنىڭ سالپىڭىنى چۈشۈرۈۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا دال بولمىدى. ھەقىقەتەن ئاپەت بولۇۋاتاتتى، ئېمىل بارا ـ بارا جۈرئىتىنى يوقاتقىلى تۇردى، ئويلاپ باقسا، دادىسىنىڭ: «ئامال يوق، ئېمىل، سەنمۇ بىلىسەن، ئامال قىلالمايمىز» دېگىنى پۇتۇنلەي توغرا چىقىۋاتاتتى.

لۇكاسمۇ بىلىنى قويۇۋەتتى. چانا تولا پېتىپ قېلىپ، سۆرىمەك بارغانسېرى تەسكە توختاۋاتاتتى. ئېمىل ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى — چانا تۈيۇقسىز سۇ ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتتى.

شۇنداق، ئۇلار سۇ ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتتى، لۇكاس قانچە كۈچەپ تارتسىمۇ، ئېمىل قانچە كۈچەپ ئىتتەرسىمۇ پايدىسى بولمىدى، بەك كۈچەپ كەتكەنلىكتىن ئېمىلنىڭ بۇرنىدىن قان چىقىپ كەتتى، لېكىن چانا جايىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى.

بۇ چاغدا ئېمىل دەرغەزەپكە كەلدى، ئۇ شىۋىرغاندىن، قاتتىق يېغىۋاتقان قاردىن، چانىدىن، سۇ ئازگىلىدىن ... ھەممە نەرسىدىن شۇنداق بىزار بولدى، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئەقلىنى خورىتىپ بولغانىدى. ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ شۇنداق

بىر ۋارقىرىدىكى، خۇددى ئەلمىساقتىن بۇيان بۇنداق ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغاندەك، لۇكاس قورققىنىدىن چۆچۈپ كەتتى، ئارفىلدمۇ قورقۇپ كەتتىغۇ دەيمەن، لېكىن ئۇنىڭ زادىلا ماغدۇرى قالمىغانىدى. ئېمىل ئۆزىمۇ تۇرۇپلا قورقۇپ قالدى، ئۇ قايتا يەنە ۋارقىرىمىدى.

— سەن ھاياتمۇ، ئارفىلد؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەنسىرەپ.

— ياق، مەن ئۆلدىمغۇ دەيمەن، — دېدى ئارفىلد بوش، غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا. بۇنى ئاڭلاپ ئېمىلنىڭ ئاچچىقى ياندى، قەلبىدە پەقەت ئازابلا قالدى. ئۇ شۇنچىلىك غېرىبلىق ھېس قىلدى، گەرچە ئارفىلد چاندا ھايات ياتقان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى يەنىلا يۆلەنچۈكسىز، غېرىب ھېس قىلدى. ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، ئۆزىنى قار ئۈستىگە تاشلاپ تاتلىق بىر ئۇخلىۋېلىش ئارقىلىق بۇ ئىشتىن بىراقلا قۇتۇلغۇسى كەلدى.

يولدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر قورۇ بولۇپ، ئۇ دەل ئېمىل تورت ياسايدىغان ئۆي دەپ ئاتايدىغان يەر ئىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئېغىلى تەرەپتىن كېلىۋاتقان يورۇقنى كۆرۈپ ئېمىلدا ئازراق ئۈمىد پەيدا بولدى.

— مەن ياردەم سوراپ كېلەي، ئارفىلد، — دېدى ئۇ، لېكىن ئارفىلد جاۋاب بەرمىدى. ئېمىل ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قېلىن قارنى كېچىپ ئۆتۈپ ئېغىلغا كىرگىنىدە، ئۇ بىر قار ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

تەلىيىگە، تورت ياسايدىغان ھېلىقى دېھقان قوتاندا ئىدى، ئۇ كارتخۇلد قورۇقىدىكى ئېمىلنىڭ ئىشىك ئالدىدا قارغا كۆمۈلۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، بالىنىڭ بۇرنىدىن قان، كۆزىدىن توختىماي ياش ئېقىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ئېمىل ئۇنى كۆرۈپلا يىغلىۋەتتى، ئۇ راستىلا ئامالسىز قالغانىدى، ئۇ بۇ دېھقاننى بۇنچە قاتتىق قاردا سىرتقا چىقىرىشنىڭ ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. دېھقان نائىلاج ماقۇل بولدى، چۈنكى ئۇ چوقۇم ياردەم قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، گەرچە كوتۇلداپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئات، تانا، كالتەكلەرنى تېپىپ كېلىپ، چاننىنى سۇ ئازگىلىدىن تارتىپ چىقتى.

ئەگەر بۇ دېھقاندا ئازراق ئىچ ئاغرىتىش دەيدىغان نەرسە بولغان بولسا، ئېمىلنىڭ مارىئاننالوندىغا بېرىۋېلىشىغا بىر ئامال قىلىپ ياردەم قىلغان بولاتتى، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئېمىل بىلەن لۇكاس تەنھا، يۆلەنچۈكسىز ھالدا قار دۆۋىلىرىنى كېچىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. گەرچە ھەر ئىككىلىسى تەن بەرمەيۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قەتئىي مادارى قالمىغانىدى، مىڭ تەستە بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەيتتى، ئاخىر ئېمىلدا گۆرجەكنى مىدىرلاتقۇدەكمۇ مادار قالمىدى.

— مەن بولالمىدىم، ئارفىلد، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ. بۇ چاغدا مارىئاننالوندقا پەقەت بىرنەچچە كىلومېتىرلا قالغانىدى، نىشانغا شۇنچە يېقىنلاپ قالغان تۇرسا، ۋاز كەچمەك شۇنچە ئوڭايمۇ؟

ئارفىلدتىن ئاۋاز چىقمىدى. ئېمىل ئۇنى «ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ قالدى. لۇكاس خۇددى بۇنىڭغا ئۆزى سەۋەبچىدەك بوينىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى، ئۇنىڭمۇ مادارى قالمىغانىدى.

ئېمىل چانىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئۈن - تىنسىز يىغلىدى، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا قار توختىماي چۈشۈۋاتاتتى، ئۇ مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىدى، قانداق ياغقۇسى كەلسە يېغىۋەرسۇن، قانچىلىك ياغسىمۇ پەرۋايى پەلەك.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قاردا ئولتۇرغان پېتى ئۇخلىماقچى بولدى، بۇنداق ئۇخلىسا ئېمىدىگەن پەيزى!

بۇ چاغدا قاتتىق قار بىلەن زىمىستان سوغۇق يوقالدى، كۆز ئالدىدا ياز مەنزىرىسى، ھەممە يەرنى يېشىللىق قاپلىغانىدى. ئۇ ئارفىلد بىلەن كارتخۇلد قورۇقىنىڭ كۆلىدە سۇ ئۈزۈۋاتاتتى. ئارفىلد تېخى ئېمىلغا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ۋاي دۆت! ئېمىلنىڭ سۇ ئۈزۈشنى ئاللىبۇرۇن ئۆگىنىپ بولغىنىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىنا؟ بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۆزى ئۆگەتكەنغۇ، ئۇنتۇپ قالغىنىنى قارا! ئۆزىنىڭ قالتىس ئۈزىدىغىنىنى ئارفىلدقا بىر كۆرسىتىپ قويمىسا! كېيىن ئىككىسى بىللە سۇ ئۈزۈپ بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى، سۇ ئىچى ئېمىدىگەن راھەت!

— سەن بىلەن مەن، ئارفىلد! — دېدى ئېمىل. ئۇ ئارفىلدنىڭ بۇرۇنقىدەك: «مەن ئىشىنىمەن، سەن بىلەن مەن، ئېمىل» دەپ جاۋاب بېرىشىنى كۈتتى، لېكىن قۇلىقىغا

ئاڭلانغىنى قوڭغۇراق ئاۋازى بولدى، چوقۇم خاتا ئاڭلاپ قالدى، سۇ ئىچىدە قوڭغۇراق ئاۋازى نېمە قىلسۇن؟


ئېمىل چۆشىدىن ئويغاندى، ئۇ كۆزىنى تەستە ئېچىپ بىر قار تازىلاش ماشىنىسىنى كۆردى! ئاھ! راستلا مارىئاننالوندتەرەپتىن كەلگەن قار تازىلاش ماشىنىسى ئىدى. ماشىنىدىكى ئادەم ئېمىلنى كۆرۈپ، لۆننابىيە رايونىدىكى كارتخۆلد قورۇقىدىن كەلگەن، ئۈستىبېشىنى قار باسقان ئەزىمەتتەك بىر ئوغۇل بالىنى ئەمەس، بەلكى بىر ئەرۋاھنى كۆرگەندەك بولدى.

— ئېچىلغان بۇ يول مارىئاننالوندغا بارامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئېمىل تاقەتسىزلىك بىلەن.

— شۇنداق، ئەگەر ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىساڭ، يېرىم سائەتتىن كېيىن يول يەنە ئېتىلىپ قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى شوپۇر.

يېرىم سائەت ئېمىلغا نىسبەتەن يېتىپ ئېشىپ قالاتتى.

ئېمىل دوختۇرنىڭ نۆۋەت كۈتۈش ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرگىنىدە، ئۇ يەر ئادەم بىلەن لىق تولغانىكەن. دوختۇر كېسەل



كۆرۈش ئۆيىدىن بېشىنى چىقىرىپ كىمگە نۆۋەت كەلگەنلىكىنى بىلمەكچى بولغانىدى، دەل شۇ چاغدا ئېمىل قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە:


— ئارفىلد تالادىكى چانا ئۈستىدە، ئۇ ئۆلدى، — دېدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گېپىدىن ئەمەس، بەلكى پەيلىدىن قورقۇپ كېتىشتى.

دوختۇر ئوبدان ئادەم ئىدى. ئۇ نۆۋەت ساقلاپ تۇرغان بىرنەچچە كىشى بىلەن بىللە تېزدىن ئارفىلدنى ئۆيگە ئەكىرىپ، ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە قويدى، ئارفىلدغا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئۆيۈڭلەرگە قايتىپ كېتىڭلار، خانىملار، ئەپەندىلەر! ھازىر مېنىڭ قىلىدىغان جىددىي ئىشىم چىقىپ قالدى، — دېدى.

ئېمىل ئەسلىدە ئارفىلدنى دوختۇرنىڭ يېنىغا بارسىلا ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇ دوختۇرنىڭمۇ كلۇشا مايادەك بېشىنى چايقىغىنىنى كۆرۈپ قورقتى. ئويلاپ بېقىڭە، شۇنچە جاپا تارتىپ، ئاخىردا يەنىلا ئۆلگۈرەلمىگەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولسا... ئەگەر ئارفىلدنى راستلا قوتقۇزغىلى بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ بۇلارنى ئويلاپ ئىنتايىن ئازابلاندى، كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە دوختۇرغا ئىلتىجا قىلدى:

— ئەگەر ئۇنى ساقايتسىڭىز، مېنىڭ ئېتىمنى ئالسىڭىزمۇ، چوشقامنى ئالسىڭىزمۇ مەيلى، پەقەت ئۇنى ساقايتسىڭىزلا بولدى، سىز ئۇنىڭ ساقىيىشىغا ئىشىنىشىڭىز كېرەك !

دوختۇر ئېمىلغا ئۇزاق قاراپ كەتكەندىن كېيىن:

— تىرىشىمەن، لېكىن كاپالەت بېرەلمەيمەن ! — دېدى.

ئارفىلد باياتىن خۇددى تىنىقتىن قالغان ئادەمدەك ياتقانىدى، بىردىنلا كۆزىنى ئېچىپ، ھەيرانلىق بىلەن ئېمىلغا قاراپ:

— سەن ئىكەنسەنغۇ، ئېمىل؟ — دېدى.

— شۇنداق، ئۇ ئېمىل، — دېدى دوختۇر، — ئۇ ئەڭ ياخشىسى چىقىپ تۇرسۇن، چۈنكى مەن ھازىر سېنى ئوپېراتسىيە قىلىمەن، ئارفىلد !

بۇ چاغدا كىشىلەر ئارفىلدنىڭ كۆزلىرىدىن ئاز - تولا ئەندىشىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ ئوپېراتسىيەدىن قورقاتتى.

— ئۇ سەل قورقۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئەڭ ياخشىسى مەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇراي، — دېدى ئېمىل.

دوختۇر بۇنىڭغا قوشۇلدى.

— بولىدۇ، سەن ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلەلىگەندىن كېيىن، بۇنچىلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسەنغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ.

ئېمىل ئارفىلدنىڭ ساق قولىنى مەھكەم تۇتتى، دوختۇر ئۇنىڭ يەنە بىر قولىنى ئوپېراتسىيە قىلدى. ئارفىلد غىڭ قىلىپمۇ قويمىدى، يا ۋارقىراپ - جارقىرىمىدى، يا يىغلىمىدى، پەقەت ئېمىل بوش ئاۋازدا ئازراقلا يىغلىدى، لېكىن بۇنى

ھېچكىم بايقىمىدى. مىلاد كېچىسىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاندىن ئېمىل ئارفىلدنى ئۆيگە ئېلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كارامەت ئىش ئىزلىرىدىن خەۋەر تېپىپ بولغان پۈتۈن لۈننابىيەلىكلەر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدى.

— كارتخۇلد قورۇقىدىكى ئۇ بالىنى مەن ئەزەلدىنلا ياخشى كۆرەتتىم، — دېيىشتى ئۇلار بىردەك، — ھېچ چۈشەنمىدىم، بەزىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇنى توختىماي ئەيىبلەيدىغاندۇ؟ ئازراق كەپسىزلىك قىلىپ قويىدىغان يېرىلا بارغۇ شۇ، لېكىن ئوغۇل بالا دېگەننىڭ قايسى بىرسى ئۇنداق ئەمەس؟

ئېمىل يەنە دوختۇرنىڭ ئاپىسى بىلەن دادىسىغا يازغان بىر پارچە خېتىنىمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى، خەتتە مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار ئىدى:

«سىلەرنىڭ پەخىرلىنىشكە ئەرزىگۈدەك بىر ئوغلۇڭلار بار ئىكەن.»

ئېمىلنىڭ ئاپىسى بولسا ئۆزىنىڭ كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق دەپ يازدى:

«پەرۋەردىگار، دائىم ئۇنىڭ ئۈچۈن غەم يەپ يۈرىدىغان مېنىڭدەك بىر ئانىنىڭ قەلبىگە مۇشۇ بىر جۈملە گەپلا نېمىدېگەن زور تەسەللى - ھە ! بۇنى پۈتۈن رايوندىكىلەرگە يەتكۈزمىسەم بولمايدۇ.»

لېكىن، كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەرنىڭ بۇ كۈنلەرنى قانچىلىك ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگىنىنى بىلەمسىز؟ ئاشۇ كۈنى سەھەردە ئېمىل بىلەن ئارفىلدنىڭ غايىب بولغىنىنى بايقىغاندىن

كېيىن، ئېمىلنىڭ دادىسى زىيادە جىددىيلەشكەنلىكتىن قورسىقى ئاغرىپ يېتىپ قالدى، ئەمدى بۇ ئۆمرىدە ئېمىلنى قايتا كۆرەلەيدىغانلىقىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. كېيىن مارىئاننالۇندتىن خەۋەر كەلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، ئېمىل ئۆزىنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن يۈگۈرگىنىچە دادىسى ياتقان ھۇجرىغا كىرگىنىدىمۇ، دادىسىنىڭ قورساق ئاغرىقى تېخى توختىمىغانىدى. ئېمىلنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن دادىسىنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى:

— سەن مېنىڭ يارامLIQ ئوغلۇم، ئېمىل، — دېدى ئۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئېمىلنىڭ يۈرەكلىرى يايراپ كەتتى. بۇ ئېمىلنىڭ دادىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى پەخىرلەنگەن ھالدا:

— توغرا، بىزنىڭ ئېمىلنىڭ قولىدىن ھەقىقەتەن ئىش كېلىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئېمىلنىڭ دادىسى ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قورسىقىنىڭ ئۈستىگە قىزىتىلغان تۇۋاقنى قويۇپ كارىۋاتتا ياتاتتى، چۈنكى ئۇ مۇشۇنداق قىلسا سەل راھەت ھېس قىلىۋاتاتتى. ھازىر تۇۋاق سوۋۇپ قېلىپ، قايتا قىزىتىشقا توغرا كەلگەنىدى.

— بۇنى مەن قىلالايمەن، — دېدى ئېمىل تەشەببۇسكارلىق بىلەن، — ھازىر بىمارغا قاراشقا ئۇستا بولۇپ كەتتىم.

ئېمىلنىڭ دادىسى خۇش بولۇپ، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمىسە سەن ماڭا بىر ئىستاكان مېۋە شەربىتى ئەكىرىپ بەرگىن، — دېدى ئۇ ئېمىلنىڭ ئاپىسىغا. راست، ئۇ ھازىر كارىۋاتتا بەھۇزۇر ياتىدۇ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشىمۇ بار

تېخى ! شۇڭا، ئۆزىنى ناھايىتى ياخشى ھېس قىلىۋاتاتتى.

ئەمما، ئېمىلنىڭ ئاپىسىنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشى چىقىپ قېلىپ، مېۋە شەربىتىنى ئەكىرىشكە سەل كېچىكىپ قالدى. ئۇ ئەمدىلا مېۋە شەربىتىنى قويۇپ تۇرۇشىغا، ياتاق ئۆي تەرەپتىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ دەل ئېمىلنىڭ دادىسى ئىدى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى ھايال بولمايلا ياتاق ئۆيگە كىردى، ئۇ كىرىشى بىلەن تەڭ تۇۋاق ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇۋىدى، مېۋە شەربىتىنىڭ ھەممىسى تۇۋاق ئۈستىگە تۆكۈلۈپ، پىژىلدىغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

— ھەي پالاكەت بالام، كىم سېنى تۇۋاقنى شۇنچە قىزىتىۋەت دېدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بىر ياندا تۇرغان ئېمىلدىن.

— مەن تېخى داغمالدەك قىزىق بولۇشى كېرەك دەپ قاپتىمەن، — دېدى ئېمىل.

كېيىن ئىش ئايدىڭ بولدى، ئەسلىدە ئېمىل تۇۋاقنى قىزىتىپ كىرگۈچە ئېمىلنىڭ دادىسى ئۇخلاپ قالغانىكەن، ئېمىل قايتىپ كىرىپ دادىسىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنى ئويغاتقۇسى كەلمەي، تۇۋاقنى ئاستىلا يوتقاننىڭ ئىچىگە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سىلىپ دادىسىنىڭ قورسىقىغا قويۇپ قويغان. ھەي ! ئەپسۇس، تۆۋاق بەك قىزىپ كەتكەندى.


ئېمىلنىڭ ئاپىسى بىر ئامال قىلىپ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— بولدى، بولدى، سىزگە دورا ئەكېلىپ بېرەي.

ئېمىلنىڭ دادىسى ئورنىدىن تۇردى ۋە ئېمىلنىڭ ئۆيگە ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ كېسىلىنىڭ ساقىيىپ قالغانلىقىنى، ئەمدى ئارفىلدنى يوقلاپ چىققۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

بىر بىلىكى تېڭىقلىق ئارفىلد ئاشخانا ئۆيدە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى سىرىقلىق تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن، شۇنداقتىمۇ ناھايىتى خۇشال ھەم رازى ئىدى. لىنامۇ خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇ ئەسلىدە بۈگۈن كلۇشا مايا بىلەن مىلاد بايرىمىدىن بۇرۇن بارلىق مىس بۇيۇملارنى — قازان، تەخسە، چەينەكلەرنى پارقىرىتىۋەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن لىنا زادى بېسىپ ئىش قىلالمىدى، ئۇ بىر قولىدا دەسمال، بىر قولىدا پەتنۇس، خۇددى ئاشخانىدىن تۇيۇقسىز بىر پارچە ئالتۇن تېپىۋالغاندەك، ئارفىلدنىڭ يېنىدىن كېتەلمىدى. كېچىك ئىدامۇ ئارفىلدتىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى، چۈنكى شۇ تاپتا ئالدىدا ئولتۇرغىنىنىڭ يەنىلا بۇرۇنقى ئارفىلد ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى.

كلۇشا مايا بۇ ئۆمرىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانغا تازا بىر پۇرسەت تاپقانىدى. ئۇ قاندىن زەھەرلىنىش توغرۇلۇق ئاغزىدىن كۆپۈك قايىنىتىپ بولۇشىغا سۆزلىدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئارفىلدنىڭ يەيدىغان رىزقى بار ئىكەن، بۇنىڭدىن خۇش بولۇشى كېرەك ئىكەن.



— لېكىن، ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمە، سەنمۇ بىلىسەن، قاندىن زەھەرلەنسە ئۇزاقتا ساقىيىدۇ، ساقايغاندىمۇ قايتىلىنىشى مۇمكىن. راست شۇنداق بولىدۇ، يالغان دېمىدىم، — دېدى ئارقىدىنلا.

كارتخۇلد قورۇقىدىكىلەر شۇ كۈنى كەچنى شاد - خۇرام ئۆتكۈزدى. ئېمىلنىڭ ئاپىسى يېڭىدىن تەييارلىغان قېزىنى ئاچىقتى، ئۇلار ئىسمى جىسمىغا لايىق قېزا زىياپىتى ئۆتكۈزدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى — ئېمىل، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئىدا، ئارفىلد، لىنا بىلەن كىلۇشا مايا ھەقىقىي مىلاد بايرىمىلىق كەيپىياتقا چۆمۈپ تاماقخانىدا ئولتۇرۇشاتتى، شىرەنىڭ ئۈستىدە شام يېقىقلىق، يەنە باشقا نەرسىلەرمۇ تىزىقلىق ئىدى. پاھ! بۇ كېچە ھەقىقەتەن بىر مىلاد كېچىسىگە ئوخشىغانىدى. كۆپچىلىك قېزا يېيىشكە باشلىدى، ماي بىلەن سۈس سارغايتىلغان مەززىلىك قېزا، تېخى ئۈستىگە يېڭى قايناتقان ئېيىقئۇزۇمى مۇرابباسى سۈرتۈلگەن، ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولۇپمۇ ئارفىلد، گەرچە ئۇ بىر قولى بىلەن تازا ئەپلىشەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بوش كەلمەي ھەممىدىن كۆپ يېدى.

لىنا مۇھەببەتلىك نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا خېلىغىچە قاراپ كەتتى، چۈنكى بىر ياخشى ئىش ئۇنىڭ يادىغا كەلگەنىدى.

— ھەي، ئارفىلد، سەن قاندىن زەھەرلەنمىگەندىن كېيىن، بىز ئەتىيازدا توي قىلىۋالساق بولار؟

بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەن ئارفىلد ئېيىقئۈزۈم مۇرابباسىنى ئىشتىنىغا تۆكۈۋالدى.

— بۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ يەنە بىر چوڭ بارمىقىم بار، كىم بىلىدۇ، ئۇ قاندىن زەھەرلىنەمدۇ، يوق؟



— ئەگەر راست شۇنداق بولۇپ قالساڭ، — دېدى ئېمىل، — ئۇ چاغدا سېنىڭ بىرەر نەرسەڭنى ئۆينىڭ شىمال تەرىپىگە كۆمۈپ باقىمەن، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، چۈنكى سېنى مارىئانىلوندقا ھەرگىزمۇ ئېلىپ بارغۇم يوق.

كىلۇشا مايا ئېمىلغا قاراپ ناھايىتى خىجىل بولغان ھالدا:

— ۋاي - ۋۇي، ئۇنىڭ ھەممىسى يالغان، بۇ ئۆزۈمگە ئايان، — دېدى.

كۆپچىلىك دەرقەمتە ئولتۇرۇپ مىلاد بايرىمىلىق شام يورۇقىدا خۇشال - خۇرام بايرامنى تەبرىكلەۋاتقاندا، ئېمىلنىڭ ئاپىسى پەشتامىسىنىڭ يانچۇقىدىن دوختۇرنىڭ ئېمىل توغرۇلۇق يازغان خېتىنى چىقىرىپ كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەردى. بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوققۇ.

خەتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كۆپچىلىك جىممىدە ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، خەت پاساھەتلىك، دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن يېزىلغانىدى.

— خەتتە دېيىلگىنى دەل سەن، ئېمىل.

ئېمىل بەك خىجىل بولۇپ كەتتى، قايسى تەرەپكە قارىۋېلىشنى بىلەلمەي قالدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغىلا تىكىلىپ قالغانىدى، ئۇ بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتى، شۇڭا دېرىزە سىرتىغا قاراپ تۇرۇۋالدى. لېكىن، دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى مەنزىرىمۇ ئادەمنى خۇشال قىلالمايتتى، سىرتتا يەنىلا قار يېغىۋاتاتتى. ئەتە سەھەردە قارنى كىمنىڭ تازىلايدىغىنىنى ئۇ بىلمەيتتى.

ئۇ يەنە بىر تال قېزىنى ئېلىپ ئېغىشكىنىچە يېيىشكە باشلىدى، بىر چاغدا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە يەنىلا قاراۋاتقان - قارىمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قارىدى.

ئاپىسى يەنىلا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى ئوماق ئوغلىدىن ئۈزەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئېمىل شۇنداق ئوماق، قىپقىزىل مەڭزىلىرى، سۇس بۇدۇر چاچلىرى، ئاق كۆڭۈللىكى چىقىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆك كۆزى... ئاپىسى ئۇنى خۇددى بىر مىلاد پەرىشتىسىدەك ھېس قىلدى. دوختۇر دېگەندەك، ئۇ ئېمىلدىن پەخىرلىنىشكە تامامەن ھەقلىق ئىدى.

— غەلىتە ئىش، بەزىدە ئېمىلغا قاراپ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كاتتا بىر كىشى بولۇپ چىقامدىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن، — دېدى ئاپىسى.

ئېمىلنىڭ دادىسى بۇنى تازا چۈشەنمىگەندەك ئىدى.

— قانداق كاتتا ئادەم؟ — سورىدى ئۇ.

— ھە، مەندىن سوراۋاتامسىز؟ بەلكىم... ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى دېگەندەك.

بۇ چاغدا لىنا سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ:

— كىشىلەرگە ئۇنداق كەپسىز ئاھالىلەر كومىتېتى رەئىسى لازىم ئەمەسمىكىن؟ — دېدى.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا ئاليىپ قاراپ قويدى - يۇ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى، پەقەت كۆپچىلىككە قاراپ «قىزىدىن يەنە ئازراق يەڭلار» دەپ ئىشارەت قىلدى.

ئېمىل ئۆزىنىڭ تەخسىسىگە ئازراق قىزا ئالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېيىقئۈزۈمى مۇراباسى سۇرتۇۋېتىپ، ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئويلىدى: «چوڭ بولغاندا ئاھالىلەر كومىتېتى رەئىسى بولسامۇ بولىدۇ! بەربىر ئۇنىڭغا بىر ئادەم رەئىس بولۇشى كېرەك - دە؟»

ئاندىن ئۇ يەنە لىنانىڭ گېپىنى ئويلىدى: «ئەگەر ئۇ كەپسىز

ئاھالىلەر كومىتېتى رەئىسى بولسا، ئۇ چاغدا قانداق كەپسىزلىكلەرنى قىلار؟»

ئۇ ئۆزىگە بىر ئىستاكان سۈت قۇيغاچ داۋاملىق ئويلاندى... ئاھالىلەر كومىتېتى رەئىسىنىڭ كەپسىزلىكى ئادەتتىكى كەپسىزلىكتىن پەرقلىق بولۇشى كېرەك، مۇنداقلا ئويلاپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۇ ئىستاكاننى ئېغىزىغا ئاپارغىنىدا، ئاجايىپ قىزىق بىر كەپسىزلىك يادىغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ سالدى ـ دە، ئاغزىدىكى سۈتنى پۈرقۇۋەتتى، بۈرۈنقىدەك، سۈتنىڭ ھەممىسى يەنىلا دادىسىغا چاچرىدى. لېكىن، بۇ قېتىم دادىسى بەك ئاچچىقلاپ كەتمىدى، دوختۇرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن، كاتتا ئىش قىلغان شەخسنى قانداقمۇ كەلسە ـ كەلمەس سوتلىغىلى بولسۇن؟ ئېمىلنىڭ دادىسى ئۈستىبېشىدىكى سۈتنى پاكىز سۈرتۈۋېتىپ، سەل خاپا بولغاندەك:

— بولدى، ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى قىلىقىدىن مەلۇم بولدى، — دېدى.

— بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى ئېمىلنىڭ ئاپىسى ئەيىبلىگەندەك. شۇنىڭ بىلەن، ئېمىلنىڭ دادىسى ئارتۇق بىرنېمە دېمىدى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغلىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلاندى.

— ئېمىل ئاھالىلەر كومىتېتى رەئىسى بولامدۇ؟ ھەيتاڭـەي، تازا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — ئەگەر پەرۋەردىگار ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، تېنى ساغلام چوڭ بولالىسىلا، ئۇ چوقۇم بىر جاسارەتلىك ئەزىمەت بولۇپ چىقىدۇ.

ئېمىلنىڭ ئاپىسى بېشىنى لىڭشىتىپ، قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— توغرا، توغرا، ئەگەر پەرۋەردىگار قوللىسا !

— ئەگەر ئېمىل خالىسا، — دېدى ئىدا بوش ئاۋاز بىلەن.

ئېمىل كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنداقتا كۈتۈپ تۇرۇڭلار ! — دېدى ئۇ، — ساقلاپ تۇرۇڭلار !

ئەلياتقۇ مەزگىلى بولدى، ھەممىلەن خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىشتى. كارتخۇلد قورۇقىدا، پۈتۈن لۈننابىيە، ھەتتا پۈتۈن سمولاندتا يەنىلا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى.

يوقسۇ، يوقسۇ، دوختۇر ئېمىلنىڭ لۈكاسى بىلەن بىچارە جانىۋارنى ئېلىپ كەتمىدى، بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ !



بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر - باللار نەشرىياتىنىڭ 2009 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى، 2013 - يىلى 10 - ئاي بېيجىڭ 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国少年儿童出版社2009年10月第1版，2013年10北京月第13次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاب ئاسترىد لىندگرېننىڭ ئىجازىتى بويىچە چىقىرىلدى

# كەپسىز ئېمىل

ئاپتورى: ئاسترىد لىندگرېن (شۋېتسىيە)
تەرجىمە قىلغۇچىلار: گۈلنار غوجەش، قەلبىنۇر ئابلىز
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11.375
نەشرى: 2016 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2016 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 19173 - 4
باھاسى: 32.00 يۈەن